# تەڭرىتاغ

## يۇلتۇزغا ئايلانغان بالا

## يامغۇرلۇق گۈگۈم

## ئاياللار ئازادلىقى

## ...ىگىلىك يارىتقۇچى ستۇدېنتلار

...ەدەبىي خاتىرىلەر

5
1999
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىجتىمائىي پەن بويىچە
مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالانغان ژۇرنال


## بۇ زېمىندا يەنە بىر سودا جېڭى كەسكىنلەشمەكتە

## ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسىر ئاخىرىدا ئېيتقانلىرى


TANGRITAG

ISSN 1004-17...
9 771004 174004

# ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى




ئىدارە باشلىقى مەجىت ئابدۇرسۇل



ئىدارە پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى سەي گىڭس



ئىدارە رەھبەرلىرى شىنجاڭ نەشرىياتچىلىق ساھەسىنىڭ 2000 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىماقتا.



# تەڭرىتاغ

## 5
## 1999

# TANGRITAG


باش مۇھەررىر: ھەبىببۇللا مۇھەممەت

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

**تەھرىر ھەيئەتلەر**

مۇرات مەتنىياز، ئىمىن ئەھمىدى، ئازات سۇلتان، بوغدا ئابدۇللا، ماخمۇتجان ئىسلام، مۇختار مەخسۇت، تۇردى ھاشىم، غوپۇر نۇر، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ھەبىبۇللا ئىلياس، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر، ھەبىبۇللا سادىر، ئەكبەر ئېلى.




( قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال )

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
مۇھەررىرلەر: ئەكبەر سالىھ
سەنەۋەر ئۆمەر
ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ
تارقىتىش خادىمى: ئۆمەر ھەسەن
ژۇرنىلىمىز قانۇن مەسلىھەتچىسى:
ئابلىمىت رەھىم

## 50 يىللىق توي سوۋغىسى

خىلۋەتتىكى تۆھپىكار (ئەدەبىي ئاخبارات) ........................ قۇربان توختى 4
ۋەتەن تۇيغۇلىرى (شېئىر) ........................ مەھمۇت زەيدى 8
ئېزىز ۋەتەن ئانامسەن (شېئىر) ........................ تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن 8

## ھېكايىلەر

يامغۇرلۇق گۈگۈم ........................ باھارگۈل ساۋۇت 9
يۇلتۇزغا ئايلانغان بالا ........................ دىلشات نۇرمۇھەممەت 24

## ئەدەبىي ئاخباراتلار

بۇ زېمىندا يەنە بىر سودا جېڭى كەسكىنلەشمەكتە ........................ ۋەلى كېرىم 54

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

جېلىل خېلىل، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابلىكىم ھەسەن، رىسالەت مەردان، بېلقىز تاھىر 43

## يۈزمۇ يۈز

ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسىر ئاخىرىدا ئېيتقانلىرى ..... ئەكرەم ئابدۇمىجىت، نۇرئەخمەت غوپۇر 103

## دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65 —1012 /1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 _ 52
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن

1999/5
ئومۇمىي 76 - سان

# مۇندەرىجە

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

ئەدەبىي خاتىرىلەر ........................... **غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى 83
تىيپچان ھەققىدە تىلغا ئېلىنمىغان ھېكايىلەر (ئەسلىمە) ................ **تۇرسۇن ئېلى** 66

## قىز - ئاياللار دۇنياسى

ئاياللار ئازادلىقى (سۆھبەت خاتىرىسى) .......................... **سارترې، پوفۋا** 86
ئاشىنىڭىز ۋە ئايالىڭىز (ئەدەبىي خاتىرە) ........................ **غوپۇر قادىر** تەرجىمىسى 92

## ستۇدېنتلار تۇرمۇشى

ئىگىلىك ياراتقۇچى ستۇدېنتلار ........................ **پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر** 70

## ئەسەر ۋە بەس - مۇنازىرىلەر

چىڭغىز ئايتماتوف ۋە شېئىر ........................... **سايىپبەگ ئالى** 51

## مەشھۇر ئەسەرلەردىن بەھرىلەر

فرانسۇز شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن .................. **مۇختار مەخسۇت** تەرجىمىسى 93
پەلسەپۋى نەسرلەر ........................... **ئابدۇقادىر جالالىدىن** تەرجىمىسى 98

ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

www.uyghurkitap.com




قۇربان توختى

«قالپاقدۆڭ» لۆكلەر تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن مىنۇتلار ئاخىر يېتىپ كەلدى، ھۆكۈمەت «قالپاقدۆڭ» لۆكلەرنى ئايرىم بىر يېزا قىلىپ قۇرۇپ بەردى. قۇرۇپ بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇنىڭغا ئەسلىدىكى «قالپاقدۆڭ» دېگەن ئىسمىغا تامامەن يات بولغان ــ ئازاتباغ 17 - يېزا دېگەن چىرايلىق ئىسمىنىمۇ قويۇپ بەردى. كۆڭلى ئۆزلىرى دىسسەپ تۇرغان تۇپراقتەك يۇمشاق ئازاتباغلىقلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېڭى ئىسمىنى ئاستا-ئاستا قوبۇل قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئايرىم بىر يېزىسى بار بولدى.

ئازاتباغلىقلار شادلىنىدىغان ئىشلار ئارقا - ئارقىدىن ۋۇجۇدقا كېلىشكە، ئازاتباغ يېزىلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ئازاتباغ يېزىلىق خەلق شىپاخانىسى، ئازاتباغ يېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى دېگەندەك ئىدارە - ئورگانلارنىڭ چىرايلىق ۋىۋىسكىلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۆزلەرنى چاقنىتىشقا باشلىدى. ئازاتباغلىقلارنى ھەممىدىن بەك شادلاندۇرغىنى ئازاتباغ يېزىلىق پاختا زاۋۇتى بولدى. ئۇلار شۇ كۈنى ئۆزلىرىنىڭمۇ پاختا زاۋۇتى بولغانلىقىدىن، ئەمدى پاختا سېتىپ بېرىمىز دەپ بىرقانچە ئون كىلومېتىر يول يۈرۈپ ئاۋات يېزىسىغا بېرىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىدىن ماختاندى، پەخىرلەندى.

ئازاتباغلىقلارنىڭ ئاشۇ شادلىقى، خۇشاللىقى يەنە بىرمۇنچە كىشىلەرنى رەنجىتتى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. پاختا زاۋۇتى قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ناھىيىلىك پاختا - چىگىت شىركىتى بىر قىسىم كادىر، ئىشچى ۋە تېخنىكلارنى ئالدى بىلەن يېڭى قۇرۇلغان بۇ زاۋۇتقا يۆتكەپ چىقارتتى. بۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەشكىلگە بىرمۇنچە ھال ئېيتىپ، شەرت قويۇپ، قىيىنچىلىقلارنى كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىپ يۈرۈپ پەقەتلا ئامال بولمىغاندا، ناھىيە مەركىزىدىن 108 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بۇ يېزىغا كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا چىقىشتى.

ئۇلار ئازاتباغقا چىقتى. تۇنجى تۈركۈمدە چىققان ئاشۇ 22 نەپەر خىزمەتچى چىقىپلا يېزا بازىرىنىڭ باش قىسمىدىن پاختا زاۋۇتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆرسىتىپ بېرىلگەن 70 مو يەرنى كۆرۈپ پېشانىسىگە ئۇرۇشتى، دېمىسىمۇ بۇ يەردە بىرقانچە چوڭ - كىچىك دۆڭ مەغرۇرلارچە گىدىيىپ تۇراتتى. ئۇلار ئاشۇ دۆڭنى يۆتكىشى، يەرلەرنى تۈزلەپ تەكشى ھالەتكە كەلتۈرۈشى كېرەك ئىدى...

ــ بولدى، بۇ يەردە مەن باغلاپ قويسىمۇ تۇرمايمەن، بۇ سالمىلىقتىن قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن تېزرەك كەتمىسەم ئادەم بولماي كېتەي! ــ دېدى ئارىدىن بىرى.

ــ مەنمۇ شۇ، ــ دېدى يەنە بىرى.

**50 يىللىق توي سوۋغىسى**

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگىنىنى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ روھى چۈشۈپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش ئىدىيىسىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، هاراق ئىچىپ، جېدەل چىقىرىپ، دېھقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرۇش ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ئازاتباغلىقلار مەيدىن بىزار بولسا شىركەتكە ئەھۋالنى ئېيتسا، مېنى بۇ يەردىن يۆتكەپ كېتىدۇ دېگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ، پاختىكار دېھقانلارنى چەتكە قاقتى. بۇنىڭ بىلەن ئازاتباغلىقلارنىڭ ھېلىقى ئارزۇلىرى، شادلىقلىرى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك يوقىلىپ، پاختىكارلار بىلەن پاختا زاۋۇت خادىملىرى ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىش هالىتى شەكىللىنىپ قالدى. بۇ خىل دۈشمەنلىشىش هالىتى ئوخشاشلا پاختا زاۋۇتىنىمۇ، دېھقانلارنىمۇ زىيانغا ئۇچراتتى. دېھقانلار مىڭ بىر جاپادا پۇلغا يارىغۇدەك قىلغان پاختىلىرىنى هارۋىلىرىغا بېسىپ مەكىت ناھىيىسىنىڭ غازكۆل، قىزىلئاۋات يېزىلىرىدىكى پاختا زاۋۇتلىرىغا ۋە باشقا قوشنا يېزا - بازارلاردىكى پاختا زاۋۇتلىرىغا مېڭىشتى. لېكىن بۇ ئىش يېزا - كەنت كادىرلىرىنى بىئارام قىلماي، ئازابلىماي قالمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بېشىدا ناھىيە، يېزىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن يىللىق پاختا ئىشلەپ چىقىرىشتىن ئىبارەت ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان مۇقەددەس بىر ۋەزىپە بار ئىدى. ئاشۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئەتىيازدىن تاكى كۈزگىچە ئارام ئالماي مىدىرلاپ ئىشلىگەن پاختىلىرى سىرتقى ناھىيە، يېزا - بازارلارغا ئېقىپ كەتسە، ئازاتباغ يېزىلىق پارتكوم، هۆكۈمەت ناھىيىلىك پارتكوم، هۆكۈمەت ئالدىدا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار ھەرقايسى كەنتلەردە جىددىي يىغىن ئېچىپ، ئۆزلىرى تۈزگەن بىر تالاي يەرلىك سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە كۆڭلى ئارام تېپىشماي تارقىتىۋېتىلگىنىگە خېلى ئۇزۇن بولغان كەنت ئامانلىق ساقلاش دۈيىنى دەرھال قايتا قۇرۇپ چىقىپ، ھەرقايسى چوڭ - كىچىك چىغىر يول ئېغىزلىرىغا دەرھال چازا قۇرۇپ، پاختىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى تىزگىنلىدى. ئەلمىساقتىن بېرى ئۆزى ئىشلىگەن يەرگە ئۆزى خالىغان زىرائەتلەرنى تېرىش ئەركىنگە، ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتنى ئۆزى خالىغان بازاردا، ئۆزى خالىغان باھادا سېتىش هوقۇقىغا ئىگە بولالماي كەلگەن بىچارە دېھقانلار، پاختا بېسىلغان هارۋىلىرىنى خۇشياقمىغان هالدا يەنە ئازاتباغ يېزىلىق پاختا زاۋۇتىغا ھەيدەشتى. ئۇلار پاختىلىرىنى چىشنى چىشىغا بېسىپ ھەممىگە چىداپ، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇپ سېتىپ بەردى. ئۇلار ھەر قېتىم پاختا زاۋۇت خادىملىرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغاندا، ھەر قېتىم كۆڭلى ئازار يېگەندە، ئۈن - تىنسىز هالدا يېزىلىق پارتكوم، هۆكۈمەتتىن پاختا سېتىپ بېرىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىپ پاختا زاۋۇتىغا ئەۋەتكەن يېزا كادىرىغا، ئۆزلىرىگە مەسئۇل بولۇپ كەلگەن كەنت كادىرلىرىغا ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن «قېنى، ئەمدى بىزگە ئىگە بولامسىلەر؟» دېگەندەك قىلىپ تىكىلىشتى، تەلمۈرۈشتى. رەھبەرلەر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشتى. ئاشۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلار ئارىسىدا يەنە ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان دېھقانلارغا تەربىيە، نەسىھەت قىلدى. چۈنكى سۇنىمۇ سىڭگەن يەرگە سېپىش، گەپنىمۇ ئاڭلايدىغان ئادەمگە قىلىش كېرەككقۇ؟ ئۇلار مەسىلىنى شۇ خىل يول بىلەن ھەل قىلدى. لېكىن كەچتە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن يېزىلىق پارتكوم، هۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا دېھقانلارنىمۇ بەكرەك، دېھقانلارنىمۇ ئاشۇرۇپراق دەرد تۆككۈشتى. ئاخىر بۇ ئەھۋالغا يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغىنىغا ئەمدىلا ئىككى يىل بولغان ئابدۇقادىر ئابدۇكېرىم چىدىمىدى.

- قېنى شوپۇر، شوپۇرنى چاقىرىڭلار.

شۇجىنىڭ تۇيۇقسىزلا بىر يەرگە مېڭىش خىيالىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزگەن باشقا مەسئۇل يولداشلار تەڭلا ئېغىز ئېچىشتى.

- بۇنچە كەچتە نەگە بارماقچى بولۇۋاتىلا؟

- ناھىيىگە، پاختا - چىگە شىركىتى، ناھىيىلىك كوپېراتىپقا ئەھۋالنى چۈشەندۈرىمەن. ئاشۇ پاختا زاۋۇتىكى كاتتا، ئۆز بېشىمچى غوجاملارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىمەن. بىز قاچانغىچە دېھقانلارغا تەربىيە ئىشلەپ، يوللارغا چازا قۇرۇپ، يول توسۇپ يۈرىمىز. ئەگەر يەنە بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگەرمىسە يوللاردىكى چازىنى ئېلىۋېتىپ، دېھقانلارنى «پاختاڭنى ئۆزۈڭ خالىغان جايدا سات» دېمەكتىن باشقا ئىلاج قالمىدى ئەمدى.

* *

ئازاتباغ يېزىلىق پاختا زاۋۇتىنىڭ ئىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، قانداق قىلىپ بۇ زاۋۇتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى مەسئۇللىرى ۋە پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ مەسئۇللىرى ئازاتباغ يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئابدۇقادىر ئابدۇكېرىم ئىنكاس قىلغان ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ تېخىمۇ جىددىيلەشتى. ئۇلار مەسىلىنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. بۇ پاختا زاۋۇتقا مول تەجرىبىگە، كۈچلۈك باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە بىرەرنى چىقارتماي بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلىشتى. هېس قىلىشنىغۇ قىلدى، زادى كىمنى چىقارتىش مەسىلىسى ئۈستىدە بىرلىككە كېلەلمەي خېلى ئۇزۇن باش قاتۇرۇشتى. ئاخىر ئۇلار شۇ چاغدا ئىگەرچى بازارلىق پاختا زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان تۇرغۇن ئوسماننى بۇ ئورۇنغا قويۇشنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشتى. چۈنكى تۇرغۇن ئوسمان ئىلگىرى ئازاتباغ يېزىلىق پاختا زاۋۇتىغا ئوخشاش ئارقىدا قالغان زەرەپشان تاجىك مىللىي يېزىلىق پاختا زاۋۇتى، ئىگەرچى بازارلىق پاختا زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلەپ، تەشكىلنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ۋە كەڭ

جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى.

1975 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرغۇن ئوسمان شۇنىڭدىن كېيىنلا 20 يىلنى ئىزچىل تۇردە يېزا - بازارلىق پاختا زاۋۇتلىرىدا ئۆتكۈزدى. ئاشۇ جەرياندا ئۇ جىڭچى، پىرىيومچى، مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىدى. ئاشۇ 20 يىل ئىچىدە ئۇ تەشكىلگە بىرەر قېتىممۇ شەرت قويماي، نەگە بۇيرۇسا شۇ يەرگە بېرىپ، قايسى ۋەزىپىگە قويسا شۇنى بىجانىدىللىق بىلەن ئورۇنلاپ كەلدى. بىراق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك شەھەرگە يۈزلىنىش، شەھەرگە ئېقىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇرغۇن ئوسمان، ئۆزىنىڭ بارغانچە شەھەردىن يىراقلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولغان چاغلىرىمۇ بولدى. بۇ قېتىم ئۇ مۇۋاپىق پەيتتە شىركەت مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنى شەھەرگە يېقىنراق بىر جايغا يۆتكەپ قويۇش ئارزۇسىنى ئېيتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، شىركەت ئۇنى ھازىر ئىشلەۋاتقان ئىگەرچى بازىرىدىن يەنە 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئازاتباغ يېزىسىغا يۆتكىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

شۇنداق قىلىپ 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇرغۇن ئوسمان يېڭى خىزمەت ئورنى ئازاتباغ يېزىلىق پاختا زاۋۇتىغا ئىشقا چۈشتى. ئۇ ئىشقا چۈشۈپلا مەسىلىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاددىي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى.

تۇرغۇن ئوسمان شۇ كېچىسى كىرپىك قاقماي ئويلاپ چىقتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول بار ئىدى. ئۇنىڭدىن بىرى، بىراقلا تاۋاق تاشلاپ، كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ بۇ ئورۇندىن كېتىپ ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىش؛ يەنە بىرى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەش. ئاخىر ئۇ كېيىنكى يولنى تاللىدى. ئالدىنقىسىنى تاللاشقا ئۇنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرى يول قويمايتتى. شۇڭىمۇ ئۇ ئەنە شۇ كېچىدە ئولتۇرۇپ پاختا زاۋۇتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچ يىللىق تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

- مانا ماۋۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى بوپتۇ، - دېدى يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئابدۇقادىر ئابدۇكېرىم ئەتىسى ئەتىگەندە تۇرغۇن ئوسمان ئېلىپ چىققان ئۈچ يىللىق خىزمەت پىلانىنى كۆرگەندىن كېيىن، - خىزمەت دېگەندە ئالدى بىلەن مانا مۇشۇنداق پىلان بولۇشى كېرەك، پىلان بولغاندىن كېيىن ئىشلەش مۇددىئاسى ئېنىق بولىدۇ. يېزىلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىش توغرىسىدىكى چارە - تەدبىرلەر ياخشى تۈزۈلۈپتۇ. مانا مۇشۇنداق ھەمكارلىشىش كېرەك، ھەمكارلاشقاندىلا ئىش تەۋرەتكىلى بولىدۇ. بىز سىلەرنى قوللايمىز، شەخسەن مەن قوللايمەن، يۈرەكلىك ئىشلەڭ يىگىت.

تۇرغۇن ئوسمان ئىشنى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق، باشلامچىلىق رولىدىن پايدىلىنىشتىن باشلىدى. ئىلگىرىكى ئەمەلىيەتتە ئۆيغۇن بولمىغان كونا، قالاق قائىدىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، رىقابەت خاھىشى كۈچلۈك گەۋدىلەندۈرۈلگەن، پىرىنسىپلىرى مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش زامانغا لايىق باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭدىن زىيىنى كۆپ بولىدىغان ئېغىر ئەمگەك سىجىللىقىنى ئازايتتى. مەسئۇلىيەت ئېنىق، مۇكاپات - جازا نەق بولغاچقا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى كۈچىيىپ، ھەرقايسى ئىش ھالقىلىرىدا ئۆزلۈكىدىن جانلىنىش بارلىققا كەلدى.

1995 - يىللىق پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتى باشلىنىش بىلەن تەڭ، تۇرغۇن ئوسمان كادىر ئىستىلىنى چىڭ تۇتۇپ، پاختا سېتىۋېلىش سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، جىڭنى، پىرىيوم ئۆلچىمىنى توغرا تۇتۇپ، ئىلگىرىكى مۇناسىۋەت پاختىسى، ئادەمگەرچىلىك پاختىسى سېتىۋېلىش ئىشىغا ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرىپ، پاختىكار دېھقانلار ئۈچۈن ھارۋا قويۇش ئورنى، چاي ئىچىش ئورنى تەسىس قىلىپ بەرگەندىن سىرت، مەخسۇس خادىم ئاجرىتىپ كىچىك باللىرى بار دېھقانلارنىڭ بالىسىغا قاراپ، يىرتىلغان خالتىلىرىنى ياماپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن پاختا زاۋۇت خادىملىرى بىلەن پاختىكار دېھقانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئىلگىرىكىدەك پاختىلىرىنى باشقا ئورۇنلارغا ئاپىرىپ سېتىش ھالەتلىرى ئۆزگىرىپ، شۇ يىللىق سېتىۋېلىنغان پاختا 37 مىڭ دەنگە يېتىپ، ئوخشاش تېرىلغۇ كۆلىمى ئاساسىدا، ئالدىنقى يىلقى پاختا مەھسۇلاتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 10 مىڭ دەنگە يېقىن مەھسۇلات ئاشتى.

1996 - يىلى باھاردا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدا چاقىرىلغان ئالدىنقى بىر يىللىق خىزمەت خۇلاسە يىغىنىدا، ئازاتباغ يېزىلىق پاختا زاۋۇتى «دېھقانلار ئۈچۈن ئاكتىپ مۇلازىمەت قىلغان ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپ، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ۋە پاختا - چىگە شىركىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلاندى. بۇ تۇرغۇن ئوسماننىڭ شىركەت ۋە كوپېراتىپ مەسئۇللىرىنىڭ قولىدىن تۇنجى قېتىم مۇكاپات تاپشۇرۇۋېلىشى بولمىسىمۇ، ئازاتباغ يېزىلىق پاختا زاۋۇتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز زاۋۇتىنىڭ، ئۆز خىزمەت ئورنىنىڭ ئىلغار بولغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تۇرغۇن ئوسمان ئازاتباغ يېزىلىق پاختا زاۋۇتى، زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن شادلاندى، ھاياجانلاندى. ئۇ ئەنە شۇ قېتىملىق شان - شەرەپتىن ئۆزىنىڭ، شۇنداقلا ئازاتباغ يېزىلىق پاختا زاۋۇتىنىڭ ئەتىسىنى كۆرگەندەك بولدى.

خىزمەت ئەمەلىيىتى تۇرغۇن ئوسمانغا شۇ نەرسىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردىكى، خادىملارنى خىزمەتكە سېلىش بىلەن ئۇلارغا بولغان كۆيۈنۈش، ھېسداشلىق ئۆزئارا بىرىكسە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ

ئۆز ئورنىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ياخشى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ 7 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت ئىچىدە ئاشخانا قۇرۇپ، تاماق سۈپىتىنى ياخشىلاپ، ئۆزلىرى بوز يەر ئېچىپ تېرىغان ئاشلىق، سەي - كۆكتاتنى پاراۋانلىق ئورنىدا ئىشلىتىپ، بىر تەرەپتىن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىرتتىن تاماق يېگەندىكى چىقىمىنى تېجەپ قالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پاختا سېتىۋېلىشنىڭ ئادىل پرىنسىپ بويىچە بولۇشىنى قولغا كەلتۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى جانلاندۇرۇپ، خادىملارنىڭ مۇشۇ ئورۇنغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئەقىدىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن 350 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق مەبلەغ سېلىپ، زاۋۇت ئىچىدىكى دۆڭلەرنى يۆتكەپ، ئىشخانا شارائىتىنى ياخشىلاپ، زاۋۇت ئىچىنى گۈل - گىياھلىققا ئايلاندۇردى ۋە 24 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، پاختا سېتىپ بېرىش مۇلازىمەت ئورنى قۇردى. 7 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، تەنتەربىيە مەيدانى ياساپ، ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتىدىن مەخسۇس تىرېنېر تەكلىپ قىلىپ، كوماندا ئەزالىرىنى تەربىيىلەپ، يىلدا سەككىز قېتىمدىن 12 قېتىمغىچە مۇسابىقە ئېلىپ بېرىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يامان يولغا ئېغىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك ھالدا تىزگىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە خادىملاردا مۇشۇ يەردە ئىشلەش، مۇشۇ ئورۇنغا يىلتىز تارتىش ئىدىيىسى تۇرغۇزۇلدى.

مۇھىت ئۆزگەردى. ئازاتباغلىقلار شادلاندى. ئۇلارنىڭ پاختا ئىشلەپ چىقىرىش ئاكتىپلىقى تەبىئىي ھالدا ئۇرغۇپ، دۆلەتنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش بەلگىلىمىسىگە ئاكتىپ ھالدا ماسلاشتى. نەتىجىدە ئازاتباغ يېزىلىق پاختا زاۋۇتى سېتىۋالغان پاختا 1997 - يىلى 47 مىڭ دەنگە، 1998 - يىلى 53 مىڭ 700 دەنگە يېتىپ، سېتىۋېلىش، سېتىپ بېرىش مىقدارى يىلسېرى ئېشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىش بىلەن بىرگە، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئېشىش، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى ئېشىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ياندا بولسا يالغىلى يېتىپتۇ دېگەندەك، زاۋۇت بېسىپ زىيان ئازلاپ، كىرىم كۆپەيگەندىن كېيىن خادىملارغا قىلىپ بېرىلىدىغان پاراۋانلىق ئىشلىرى كۆپەيدى. نەتىجىدە خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئۆستى. ھازىر بۇ زاۋۇتتا ئىشچى-خىزمەتچىلەر يېگەن تاماقتىن پەقەت ئاشپەزلەرنىڭ ئىش ھەققىلا ئېلىنغاندىن باشقا ھەق ئېلىنمايدىغان بولدى. 40 مىڭ يۈەنگە بىر تۇرمۇش ماشىنىسى سېتىۋېلىنىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىغا بېرىپ - كېلىشىدىكى قىيىنچىلىقى ھەل قىلىپ بېرىلدى. خادىملار ئۆزگەردى، زاۋۇت ئۆزگەردى. ئادەم ئۆزگەرسە ھەممە نەرسە ئۆزگىرىدىكەن، شۇنداق قىلىپ تۇرغۇن ئوسمان ئەينى چاغدا تۈزگەن ئۈچ يىللىق خىزمەت پىلانى رېئاللىققا ئايلىنىپ، 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە پۈتكۈل زىيان تۈگىتىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە 150 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى. شىركەت رەھبەرلىرى، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپ رەھبەرلىرى شادلاندى. تۇرغۇن ئوسماننى تەقدىرلىدى. 1999 - يىلى باھاردا چاقىرىلغان ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ يىللىق پارتىيە خىزمىتى خۇلاسە يىغىنىدا تۇرغۇن ئوسماننىڭ ئىش - ئىزلىرى ئالاھىدە ھۆججەت تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ تونۇشتۇرۇلدى. ناھىيىلىك پاختا-چىگە شىركىتىمۇ شىركەتنىڭ يىللىق خۇلاسە يىغىنىدا ئۇنى مۇكاپاتلىدى. ئۇ، مۇكاپاتتىن زاۋۇتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىمۇ تەڭ بەھرىمەن قىلدى. باشقىلار ئۇنىڭغا:

— بۇ سىلىگە شەخسەن بېرىلگەن مۇكاپات تۇرسا، نېمە ئۈچۈن سىلى مۇكاپات پۇلىنى باشقىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلا، — دەپ سورىغىنىدا، تۇرغۇن ئوسمان ھېچ ئىككىلەنمەي:

— ئەينى چاغدا ئازاتباغ يېزىلىق پاختا زاۋۇتى جازالانغاندا، تەنقىدلەنگەندە، بۇ زاۋۇتتىكى بارلىق خادىملارنىڭ روھى چۈشكەن، كۆڭلى يېرىم بولۇپ دىلى ئازار يېگەن. ئەمدى شەرەپ قۇچۇپ مۇكاپاتلانغاندا بۇ شان - شەرەپ مېۋىسىدىن ئۇلارمۇ ئوخشاشلا بەھرىمەن بولۇشى، ھۇزۇرلىنىشى، شادلىنىشى كېرەك. پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياغاچ چاققاندا ئايرىلدۇق، دېگەندەك ئىش قىلساق بولمايدۇ - دە، — دېدى.

تۇرغۇن ئوسماننىڭ بۇ خىل ئېسىل پەزىلىتى، خىسلىتى بىردەمدىلا قۇلاققا ئاڭلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئىپتىخار تۇيغۇسىغا ئايلاندى. دېھقان بوۋايلار خۇددى ئۆز بالىسىدىن پەخىرلەنگەندەك تاماقلىرىنى تامشىتىپ تۇرۇپ:

— ئەل ئوغلى دېگەن شۇ، سەن نەدىلا بولمىغىن شۇ يەردىكى خەلق، ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلالىساڭ ئەزىزسەن، قەدىرلىنىسەن. كونىلارمۇ ئاتاڭنىڭ ئوغلى بولغۇچە، ئەلنىڭ ئوغلى بول دەپ بىكار ئېيتمىغان، — دېيىشتى.

ھايات ئاجايىپ قىسمەت ۋە كۆرۈنۈشلەرگە باي. تۇرغۇن ئوسمان ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ ئازاتباغقا چىقىشتىن ئىككىلەنگەنلىكىنى ئويلايدىغان بولسا، يۈزىنى ئىختىيارسىز قىزىللىق قاپلايدۇ.

ئۇ ئەمدى ھېچ ئىككىلەنمەيلا «ئوغلۇڭنى قوچاقتىن ئايرىما ئانا» دەپ، گۈزەل ئازاتباغنىڭ باغۇ - بوستانلىرىغا چوڭقۇر مېھىر ۋە مۇھەببەت بىلەن تىكىلىدىغان بولدى. گۈزەل ئازاتباغ زېمىنىمۇ، ئاق كۆڭۈل ۋە ئەمگەكچان ئازاتباغ خەلقىمۇ، مائارىپ، سەھىيە، مېيىپلار خىزمىتى ۋە نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق تۈرلەردە 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ چىقىم قىلىپ ئۆزلىرىگە ياردەم بەرگەن بۇ ئوغلانىنى قەدىرلەيدىغان ۋە ئەزىزلەيدىغان، ئۇنىڭ يەنىمۇ غەيرەت بىلەن ئۆرلەپ گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆزلەپ پەرۋاز قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولۇشتى.

www.uyghurkitap.com



# ۋەتەن تۇيغۇلىرى

مەھمۇد زەيدى

جاھاندا يۇرتۇمنىڭ ئۇزۇمى مەشھۇر
باغۋنى باغلارغا بولغاچ مىراسخور.
دۇنيانىڭ ئەڭ يىراق قىتئەلىرىدىن،
يامغۇردەك ياغماقتا، ئالقىش - تەشەككۇر.

ھوگنىڭ قوغۇندىن يېۋىدىم بىر تىلىم،
شېرىن شەرۋىتىدىن يېرىلدى تىلىم.
سىڭگەچكە قوغۇنغا قوغۇنچى ئەجرى
ماختىنار ئۇ بىلەن بۇ ئانا ئېلىم.

دېدى: جەڭلەر ئارا تونۇشقان دوستۇم
تۇغۇلغان چېغىمدا دوزاخكەن يۇرتۇم.
تاغ تېشىپ، قان كېچىپ بولدۇق باياشاد
جەڭنى كەسىپ قىلغاچ، ئەجداد - ئۇجۇتۇم.

دۇنياغا كۆز ئاچتىم ئۆكتەبىر كۈنى،
ئېيتىپ بەردى ئاتام بۇنى شۇ كۈنى.
بىرقانچە ئون يىللىق ئېغىر جەڭلەرنىڭ
سەن، دېدى دولقۇنلۇق يىللار يەكۈنى.

كارىزدا تۇغۇلغان باتۇر پۇشتى مەن
بوراندا چېنىققان بوران قۇشى مەن.
دەۋرىمدىن ئۇستۇمگە ئالدىم ئېغىر يۈك،
ئۆمرۈمدىن يېڭى بىر ۋاراق ئاچىمەن.

ئىنقىلاب يولىدا ئوق بولۇپ ئۇچتۇم،
ئىلىم - پەن ئىگىلەپ شان - زەپەر قۇچتۇم.
سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا
گۈللىنەر مەڭگۈگە بۇ ئانا يۇرتۇم.

قان بىلەن قىزارغان بۇ قوڭۇر تۇپراق،
قان رەڭلىك گۈللەرگە كۆمۈلگەن ھەر ياق.
قان بىلەن، جان بىلەن قىلغاچ ئىنقىلاب،
گۈزەل كېلەچەككە يول ئاچتۇق پارلاق!

ئېلىم كۆيچىسى مەن، قاينار دىلدا زوق،
ئەل ئىشقى جىمىكى ۋۇجۇدۇمدا چوغ.
ئاڭا پەرۋانىمەن ـ سادىق بىر جەڭچى،
قەلەمدۇر قورالىم ـ شېئىرلىرىم تۇغ!

# ئېزىز ۋەتەن ئانامسەن

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن

ئېزىز ۋەتەن ئانامسەن، مېھرىۋانسەن غەمخانسەن،
مېھرىۋانسەن غەمخانسەن، ئېزىز ۋەتەن ئانامسەن.

ماڭا جانسەن جانانسەن، سەنسىز مېنىڭ نامىم يوق،
سەنسىز مېنىڭ نامىم يوق، ماڭا جانسەن، جانانسەن.

سېنىڭ بىلەن سۇلتانمەن، سەنسىز بۇندا ئۇلتاڭمەن
سەنسىز بۇندا ئۇلتاڭمەن، سېنىڭ بىلەن سۇلتانمەن.

سايراپ ئۆتەي خەندانمەن، ساڭا ئاشىق زۆھرەمەن
ساڭا ئاشىق زۆھرەمەن، سايراپ ئۆتەي خەندانمەن.

ئېزىز ئانام پانامسەن، سەنسىز سېرىق رۇخسارىم،
سەنسىز سېرىق رۇخسارىم، ئېزىز ئانام پانامسەن.

ماڭا جانۇ جاھانسەن، ساڭا جانىم پىدادۇر
ساڭا جانىم پىدادۇر، ماڭا جانسەن، جاھانسەن.



# ياڭغۇرلۇق گۈگۈم

(ھېكايە)

باھارگۈل ساۋۇت

ئۇزۇن يوللۇق يولۇچىلار ئاپتوبۇسى شەھەرگە يېقىنلاشقانسېرى بانۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. بۇنداق ھاياجانلىق ھېسسىيات بۇرۇنمۇ بولۇپ باققان. بۇ، بۇندىن خېلى يىللار بۇرۇنقى ئىشلار بولۇپ، ئۇ بانۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا تەتىلدە ئۆيگە قايتقاندىكى تۇيغۇلار ئىدى. ئۇلار ـ بىر توپ تەنتەك ستۇدېنتلار چۇرقىرىشىپ، ۋارقىرىشىپ كۈلۈشۈپ ماشىنىنى بېشىغا كىيەتتى. بۇلارنىڭ بۇنداق شوخلۇقلىرى باشقىلارغا ئەجەبلىك بىلىنمەيتتى. «نېمىدېگەن شوخ بالىلار ـ ھە؟» دېيىشىپ قويۇشاتتى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ قالغان باشقا يولۇچىلار...

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ يادنامىسى. مانا ئەمدى بانۇدا ئۇ چاغدىكى شوخلۇقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان، كۆز جىيەكلىرى ئاستىغا، ئەتراپىغا تارتىلغان ئىنچىكە سىزىقلار ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە نۇقسان يەتكۈزەلمىگەن بولسىمۇ، خىيالچان كۆزلىرى ماشىنا دېرىزىسىدىن دالاغا تىكىلگەن. ماشىنا ئارقىغا تاشلاپ كېتىۋاتقان دەرەخلەر چاقماق تېزلىكىدە كۆزدىن غايىب بولاتتى. باياتىن بېرى كۆزگە غىل ـ پاللا چېلىقىپ يوقاپ كەتكەن سوقما تاملار ئەمدى كۆرۈنمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا قەۋەت ـ قەۋەت ئېگىز ئىمارەتلەر ئالماشتى.

بانۇ يېقىندىن بۇيان يۇرتىنىڭ قىياپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدى. مانا ئەمدى بۇ ئۆزگىرىشنىڭ بۇنچىۋالا زور ھەم تېز ئىكەنلىكىنى بىلەن كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى.

«پاھ! نېمىدېگەن زور ئۆزگىرىش! دەۋەتتى ئىچىدە، ئۇ شەھەر ئىچى قانداق بولۇپ كەتتىكىن؟» ئەپسۇسكى قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيۇۋەتكەندەك كۆڭلى لەسسىدە بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن ئۇ ھېچكىم بىلەن خوشلاشماستىن بۇ يۇرتتىكى ھەممە نېمىسىنى تاشلاپ كەتكەنىدى. شۇندىن بۇيان ئۇ بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ باقمىدى. مانا ئەمدى يۇرتىغا ـ ئۆز ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى كۆڭلى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بىر خىل غەلىتىلىك ئىچىدە پېرىم بولدى. بۇ خىل تۇيغۇنىڭ ۋىسال شادلىقى ئىچىدىكى پىرىملىقمۇ ياكى باشقا سەۋەبمۇ ئۇنى ئويلاپ يەتمەيلا ماشىنا ئۇزاق سىگنال بېرىپ بېكەتكە كىرىپ كەلدى. كەچكى گۈگۈمدا بېكەت مەيدانىدا ئانچە كۆپ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ بانۇ تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن، بىر ھامماللىغا يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرتۈپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى ـ دە، كۆز باغلانغاندا ئاندىن ئۆيىگە بارماقچى بولۇپ دوقمۇشتىكى بىر ئاشخانىغا كىردى، ئۇنىڭ قورسىقىمۇ ئاچقان، مۇھىمى ۋاقىت ئۆتكۈزمەكنى مەقسەت قىلغانىدى.

ئېغىر يۈك بىلەن كىرىپ كەلگەن مېھماننى كۆرگەن ئاشخانا خوجايىنى تەكەللۇپ بىلەن بانۇنى كۈتۈۋالدى ھەم ئۇنىڭ يۈكلىرىنى قويۇش ئۈچۈن جاي كۆرسەتتى.

ـ كەلسىلە مېھمان، كەلسىلە ـ خوجايىن ئايال شۇنداق دېگىنىچە تۇرۇپلا قالدى. بانۇمۇ خېرىدارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان خوجايىنغا قاراپ نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. بانۇ باشقىلارغا كۆرۈنۈشتىن قېچىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە كىرگەن ئەمەسمىدى؟

www.uyghurkitap.com

— ياخشىمۇسىز، گۈلبانۇ ئاچا؟ — دېدى بىر پەس قاتماللىقتىن كېيىنكى جىمجىتلىقنى خوجايىن ئايال بۇزۇپ، — ھازىر كېلىشىڭىزمۇ؟

بانۇ بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ كەتتى. لېكىن ئۆزىگە خاس بولغان تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى قولغا ئېلىۋالدى. كىرگەنىكەن، ئەمدى دۇكاندىن چىقىپ كېتىش بىئەپ ئىدى.

— ياخشى، ئۆيدىكىلەر ئوبدان تۇرۇۋاتقاندۇ؟ — دېدى بانۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ.

— ھەئە، ھەممىمىز ئوبدان تۇرۇۋاتىمىز، — خوجايىن ئايال بىر نىمكار كۆتۈرۈپ كىرگەن بىر چىنە خام چاينى بانۇنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ قوشۇپ قويدى، — بالىلارمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ. بانۇ ئايالغا لەپپىدە قارىدى. خوجايىن ئايال بانۇغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن نە تەنە، نە ئاچچىق، نە ئەيىبلەش، قىسقىسى ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى.

بانۇنىڭ كۆزلىرى خوجايىن ئايالنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. بانۇ ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان بۇ كۆزنىڭ ھاياتلىقتا خاتاسىز ئۆز مېھنىتىگە تايىنىپ ياشاۋاتقان بىر جاپاكەش ئايالنىڭ كۆزى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بانۇنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى - دە، ئالدىدىكى چاي چىنىسىنى قولغا ئېلىپ چاي ئىچكەن بولۇپ ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان ۋە كۆڭلىنى بىئارام قىلغان كۆزدىن كۆزىنى قاچۇردى.

بانۇ بىر چىنە ئۇگرە ئاشنى تەستە، بەكمۇ تەستە ئىچىپ بولدى. چۈنكى ئادەمنىڭ كۆڭلى پاراكەندە چاغدا يېيىلگەن ھەرقانچە ئېسىل تائاممۇ ئادەمنىڭ ئاچقان يېرىگە بارمايتتى. ئۇ ئىچى سىقىلغان ھالدا كېتىشكە تەرەددۇتلەندى.

— سىلەرنىڭ ئۆيدىكىلەر ئەسلىدىكى ئۆيدىن كۆچۈپ كەتتى، — دېدى خوجايىن ئايال، — مۇنداق بولسۇن، ئەلىنىڭمۇ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئۇ سىز بىلەن بىللە بارسۇن، سىلەر بىلەن قوشنىغۇ دەيمەن، ئىشقىلىپ بىر مەھەللىلىك، كېچىدە نەدە تېنەپ يۈرىسىز؟ بولە! ئەلى ئوكام، ماۋۇ ئاچاڭنى ئايىسخان ئاچىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قوي، ئۆيىنى بىلىسەنغۇ؟

خوجايىن ئايالنىڭ بۇ سەممىي تەكلىپىنى رەت قىلىشقا بانۇغا سەۋەب يوق ئىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆي سېتىۋالغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئاۋۋال كونا مەھەللىگە بېرىپ كونا قوشنىلاردىن سۈرۈشتە قىلىپ ئاندىن ئاپىسىنىڭ ئۆيىنى تاپماقچى بولغانىدى. «دېگەنىبىلەن، - دەپ ئويلىدى بانۇ ئىچىدە، خۇدا پېشانەمنى خېلى ئوڭ ياراتقان بەندىمەن، - ھەرھالدا ئىشلىرىم دائىم دېگۈدەك راۋان بولۇپ تۇرىدۇ...»

بانۇ كېتىۋېتىپ سۈس بىر خىيال تۈيغۇنىڭ لەپ قىلىپ قەلبىنى سىياپ ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزدى. ئۇ تۇيغۇ ئۇنىڭغا پاشقىچە بىر خۇشلۇق ئاتا قىلدى. ئۇ بۇ خۇشلۇقتىن مەستخۇش بولۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ قانداقراقكىن؟ قانداقراق تۇرۇۋاتىدىكىن؟ مېنى ئۇنتۇپ قالمىغاندۇ؟ ھەي، مەنمۇ ئۇنىڭغا سەل ئۇۋال قىلىپ قويدۇم. لېكىن مېنىڭمۇ ئامالىم قانچە؟ كىم ئۇنى نامرات بولسۇن، مېنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىمنى قاندۇرالمىسۇن دەپتۇ؟...

ئايىسخان ئانا بانۇنىڭ كېلىشىدىن خەۋەردار بولسىمۇ، قايسى كۈنى كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن قىزىنى كۆرۈپ ئانىنىڭ كۆز يېشى يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئانىنىڭ بۇ يىغىسىدا قىزىنىڭ ئۆز يۇرت، ئەلە - مەھەللىسىنى، بالا - چاقىلىرىنى، ئېرىنى تاشلاپ كەتكىنىگە بولغان نارازىلىقمۇ، ئۆزىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئۇياتقا قويغىنىغا بولغان نەپرەتمۇ، ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ پىغانىمۇ، ھىجران ئازابىدا پۇچۇلىنىشىنىڭ دەرد ئېسەنلىرىمۇ، ۋىسال شادلىقىدا تېپىرلاۋاتقان يۈرەكنىڭ ھاياجىنىمۇ، ئۆزى بىلەن جاپا - مۇشەققەتنى تەڭ تارتقان، ئۆزىگە يۆلەك بولىدىغان مەرھۇم ئېرىنىڭ ۋاقىتسىز كەتكىنىگە ئېچىلغان ھازىمۇ تەڭ شېرىك ئىدى.

بانۇ بۇنىڭدىن ئالتە يىل بۇرۇن يۇرتىنى تاشلاپ كەتكەن. بالا ئانىنىڭ شۇنچە نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىدى، ئەكسىچە ئۇ بىر كېچىدە ھېچنېمىسىنى، ھەتتا كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ ئالماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بانۇنىڭ ئاتىسى ناھايىتى تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، قىزىنىڭ سەتچىلىكى بوۋايغا بەكمۇ ھار كەلدى. بىچارە بوۋاي يالغۇز ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ يۇم - يۇم يىغلىدى. بوۋاي قىزىنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى. ئاتا بولغىنىغا قارىماي، قىزى خېلى چوڭ بولۇپ قالغۇچە ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئۆزى تاراپ قوياتتى. ھەر كۈنى نامىزىدا خۇدادىن قىزىنىڭ ئۆمرىنى، بەختىنى تىلەيتتى. ئىنساپىغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى. تەتىلدە قىزى كېلىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن قىزى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ قويۇپ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى... بوۋاي شۇ ياتقانچە باش كۆتۈرەلمىدى. بانۇنىڭ تۆمەنلەپ ئەۋەتكەن پۇللىرىمۇ بوۋاينىڭ كېسىلىگە شىپا بولالمىدى. بوۋاي قىزىنى سېغىنىپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ بوستاندەك چاچلىرىنى يەنە تاراپ، ئۆرۈپ قويغۇسى كېلەتتى. قىزىنىڭ تىنىق دېڭىز سۈيىدەك شەھلا كۆزلىرىنى، ئالمىدەك پارقىراپ جۇلالىنىپ تۇرغان يۈزلىرىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ھېچكىمگە بىر ئېغىز تىنماستىن ھەممە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، باققان ئاتا - ئانىسىنى، مىڭ بىر جاپادا ئېرىشكەن خىزمىتىنى، ئەڭ مۇھىمى ياۋاش، ئاق

كۆكۈل ئېرى بىلەن نارەسىدە ئىككى بالىسىنى تاشلاپ كەتكەن ۋاپاسىز تۇزكور قىزىنى لەنەتلەر ئىچىدە سېغىنىپ ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. ئۇ قىزىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ نېمىسى كەم؟ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا قىستىغان، مەجبۇر قىلغان نەرسە، ھەتتا ئاتا - ئانىسىدىن، بالىلىرىدىن كېچىشكە، مۇھىمى ئار - نومۇسىنىمۇ قايرىپ قويۇشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە زادى نېمىدۇ؟...

بوۋاي شۇ دەرد، شۇ سەۋدا ئىچىدە دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولامدۇ؟ تىرىكلەر ياشىشى، ياشاش ئۈچۈن مىدىرلىشى كېرەك.

ھايات ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە مېڭىۋەردى. لېكىن ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى قالدۇق جاراھەت ئۇنداق ئاسان ساقايمايدىكەن. بانۇنىڭ سىڭلىسى رەنا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتتۈۋىدى، ئايىسخان ئانا ئۇنى ئوقۇشقا ئەۋەتمەي قويدى.

— ئوقۇغان ئادەم شۇنداق بولىدىغان بولسا ئوقۇپ نېمە قىلىدۇ؟ كەتتىغۇ؟ كەتتى. ھەممىسىنى تاشلاپ كەتتى. دۆت! دېۋەڭ! ئەقلى يوق!

— ئاپا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەڭ! مەن...

— بار،— دەپ گەپنى بۆلدى ئايىسخان ئانا،— مېنى كۆمۈپ قويۇپ كەت! مەن ئادەم ئەمەس ھايۋانلارنى تۇغۇپ باققانىكەنمەن، داداڭغۇ كەتتى، مەنمۇ كېتەي، شۇ چاغدىلا ھەممىڭ ئۆز بەگ - ئۆز خان بولۇشسەن،— ئايىسخان ئانا بوقۇلداپ يىغلىدى. تۇغقانلارمۇ، رەنانىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئايىسخان ئانىنى گەپكە كىرگۈزەلمىدى.

— كەتتىغۇ،— دېدى ئايىسخان ئانا ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن زۆھرە بىلەن جەۋلانغا،— كەتتى! پۇلى بار بىر باينىڭ كەينىدىن كەتتى. پۇل دېگەن شۇنداق قۇدرەتلىك نەرسىمۇ؟ شۇنداق ئىكەن بالىلىرىم، پۇل دېگەن ئار - نومۇستىنمۇ، ئاتا - ئانىدىنمۇ، ئۇرۇق - تۇغقان ھەتتا يۈرەكنى يېرىپ چىققان بالىدىنمۇ ئارتۇق ئىكەن. شۇنداق بولۇشنى كۈتكەنمىدىم؟ شۇنداق بولۇشنى ئويلىغانمىدىم؟ بىز ئۇنىڭغا بىز بېرەلىگۈدەك ئىمكانىيىتىمىز بويىچە ھەممىنى بەرگەنىدۇق، ئۇ قانائەت قىلمىدى. بۇنىڭغا رازى بولمىدى، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟— ئايىسخان ئانا ئىككى نەۋرىسىنى، قىزى ھېچ ئىككىلەنمەي، ئازابلانماي، تارتىنماي تاشلاپ كەتكەن ئېلشات بىلەن گۈلرۇنى باغرىغا باستى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلار بالىلارنىڭ چاچلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى.

ئايىسخان ئانا ھازىرمۇ شۇنداق تىلىقىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنداقتا ئۇ نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ؟

ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان، لېكىن نامىزىغىمۇ، نەزىرلىرىگىمۇ كەلمىگەنىدى. سىڭلىسىنىڭ ئوقۇشقا بارالمىغانلىقىنى ئاڭلىغان. ئۇنىڭ سەۋەبچىسى ئۆزى ئىكەنلىكىنى، سىڭلىسىنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلغانلىقىنى بىلەتتى. بانۇ بۇلارغا پۇشايمان قىلىپ يىغلامدۇ؟ ئۇ بۇنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇ ئۇزۇن يىللارنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقىنى، قايغۇ - ھەسرىتىنى، ھىجران ئازابلىرىنى بىر يولىلا چىقىرىۋېلىشنى خالاپ يىغلايتتى. لېكىن ھېچ نەرسە ئېسىگە كەلمەيتتى. دادىسى كەلمەسكە كەتكەن. ئۇنىڭ پەرىشتىدەك چىرايىنى، خىزىرنىڭكىدەك ئاپئاق ساقاللىرىنى ئەمدى كۆرەلمەيتتى. دادىسى ئەمدى مەڭگۈ ئۇنىڭ چاچلىرىنى تاراپ قويمايتتى... ئۇنىڭ قايتىپ كېلىپ ئۆز بالىلىرىنى ئۆزى باققۇسى، ئۆز ئۆيىنى ئۆزى تۇتقۇسى بار ئىدى. بۇنىڭ ئىمكانىيىتى بارمىكىن؟

ئايىسخان ئانا بۇرۇنقى ئازابلارنى، مەرھۇم جورىسىنىڭ قايغۇ چىرمىغان، ھەسرەت ياماشقان چىرايىنى ئۇنتۇلۇپ قالغىنى يوق. رەھمەتلىك بوۋاينىڭ ئاھۇ - زارى، دادۇ-پەريادى ھازىرغىچە قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرۇپتۇ. لېكىن ئانا كۆكسى يايلاق، بىپايان يايلاق. ئۇ قىزىنى كۆرۈپ ئانىلىق باغرى تېخىمۇ يۇمشاپ ئاچچىقلىرى پەسىيىپ قالدى. قىزى ھېلىمۇ شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپتۇ. بۇرۇنقىدىن سەل سەمرىپ تولغان جۇۋان بوپتۇ.

بانۇ ئانىسىغا قارىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا يىگىرمە ياش قېرىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئايىسخان ئانىنىڭ چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ، يۈزلىرىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى. بانۇ شۇ تاپتا يۈرىكى دەرد بىلەن پۇچۇلانغان بىچارە ئانىغا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇ ئۆز قەلبىدىكى ئارمانلىرىنى، دېيىشكە تېگىشلىك گەپلىرىنى قانداق چۈشەندۈرەلىسۇن؟ بانۇ بىلىدۇ، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بىۋاپا بالا. دادىسىنىڭ شۇنداق بالدۇر كېتىپ قېلىشىغا ئۆزىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ شۇنداق ۋاقىتسىز قېرىپ كېتىشىگىمۇ ئۆزىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى، سىڭلىسىنىڭ ئالدىدىمۇ ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. لېكىن ئۇنى كىم چۈشىنىدۇ؟ ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئۇنىڭ تەلەپلىرى بىلەن كىم ھېسابلىشىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا، تۇتقان يولىغا پۇشايمان قىلىپ باقمىغان. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. شۇڭا ئۇ ئۆيىگە دائىم پۇل ئەۋەتىپ تۇردى. ئەپسۇسكى، پۇل دادىسىنىڭ ھەسرىتىنى يەڭگىللىتەلمىدى، ئۆمرىنى ئۇزارتالمىدى. ئانىسىنىڭ قايغۇسىنى يەڭگىللىتەلمىدى، پۇل سىڭلىسىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ھايات ئېقىن سۇدەك بىر خىلدا ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە كېتىۋەردى... بانۇنىڭ كۆز چاناقلىرى يەنە لىقىدە ياشقا تولدى...

ھەرقانداق ئېغىر گۇناھ قىلغان پەرزەنتمۇ ئانىنىڭ

www.uyghurkitap.com



كەچۈرۈم قىلىشقا سازاۋەر بولىدۇ. ئانا قىزىنىڭ باشلىرىنى سىلىدى، تارشىدەك قېتىپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن قىزىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. ئۆز قولى بىلەن قىزىغا يۈز - كۆز يۇيۇش ئۈچۈن ئىسسىق سۇ تەييارلىدى.

بانۇنىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ ئۆزى تاشلاپ كەتكەن بۇ ئانا دىياردىن يەنە ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ئىللىقلىق، مېھرىبانلىقنى قايتا تېپىۋالدى. يۇيۇنۇپ بولۇپ ئۆزىگە تەييارلاپ قويۇلغان خاس ھۇجرىغا كىرىپ خاراموشلۇق ئىچىدە تېزلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چارچىغان، چارچاشقا قاتتىق ھاياجان قوشۇلغانىدى.

زۆھرە كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىلشات بىلەن گۈلرۇنىڭ تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلغاچ ئۇلارنىڭ ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن يۇيۇقلۇق كىيىملىرىنى ئېلىپ رەتلەپ، ئۇلارنىڭ ياتاق ئۆيىگە قويۇپ قويدى. ئاندىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قولىغا بىر كىتابنى ئالدى. لېكىن ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ كىتابنىڭ ئىككى قۇرىدىن ئاشالمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېچنېمە چۈشمەيۋاتاتتى. مۇشۇ نەچچە كۈندىن بۇيان زۆھرەنىڭ كەيپىياتى ناچارلىشىپ قالدى. ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەتتى. زۆھرە ئۆزى بىلەن بىر مەكتەپتە ئىشلەيدىغان خىزمەتدىشىدىن بانۇنىڭ يېقىندا يۇرتىغا كېلىدىغىنىنى، ئەگەر ئىمكانىيىتى بولسا قايتىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. بۇ خەۋەر ئىشەنچلىك ئىدى. چۈنكى بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگۈچى بانۇنىڭ دادىسىنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى ئىدى. بۇ خەۋەر زۆھرەنى سەل گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ نېمىشقا كەتمەس بولۇپ قالىدىغاندۇ؟ بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «ئىمكانىيەت» زۆھرەگە قاراڭغۇ، لېكىن يامان بىر خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا سايىدەك ئەگىپ يۈرۈپ ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى.

زۆھرە بانۇ بىلەن ئون يىللىق ساۋاقداش ھەم يېقىن دوست ئىدى. زۆھرەنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى دىگۈدەك ياخشى ئەمەس بولۇپ، ئاپىسى باشقىلارنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، نانلىرىنى يېقىپ تاپقان ئازغىنە پۇلى بىلەن ئائىلىسىنى قامدايتتى. ھېيت - بايرام كۈنلىرى بانۇغا ئاتاپ كىيىم - كېچەك تەييارلايدىغان ئايىسخان ئانا ئارىلاپ زۆھرەنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئۇلار تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشتى. بەختكە ئۇلار ئىككىسى بىر مەكتەپكە، يەنە كېلىپ بىر سىنىپقا قوبۇل قىلىنىشتى. ئۇلار ئالىي مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ، بىر ياتاقتا يېتىشتى. ئۇلارنىڭ شاد ھەم قايغۇسى ئورتاق ئىدى. قىزىق يېرى، تەقدىر ئۇلارغا ناھايىتى قاملاشمىغان بىر چاقچاق قىلدى. ئۇلار ئىككىلىسى تەڭلا جەۋلاننى ياخشى كۆرۈپ قالدى. جەۋلان ئۇلارنىڭ يۇرتلۇقى ھەم ساۋاقدىشى ئىدى. مۇھەببەت ئەسلىدىنلا قىزغىنىش ھەم تەشۋىشكە تولغان بولىدۇ. مانا مۇشۇ تەشۋىش، قىزغىنىش، شەخسىيەتچىلىك مۇھەببەتنى ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان. مانا بۇ سېھرىي كۈچ ئىنتىلدۈرىدۇ، كۈرەش قىلغۇزىدۇ، قىزغاندۇرىدۇ. ئادەمنى دەككە - دۈككىگە سالىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئىنسان ۋاقتى كەلسە شۇ مۇھەببەت ئۈچۈن جان بېرىشكە رازى بولىدۇ.

ئىككى دوست — بانۇ بىلەن زۆھرە تالاشمىدى، قىزغىنىشمىدى، دۇنيادا تالاشلا ئەمەس، تاللىنىش دەيدىغان يەنە بىر ئاتالغۇمۇ بار. جەۋلان بانۇنى تاللىدى. ئىنسان بىرلىرىنى ياخشى كۆرەيچۇ دېمەي ياخشى كۆرەلمىسە، ياخشى كۆرمەيچۇ دېمەي ياخشى كۆرمەيدىغان ئىش بولسا سۆز لۇغىتىدە مۇھەببەت دەيدىغان بۇ ئاتالغۇمۇ، كۆيۈش دەيدىغان بۇ ئۇقۇممۇ پەيدا بولمىغان بولاتتى. كىمنى ئەيىبلىگىلى بولىدۇ؟ بانۇنى ئەيىبلىسۇنمۇ؟ ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ نېمە ھوقۇقى بار؟ ئەمىسە جەۋلاننى گۇناھكار دېسۇنمۇ؟ لېكىن جەۋلان نېمە ئۈچۈن گۇناھكار بولغۇدەك؟ ئەمىسە...

زۆھرە ئۆزىنى قىلچىمۇ ئەيىبلىيەلمەيتتى، بۇ ئازابلىق مۇھەببەت ئۇنى قانچىلىك قىينىمىسۇن، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىدىن پەخىرلىنەتتى. بۇ سۆيگۈ ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇتقان، ئىنسانلىق سەزگۈسىنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ سۆيەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. سۆيۈلۈشنىڭ ئۆزى بەخت، سۆيۈشنىڭ ئۆزىمۇ ئوخشاشلا بەخت ئىدى. زۆھرە بۇنى چۈشىنەتتى. ئۇ باشقا بېشەم قىزلارغا ئوخشاش ئۆز مۇھەببىتىنى جېدەل - ماجىرا بىلەن نامايان قىلىشنى ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى غەمكىن. گېپى ئاز، ئۇ دائىم ئوقۇش بىناسىنىڭ كەينىدىكى سۆگەتلىك ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا بويىغا كېلىپ لايقىلىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە قاراپ سائەتلەپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە كۆز چاناقلىرىغا پاتماي قالغان ياش مەڭزىنى بويلاپ پەسكە سىيرىلىپ چۈشەتتى. زۆھرەنىڭ بۇنداق ھالىتىنىڭ سەۋەبىنى بانۇمۇ، جەۋلانمۇ ھەر ئىككىلىسى بىلەتتى. ئۇنىڭ بىرەر ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولاتتىيۇ، يەنە توختاپ قېلىشاتتى. چۈنكى ھازىر ھەر ئىككىلىسىنىڭ ھەرقانداق بىر سۆزلىرى ئۇنىڭ قەلب يارىسىغا تۇز سېپىپ، ئۇنىڭ دەردىگە دەرد قوشاتتى. ئۇلار پەقەت زۆھرەنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ يۈرەتتى. لېكىن ئىچ ئاغرىتىش مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى. جەۋلان زۆھرەنى چۈشىنەتتى. ئۇ قەيسەر، ئىرادىلىك قىز. ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇ ئۈگىشلىپ قالىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

دېگەندەك، جەۋلاننىڭ دېگىنى توغرا چىقتى. زۆھرە ناھايىتى تېزلا ئۈگىشلىپ ئەسلىدىكى شوخ ھالىتىگە

كىردى. ئۇلار ئۇچى بۇرۇنقىدەكلا دوستلۇقنى ساقلاپ قالدى. ئوخشىمايدىغىنى، جەۋلان بىلەن بانۇ بىكار ۋاقىتلىرىنى كىنو كۆرۈش، باغچىلاردا سەيلە قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. زۆھرە كىتاب ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

— خوش، — دەيتتى ئۇ ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىلەر بېرىپ كېلىڭلار، مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى قىلىۋالاي.

ئۇلارنىڭ ھەرقانچە يېلىنىشلىرى، يالۋۇرۇشلىرىمۇ كارغا كەلمەيتتى.

خۇدا بەزى ئادەملەرگە شۇنداق قۇدرەتنى ئاتا قىلغان. ئۇلار بارلىق قايغۇلىرىنى، ئازابلىرىنى ئىشلەش بىلەن يېڭەلەيدۇ. ئۇلار قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ. بۇمۇ كىشىلەرنىڭ ئازابىنى، دەرد - ھەسرىتىنى يېڭىشتىكى بىر خىل ئۇسۇلى. لېكىن بۇنداق قىلىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس. زۆھرە قاتتىق بېرىلىپ ئۆگەندى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيىسى ئەلا باھاغا ئېرىشتى.

ئىشكىنىڭ تاراققىدە ئېچىلىشى زۆھرەنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى.

— تېخى ئۇخلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى جەۋلان چاپىنىنى ئاسقۇغا ئېسىۋېتىپ، غەمكىن ئولتۇرغان زۆھرەگە قاراپ — باللارچۇ، ئۇخلاپ قالدىمۇ؟ — دەپ قوشۇپ قويدى.

— كەچ قالدىڭغۇ؟ — دېدى زۆھرە — ئۇخلىدى بولغاي، قورساق قانداق؟

جەۋلان «توق» ئىشارىسىگە باش چايقىدى ۋە ياندىكى ئاۋۋال قىزى ياتقان، ئاندىن ئوغلى ياتقان ئۆيگە كىرىپ چىقتى. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى، ھەرقانچە كېچىدە كەلسىمۇ باللىرىنىڭ يوتقىنىنى قامداپ ئۇلارنى كۆرۈپ چىقمىغۇچە خاتىرجەم بولالمايتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. «ھەممىلا دادا شۇنداق بولالمىغاندۇ» دەپ ئويلايتتى زۆھرە، دۇنيادا ئۆز باللىرىغا كۆيۈنمەيدىغان دادا بولمىسا كېرەك. لېكىن ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئۆز سۆيگۈسىنى ئىپادە قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. جەۋلان باللىرىنى بولۇپمۇ قىزىنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتى. زۆھرەنىڭ ئىشلەيدىغان يېرى يىراقراق بولغاچقا چۈشتە قايتىپ كەلمەيتتى. شۇڭا جەۋلان باللىرى بىلەن ئىدارىسىنىڭ ئاشخانىسىدا تاماق يەيتتى. بوران، يامغۇر، تومۇز ئىسسىقتا جەۋلان تامىقىنى ئېلىپ قويۇپ باللىرىنى ئالغىلى باراتتى. قاراپ ئولتۇرۇپ باللىرى تامىقنى يەپ بولغاندا ئاندىن ئۆزى يەيتتى. تامىقنى يەپ بولغاندىن كېيىن باللىرىنى مەكتەپكە يەنە ئۆزى ئاپىرىپ قوياتتى. بۇنداق ئەھۋال توت يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ قىزىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلاتتى.

— ئېلىشات دېگەن ئوغۇل بالا، — دەيتتى جەۋلان — قىز بالا دېگەن ئاجىز بولىدۇ. ئۇ بەكرەك كۆيۈنۈشكە موھتاج.

زۆھرە بىلەتتى. جەۋلاننىڭ ئۆز قىزىغا بولغان مېھرىبانلىقى ئاتىنىڭ بىر قىزغا بولغان سۆيگۈسىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبى گۈلرۇ ئاپىسى بانۇغا بارغانسېرى ئوخشاپ كېتىۋاتاتتى، ئانا - بالا ئىككىسىنى بىر قېلىپتا قۇيۇلغان دېيىشكە بولاتتى. جەۋلان قىزىغا قاراپ تويمايتتى. بۇنداق چاغلاردا زۆھرەنىڭ كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولاتتى. جەۋلاننىڭ بانۇنى ھازىرغىچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇ تاشلاپ كەتكەن ئىككى بالىنى پەقەت ئۆزىنىڭ بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى سۆيگەن، ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ يادنامىسى بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. زۆھرە بۇ ئۆيگە كىرگەندىن بۇيان دوستىنىڭ قولى تەگكەن نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۆزگەرتكىنى يوق. ئۇ پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ بالىسىغا ئانا بولۇپ، ئۇنىڭ يۈكىنى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىتەلىگىنى ئۈچۈن ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېسابلايتتى. چۈنكى زۆھرەنىڭ نەزىرىدە سۆيۈش بىلەن سۆيۈلۈش، ئېرىشىش بىلەن قۇربان



www.uyghurkitap.com



بىرىش ئۇخشاشلا بەخت ئىدى.

جەۋلان چەينەكتىن بىر پىيالە چاي قۇيۇپ غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئالدىرىماي بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى - دە، قاتتىق بىر شوراپ قىقىلىپ كەتتى.

زۆھرە جەۋلاننىڭ ئۆزىگە بىرنەرسە دەيدىغانلىقىنى پەملىدى (بۇرۇنمۇ دائىم شۇنداق قىلاتتى)، شۇڭا ئۇ ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ شۇنداق دېدى:

- ماڭا دەيدىغان گېپىڭ بارمىدى جەۋلان؟ دەۋەرگىن، نىمە كەپتۇ شۇنچە جاپا تارتىپ؟ مەن سىنىڭ ئاياللىڭغۇ؟

جەۋلان زۆھرەنى تۇنجى كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بۇ ئاق كۆڭۈل ئايال ئۆزىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇنىڭغا ھامىي بولدى. ئانىسى تاشلاپ كەتكەن باللىرىغا ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزدى. بۇ ئۇنىڭ يالغۇز ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنمىدۇ؟ زۆھرە ئىپادىسىز بىر ھالەتتە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. «گەپنى ئەگىتىپ نىمە قىلاي؟» دەپ ئويلىدى جەۋلان، ئۇدۇل قىلىۋېرەي.

- بانۇ بۈگۈن قايتىپ كەپتۇ.

- بىلىمەن.

قىسقىلا بېرىلگەن بۇ جاۋابتىن جەۋلان ھەيران قالدى. زۆھرە يەنىلا پەرۋاسىز، ئىپادىسىز بىر ھالەتتە تەمكىن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئاقسېرىققا مايىل چىرايىدا ھېچقانداق بىر غەيرىي ئىپادە سېزىلمەيتتى.

- ئەجەب ماڭا دېمىدىڭغۇ؟

- زۆرۈرىيىتى بارمىدى؟

- زۆرۈرىيىتىغۇ يوق، لېكىن سېنى ھەيران قالارمىكىن، خاپا بولارمىكىن دەپ ئويلىۋىدىم.

زۆھرە كۈلۈپ كەتتى.

- بۇنىڭ خاپا بولغۇدەك، يەنە كېلىپ ھەيران قالغۇدەك نىمىسى بار؟ بۇنىڭ سەۋەبى بىرى، بۇ بانۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ماكان، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئانىسى، قېرىنداشلىرى، ئۆزىنى سۆيگەن ئادەملىرى بار. قاچان كەلگىسى كەلسە، قانداق ۋاقىتتا كەلگىسى كەلسە شۇ ۋاقىتتا كېلىۋېرىدۇ. بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نىمىسى بار؟ ئىككىنچىدىن، سەن ئۇنى چىللاپ كەلمىگەن تۇرساڭ بۇنىڭغا نىمىشقا رەنجىگۈدەكمەن. ھەتتا ئۇ مۇشۇ ئۆيگە كەلسىمۇ رەنجىشكە ھەقلىقمىدىم؟ چۈنكى بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ يۈرەك يېرىپ چىققان ئىككى بالىسى بار ئەمەسمۇ؟

زۆھرەنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، لېكىن جەۋلان ئۇنىڭ سۆز ئۇرغۇسىدىن تېنە قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ شۈكلەپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەن - دە، دەپ ئويلىدى جەۋلان.

- ئەتە باللارنى ئېلىپ بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەيلى، - دېدى زۆھرە ئاردىكى جىملىقنى بۇزۇپ جەۋلانغا، - ئەتە دەم ئېلىشقۇ؟

ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. تامدىكى سائەتنىڭ چىكىلدىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆي ئىچى يەرگە يىڭنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە جىمجىت ئىدى.

تېگىدىن ئېيتقاندا، جەۋلان زۆھرەنىڭ دىلىنى ئاغرىتىشنى خالىمايتتى. چۈنكى ئۇلار نىملا بولمىسۇن ساۋاقداش ئىدى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جەۋلان گۈلبانۇ بىلەن توي قىلدى. تويدا زۆھرە بانۇغا قولداش بولدى. بانۇ يەڭگىگەن چاغدا زۆھرە بانۇنىڭ ھالىدىن ئۆز قېرىندىشىدەك خەۋەر ئالدى. ئۇلارنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىغا قۇربىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلدى. ئۇ دوستلۇقنى تازا ۋايىغا يەتكۈزدى. جەۋلان بۇنى بىلەتتى. بۇنداق مەردلىك، بۇنداق كەڭ قورساقلىق ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيتتى. تەقدىر دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن. راستىنلا بەزىدە ئادەمگە ئاجايىپ بىمەنە چاقچاقلارنى قىلىدىكەن. بۇنىڭغا كۈلگۈلۈكمۇ ياكى يىغلىغۇلۇقمۇ؟ ئۇ ئەينى ۋاقىتتا بانۇنى تاللىغان. مانا ئەمدى بانۇ ئۇنى ئىككى بالا بىلەن تاشلاپ كېتىۋىدى، جەۋلانغا تەسەللى بەرگەن، ياردەم قىلغان، مەنىۋى جەھەتتىن بىردىنبىر يۆلەك بولغان ئادەم يەنىلا شۇ زۆھرە بولدى. جەۋلان بۇنىڭغا كۈلۈشنى، يا يىغلىشنى بىلەلمىدى. تەقدىر ئۇنى زاڭلىق قىلىۋاتامدىكىن؟!

- بوپتۇ، سەن دېگەن ئوغۇل بالىغۇ؟ - دېدى زۆھرە ئۇنىڭغا، - ئوغۇل باللىنىڭ بېشىغا نى كۈنلەر چۈشمەيدۇ دەيسەن؟ چىدىغىن، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بانۇ بەكمۇ خاتا قىلدى. لېكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ. ئۆزۈڭنى بەردەمرەك تۇت. ئىككى بالاڭ ساڭا موھتاج...

زۆھرەنىڭ قىلغانلىرى ئالدىدا جەۋلاننىڭ قىلغانلىرى ھېچنىمىگە ئەرزىمەيتتى. جەۋلاننىڭ پۈتۈن قەلبى، سۆيگۈ- مۇھەببىتى بانۇغا بېغىشلانغانىدى. بانۇ ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنى، ئىشەنچ - ئەقىدىلىرىنى، ھەتتا ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشلىرىنىمۇ گۇمران قىلىۋەتكەنىدى. جەۋلان يارىلانغان كېيىكتەك ئۆزىنى ئىگرايتتى. ئازاب ئىچىدە تولغىناتتى. دەپسەندە قىلىنغان ئەقىدىسى ئۈچۈن ئېچىناتتى. لېكىن دەردىنى ھېچكىمگە چىش يېرىپ تىنمايتتى. ئۇنىڭ خورلانغان ئەرلىك غۇرۇرى مەڭگۈ ئەسلىگە قايتمايدىغاندەك كۆڭلى سۇنۇق، پەرىشان بولۇپ قالغانىدى. بانۇ

چىرايلىق قوللىرىغا قوش - قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى سېلىشنى، چىرايلىق ئاپئاق بوينىغا توم ئالتۇن زەنجىرلەرنى ئېسىشنى ئارزۇ قىلاتتى. كېلىشكەن بەدىنىگە يېڭى پاسوندىكى قىممەت پۇللۇق مودا كىيىملەرنى كىيىشنى خالايتتى. ئۆز ئۆيىنى خانىشلارنىڭ سارىيىدەك ئۆزگىچە ياساشنى ئويلايتتى. ئۇ كوچىدا كېتىۋاتسا باشقىلار قايرىلىپ قارايدىغان گۈزەل جامالىغا يارىشا بايلىقنىڭ ئىگىسى بولۇشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتى، «مۇھەببەت دېگەننى كىيىم ئورنىدا كىيگىلى بولمايدۇ، ئېسىل جابدۇق ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ» دەپ قارايتتى. بالدۇر تۇغۇپ ئىككى بالىنىڭ ئاپىسى بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن رەنجىيتتى. جەۋلاننىڭ پۇل تاپالمىغانلىقىدىن، ئۆز ئارزۇسىنى قاندۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن ۋايسايتتى. دېمىسىمۇ جەۋلان ئۆزىنىڭ ئازغىنە مائاشى بىلەن بانۇنىڭ ئارزۇلىرىنى ھەرگىزمۇ قانائەتكە ئىگە قىلالمايتتى. بانۇ يامانلاپ كەتتى. يوقىلاڭ بىر ئىشتىن باھانە تېپىپ جېدەل چىقىرىپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېلىپ شۇ ئۆيدىن يوقاپ كەتتى. ئۇ كېتىپ ئالتە ئايدىن كېيىن سوت ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇلارنى ئاجراشتۇرۇۋەتتى. چۈنكى بانۇ سوتقا نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەرزى سۇنغانىدى.

جەۋلانغا بۇ ئىشلار تۇيۇقسىز ھاۋادا چاقماق چېقىلغاندەك بەكمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ ئۆز سۆيگۈسىنى بېغىشلىغان ئايال، ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم دەپ تاللىغان مەھبۇبىسى ئۇنى ئىككى بالا بىلەن تاشلاپ كەتكەنىدى. ئادەم دەرد تارتقانغا ئۆلمەيدۇ، لېكىن ياشاش ئۈچۈن غەيرەت كېرەك، ئۈمىد كېرەك. ئۇنىڭ ئالدىدا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان ئىككى بالىسى ئۇنىڭدىن ئۆزىمۇ ئويلاپ يېتەلمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەلەپ قىلاتتى. جەۋلان بۇنىڭدىن كېيىن ھاياتتا ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى، يۈكنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن بۇنى يالغۇز كۆتۈرۈش شۇنچىلىك قىيىن ئىدىكى، جەۋلان بۇلارنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالدى.

خۇدا ھامان بەندىلىرىنى بىر - بىرىگە ئۆز ئارا موھتاج قىلىپ ياراتقانىكەن. شۇڭا دۇنيادا دوستلۇق پەيدا بولغان. ئادەملەر مېھىر - شەپقەتكە، ياردەمگە موھتاج بولغانلىرىدا بىرلىرى ئۇنىڭغا ياردەمدە بولىدۇ، شەپقەت قىلىدۇ، بۇ قانۇنىيەت. لېكىن جەۋلان يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ئاچچىق تاماكىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ، تۈتۈنىنى ئىچىگە يۇتاتتى. ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان سەبىي بالىلىرىغا قاراپ ئىچى سىيرىلاتتى. چارىسىز ئاللەر بىلەن بالىلىرىنى باغرىغا باساتتى. ساۋاقداشلىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىپ تەسەللى بەردى.

- زۆھرە بىلەن توي قىل، - دېدى ساۋاقداشلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا، - ئۇ بىچارىنىمۇ تۇغماس دەپ ئېرى كۆرمىگەننى كۆرسەتتى. ئىككى ئازابلانغان يۈرەك بىرلەشسە، بەلكى بەختلىك ئۆتۈپ كېتەلەرسىلەر. مۇھىمى، زۆھرە سېنى ياخشى كۆرەتتىغۇ؟

ياخشى كۆرۈش دېگەن نېمە؟ ئاياللارنىڭ ياخشى كۆرۈشى زادى قانداق ياخشى كۆرۈشتۇ؟ بانۇمۇ ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىغۇ؟ ئۇلارنىڭ ئورتاق غايىسى، ئورتاق پىكرى بار ئىدى. ئۇلار خۇدا قوشقان بىر جۈپلەردىن ئىدى. جەۋلان ئەمدى ياخشى كۆرۈش دېگەن نەرسىلەرگە، سۆيۈش دېگەن سۆزلەرگە ئىشەنمەس بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ دېڭىزدىكى نىشانسىز كېمىگە ئوخشاش دولقۇن قاياققا ئۇرسا شۇ ياققا لەيلەپ تۇرمۇش سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.

توغرا، زۆھرەنىڭ جەۋلاننى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەممە ساۋاقداشلىرى بىلەتتى. زۆھرە توي قىلىپ بالا يۈزى كۆرمىدى. قىلمىغان دورىسى، بارمىغان دوختۇرخانىسى، ئىزدىمىگەن تېۋىپى قالمىدى. ئېرى، ھەتتا چوڭلارمۇ ئۇنى «قېچىر» دەپ يامان كۆرۈپ پاتۇرمىدى. زۆھرە بۇ خورلۇقلارغا چىدىماي ئېرىدىن خېتىنى ئالدى. لېكىن ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشكە كىرىشىپ كەتتى. زۆھرە جەۋلاننى ئىككى قېتىم ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. بۇنى قانداقتۇر بىرەر پايدا ئېلىش كويىدىكى ئۇرۇنۇش دېگىلى جەۋلاننىڭ ۋىجدانى چىدىمايتتى. زۆھرە كرىستالدەك ساپ دوستانە قولىنى جەۋلانغا سۇنۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەنىدى. زۆھرەنىڭ قەلبى ئازابلانغان قەلب ئىدى. شۇڭا ئۇ باشقىلارنىڭ ئازابىنى چۈشىنەتتى. بۇنداق ئازابلارغا - ئاشىقلىق ئازابى بىلەن يوقىتىشتىن پەيدا بولغان ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى ئۇ ئۆزىلا بىلەتتىكى، باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى ھەم چۈشەندۈرۈشنىمۇ خالىمايتتى. زۆھرە ئۆز تۇرمۇشىدىن توختىماي ۋايىم يەيدىغان چىدامسىز ئاياللاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇرۇنمۇ شۇنداق قىلغان، ھازىرمۇ شۇنداق قىلىۋاتاتتى. ئۆزى ياردەمگە، تەسەللىگە، مېھىر - شەپقەتكە موھتاج تۇرۇپ، ئەكسىچە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بارلىق چىدام، غەيرەتلىرىنى چىقىرىپ دوستىغا - جەۋلانغا تەسەللى بېرىۋاتاتتى.

ئۆتمۈشكە تەئەللۇق نۇرغۇن تەپسىلاتلار... جەۋلان ئەمدى قايسى يۈزى بىلەن زۆھرەگە توي قىلىش تەلىپىنى قويار؟ راستىنى دېگەندە، ئانىسىز قالغان بالىلىرىغا ئانا تېپىپ بېرىش كېرەك. تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى بىللە

ئۇيغۇر كىتاپ www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈشۈپ بېرىدىغان ھەمراھقا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئۇمۇ ئويلاپ يەتكەنىدى. بالىلارنى چوڭلارنىڭ ئۆيىگە قويغۇسى - ئانىسىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان بالىلىرىنىڭدادىسىدىنمۇ ئايرىپ قويغۇسى كەلمەيتتى. ئۆزى بولسا ھەم دادا، ھەم ئاپا بولۇپ يېتىشىپ بولالمايتتى...

كېيىنكى يولنى جەۋلان خاتا باسمىغانىدى. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ توغرا يول كۆرسەتكەنىكەن. جەۋلاننىڭ جاراھەتلەنگەن قەلبى زۆھرەنىڭ شىپالىق قولى بىلەن بارا - بارا ساقىيىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىللىق قولىدىن تېمىۋاتقان مېھرىلىك ئابھاياتلارنىڭ ئۇنىڭ قەلب يارىلىرى ئۈستىگە تىم - تىملاپ چۈشۈشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ئۆلگەن ۋۇجۇدى قايتا جانلىنىشقا، ھاياتقا بولغان ئىشەنچى قايتا ئۇرغۇشقا باشلىدى. ئۆتمۈش ھەققىدە ھېچكىم ئېغىز ئاچمايتتى. بالىلارمۇ ناھايىتى تېزلا بۇ يېڭى ئاپىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى. ئۇلار زۆھرەگە ئەركىلەيتتى. ئانا مېھرىگە تەشنا سەبىي قەلبىنىڭ ئاچلىقى بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلاتتى. بولۇپمۇ ئوغلى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئۆيگە كېلىپ بىرىنچى ئىشى ئانىسىغا مەكتەپتىكى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ئىدى. ئۇ جەۋلانغا قىلمىغان شوخلۇقلىرىنى زۆھرەگە قىلاتتى، مۇز چېچىپ تۇرغان ۋەيران بولغان بۇ ئائىلە بۇ ئايالنىڭ ئىللىق قەلبى، ئەمگىكى، ئەجرى بىلەن يەنە قايتا قۇرۇلۇپ شاد - خۇراملىققا چۆمدى. بالىلارنىڭ بۇرۇنقى شوخلۇقى ئەسلىگە كەلدى. مۇڭ باسقان بۇ كەپىدىن ئەمدى كۈلكە ئاۋازى يوقالمايدىغان بولدى. زۆھرە ھېرىپ - چارچاش دېگەننى بىلمەيتتى. ئىشتىن كېلىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى. بىكار ۋاقىتلىرى بولسا چوڭلارنى يوقلايتتى.

- ئايسىخان ئانىنى يوقلاپ كېلەيلىچۇ؟ - دەيتتى ئۇ پات - پاتلا. تاتلىق - تۇرۇملارنى ئېلىپ ئىككى بالىنى يېتىلەپ ئايسىخان ئانىنى يوقلاپ تۇراتتى.

- بۇ قانجۇقنىڭ يەنە تەلىيى بار ئىكەن، - دەپ يىغلىدى ئايسىخان ئانا زۆھرەگە بىر قېتىم، - بالىلىرىغا خۇدايىم سىزدەك ياخشى بىر ئانىنى يەتكۈزدى. بالىلار يېتىملىكنىڭ، ئانىسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتماي چوڭ بولىدىغان بولدى. ئىككى ئالەملىكىڭىز ياخشى بولغاي قىزىم.

زۆھرەنىڭ بۇنچىلىك كەڭ قورساقلىقى جەۋلاننى ھەيران قالدۇراتتى. جەۋلان زۆھرەنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى، بانۇ تۇتقان نەرسىلەرنى نېمە ئۈچۈن قەدىرلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇزاق ئويلىناتتى. لېكىن بۇنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلمەيتتى. زۆھرەنىڭ ھەممە ئىشلىرى شۇنچە تەبىئىي ئىدى. بالىلارنى باشقۇرۇشى، ئەركىلىتىشى ھەتتا بانۇنى تىلغا ئېلىشىمۇ شۇنچە تەبىئىي ئىدى. مانا ھازىرمۇ بانۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيرانمۇ قالمىدى. ئۇنىڭ كېلىشىدىن ئاللىبۇرۇنلا خەۋەر تاپقانىكەن. لېكىن ماڭا بۇ توغرىدا بىر ئېغىزمۇ تىنمىدى. خاپا بولىدىمىكىن دېسەم، ئەتە بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەيلى دەۋاتىدۇ. بۇ ئاياللارنى چۈشەنمەك نېمىدېگەن تەس. ياللا...

چىراغ ئۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، ھەر ئىككىلىسى ئۇخلىمىغانىدى. ئېغىر - ئېغىر تىنىقلار ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى. جەۋلان بۇرۇن بىلمىگەن، چۈشەنمىگەن نەرسىلەرنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدى. زۆھرەنىڭ ئۆزىنى شۇنچە چوڭقۇر سۆيىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ياخشى كۆرۈشنى ئىپادىلەشنىڭ ئۇسۇلى كۆپقۇ؟ ئادەملەر ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ئۆز كۆڭلىنى، قەلبىنى، ئەقىدىسىنى ئىزھار قىلىدۇ. جەۋلان بانۇنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا زۆھرەگە قۇرۇپ كەتكەن ھېسسىياتسىز بەدەندىن باشقا ھېچنەرسە بېرەلمىدى. ئۇنىڭ بانۇنى ياخشى كۆرۈشى ئۆتمۈشكە تەئەللۇق بولسىمۇ، ئۇ خىل ھېسسىيات ساپ كرىستالدەك تازا نازۇك ھېسسىيات ئىدى. ئۇ سۇنغان، ئەمدى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ھېسسىيات ئىدى. لېكىن ئۇنى قەلب ساھىلىدىن چىقىرىۋېتىشكىمۇ بولمايتتى. بانۇ گەرچە ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب سېلىپ ۋاپاسىزلىق قىلغا بولسىمۇ، ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇنى سۆيگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن نەپرەت ئوتتۇرىسىدا تەمتىرەپ يۈرەتتى. مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئەسلىدىنلا بىر - بىرىگە قوشكېزەك ئىكەن. چوڭقۇر مۇھەببەت بولغاندىلا كۈچلۈك نەپرەت بولىدىكەن. مۇھەببەت ئەنە شۇ نەپرەتنىڭ ئەكس ساداسىمىدۇ؟ دېمەك، بانۇنىڭ بالىلىرى، ئۇ تۇتقان ئۆي، ئۇ تاشلاپ كەتكەن نەرسىلەر ھېچنەرسە ئۆزگەرگىنى يوق. ھەممە نەرسە شۇ پېتى، پەقەت جەۋلاننىڭ ھېسسىياتىلا ئازاب ئىچىدە داۋالغۇماقتا. ئۇ يوقىتىشنىڭ ئازابى، سۆيۈلۈشنىڭ راھىتى ئىچىدە تېڭىرقىماقتا. ئۇ ئۆزىنىڭ زۆھرەنىڭ سۆيگۈسىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرالمىغانلىقىدىن ھەسرەت چېكەتتى. ئۆتمۈشنىڭ يادنامىلىرى كۆلەڭگىدەك ئۇلارنى ئەگىشىپ يۈرىدۇ. زۆھرە بۇلارنى جەۋلاندىن ياخشىراق بىلىدۇ. ھېسسىي تۇيغۇلارنى چۈشىنىشتە ئاياللار ئەرلەردىن ماھىرراق. مۇھەببەت ئۈچۈن قۇربان بېرىشتە ئاياللار ئەرلەردىن باتۇر. زۆھرە نېمە ئويلايدىغاندۇ. ئۇ جەۋلاننى پەقەت ئۇستا دوختۇر ساقايماس بىر كونا كېسەلنى داۋالىغاندەك ئاستا، ناھايىتى

ئاستا داۋالاۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ ھېسسىياتلىرىغا ھۆرمەت قىلغان، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قەدىرلىگەنىكەن. جەۋلانىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىلىرىگە ھېسسىي قاتماللىقلىرىغا ئۈن-تىنسىز، پەرىيادسىز سۈكۈت قىلىپ كەلگەنىكەن. ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق جەۋلاننى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنىكەن. شۇڭا ئۇ جەۋلان ياخشى كۆرگەن بارلىق نەرسىلەرنى ھېچ ئىككىلەنمەي ساقلاپ قالغانىكەن...

زۆھرە جەۋلاندىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەكمۇ قورقاتتى. جەۋلان ئۇنىڭغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويغاندا ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغانىدى. ئۇ بۇنى ھاياتىدىكى بەختلىك دەقىقىلەر دەپ بىلگەنىدى. لېكىن جەۋلانىنىڭ ئۆزىنى بانۇنى ياخشى كۆرگەنچىلىك ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، جەۋلانىنىڭ ئىككى بالىسى ئۈچۈن ئانا بولۇشقا زۆھرەدىنمۇ مۇناسىپراق نامزاتنىڭ يوقلۇقىنى جەۋلانىنىڭ بىلىدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەتتى.

— مەن سىزنى ماڭا ياتلىق بول دەپ زورلىيالمايمەن. بانۇ سىزنىڭ دوستۇڭ. مەنمۇ سىزنىڭ دوستۇڭ. بۇ ئىككى بالا-ئۇ يېنىدىكى بالىلارنى كۆرسەتتى، — ئانىغا، ئانا مېھرىگە موھتاج. مەن سىزنىڭ ئاجىزلىقىڭىزدىن پايدىلىنىۋالاي دەۋاتقىنىم يوق. بالىلىرىمنى ياخشى كۆر دەپمۇ تەلەپ قويالمايمەن. پەقەت رىت قىلساڭ رەنجىمەيمەن. جەۋلان شۇنداق دەپ ئىككى بالىسىنىڭ بېشىنى سىلىدى.

زۆھرە ئىككى بالىغا قارىدى. دادىسىنىڭ قولىغا، يەنە كېلىپ يارىلانغان كېپىكتەك يۈرىكى ئازار يېگەن بىر ياش دادىنىڭ قولىغا قالغان بالىغا قارىدى. ئۇلارغا قاراپ ئىچى سىيرىلدى. ئانىلىق مېھرى قوزغىلىپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن ئىككى بالىنى يېتىلىگىنىچە ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. قىزىقى، بالىلار ياتسىرىماستىن، ھەيران بولماستىن ھەتتا دادىسىغا تارتىشىپمۇ قويماستىن زۆھرە بىلەن بىللە كېتىپ قېلىشتى. بەلكى زۆھرە بۇرۇنمۇ ئۇلارنى دائىم يوقلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولغاندۇ، جەۋلان بالىلىرىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان بۇ غەلىتە مىجەزلىك ساۋاقدىشىنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يۈتكىچە قاراپ قالدى.

زۆھرە بالىلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئۇلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى ئېتىپ يېگۈزدى. يېشىندۇرۇپ ھەر ئىككىلىسىنى يۇيۇندۇردى. بالىلار راھەتلىنىپ تېزلا ئۇخلاپ قېلىشتى. زۆھرە تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان بۇ سەبىي بالىلارغا بىر پەس قاراپ تۇردى - دە، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. بۇ ئۇنىڭ دوستىنىڭ، ساۋاقدىشىنىڭ ھەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ بالىلىرى ئىدى. ئۇ بالىلارنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ يېيىپ قويغاندىن كېيىن بالىلارنىڭ يېنىغا كىردى: بالىلار چۈشەكىگەن بولسا كېرەك، ۋىلىقلاپ - ۋىلىقلاپ كۈلۈۋاتاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ بالىلار ئاپىسىنى، ئۆز ئاپىسىنى تېپىۋالدۇ...

ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلىغاندەك قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئۇ مىنۇت ئىچىدە ھېسسىياتىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشكە ئۆزىمۇ ھەيران قالغۇدەك بىر چىدام بىلەن بەرداشلىق بەردى. چۈنكى قەلبىدە تامامەن يوقالغان گۇمران بولغان ئانىلىق ئەقىدىسىنىڭ تاتلىق ئېقىمى ئۇنىڭ ھازىرقى ئازابلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنىدى. ئۇ بالىلارنىڭ سىرتقا چىقىپ قالغان قوللىرىنى يوتقانىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئۇلارنىڭ يوتقىنىنى قامداپ قويدى.

تەقدىر ماڭا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل بىر ئايالنى نېمىشقا قىينايدىغاندۇ دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. ماڭا نېمىشقا شۇنچە قاتتىق قوللۇق قىلىدىغاندۇ؟ ئەجەبا؟... ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى. ئۇ دىسلەپتە ئۈنسىز ئارقىدىن بوقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. يىغا ئاۋازىدىن تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان ئىككى بالا ئويغىنىپ كەتتى.

— يىغلاپسىزغۇ ئاپاش؟ نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دېيىشەتتى ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— ياق يىغلىمىدىم ئوغلۇم، — دېدى زۆھرە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — يېتىڭلار، سوغۇق تېگىپ قالىدۇ.

— ئەمدى بىزنى دائىم مۇشۇ ئۆيگە ئېلىپ كېلەمسىز؟— بۇ چۈچۈك تىللىرى بىلەن سۆزلەۋاتقان گۈلرۇ ئىدى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك قارا كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلگەن.

— ھەئە، — دېدى زۆھرە، — دائىم ئېلىپ كېلەمەن.

— ئۇنداقتا بىزگە ئاپا بولامسىز؟

زۆھرە ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. بۇ سەبىي بالىلارغا - ھېچنەرسىنى چۈشەنمەيدىغان نارەسىدىلەرگە «ياق»! دەپ جاۋاب بېرىشكە ئۇنىڭ تىلى بارمايتتى. ئاپىسى تاشلاپ كەتكەن بۇ بالىلارنى يەنە بىر قېتىم ئانىسىز قالدۇرۇش... ئۇ قانداقمۇ ياق دېيەلىسۇن! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بالىسىز قالغان قەلب ساھىلى مۇشۇنداق بىر ساداغا موھتاج ئىدى. بۇ سادا ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن، ئازار يېگەن قەلبىنى داۋالىيالايتتى. مۇزلىغان يۈرىكىنى ئېرىتەلەيتتى. ھاياتقا بولغان ئۈمىد ئىشەنچلىرىنى ئاشۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يەنە تاراملاپ تۆكۈلدى. ئۇ گەپ - سۆز قىلمايلا ئىككى بالىنى باغرىغا باستى. بالىلار زۆھرەگە چاپلىشىپ يېتىپ ھايال ئۆتمەيلا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.

زۆھرە بانۇنىڭ توي قىلمىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ

ئايالى بار كاتتا بىر سودىگەر بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، تـۇرمۇشىنىڭ بەكمۇ باياشات ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان. بانۇ توغرىسىدىكى خەۋەرلەر دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. بانۇ ئەۋەتكەن پۇلغا ئانىسى زېمىن سېتىۋالغان، هـەتتا بانۇنىڭ ئۆزىگىمۇ قورۇ - جاي ئېلىپ قويغانىدى. بـانـۇ هەر ۋاقىت يېنىپ كېلىشى، ئىككى بالىسىنى هەتتا جەۋلانىمۇ تارتىۋېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتى. بۇ خىيال ئۇنى دەككە - دۈككىگە سېلىپ بىئارامچىلىق ئىچىدە ئۇنى قىينايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ هازىرقى بەختىدىن (مۇبادا بەخت دېگىلى بولسا) غەم قىلاتتى. ۋايىم يەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ يـۈرىـكـى پـۇچـۇلانغان، ئازار يېگەن يۈرەك ئىدى. ئۇ دوختۇرخانىلارغا تولا قاتراپ هاردى، چارچىدى. ئۆزىنىڭ «تۇغماس» ئىكەنلىكىنى بىلىپ هەتتا ياشاش ئۈمىدىنىمۇ يوقاتقانىدى. بالىسىز ياشاش، ئەۋلادسىز ياشاش دۇنيادىن نام - نىشانسىز كېتىش دېگەنلىك بولاتتى. تەقدىر ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغان، يامىنى بۇ چاقچاق بۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. بۇنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇ كۆپ، ناهايىتىمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئەمدى ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئانىلىق مېهرىنى، ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى شادلىق - خۇشاللىقلىرىنى، ئەقىدە - ۋاپالىرىنى مـۇشـۇ بالىلارغا بېغىشلىۋەتتى. بالىلارمۇ ئۇنىڭ هاياتىغا مەزمۇن قوشقان. ئۇنىڭ ئىشەنچ - ئۈمىدلىرىنى ئاشۇرغان. ئۇنىڭغا ياشاشنىڭ هەقىقىي مەنىسىنى بىلدۈرگەن. ئادەمنىڭ دۇنيادا ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىمايدىغانلىقىنى تونۇتقانىدى. زۆهرە دۇنيادا ئۆزىنىڭ باشقىلار ئۈچۈن كېرەكلىك ئىكەنلىكىنى بـىلـىشـتـىن ئارتۇق شادلىق ئۆز ئەكسىنىڭ باشقىلارنىڭ ۋۇجـۇدىـدا ئـەكس ئـەتكـەنلـىكـىنى بىلىشتىن ئارتۇق خـۇشـاللـىقـنىـڭ بـولـمـايدىـغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەنىدى. مۇشۇنداق بىر - بىرىگە چوڭقۇر گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ هېسسىي تۇيغۇلار ئىچىدە ئۇ پەرۋاسىزدەك كۆرۈنسىمۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى.

توخۇ سوزۇپ - سوزۇپ ئىككى چىللىدى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆز خىيالىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى.

بانۇ ئاپىسىنىڭ ئويغىتىشى بىلەن ئېرىنچەكلىك ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا هويلىغا چىقتى. تال باراڭ ئارقىسىدىكى چۈنەكتە هۆپپىدە ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ خۇشبۇي هىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. هويلا ئىچى چىنىدەك پاكىز، قارىسا ئادەمنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، دىلى يايراپ قالاتتى.

چـوڭ شـەهـەرلەردە، ـ دەپ ئويلىدى ئۇ، ـ بۇنداق مەنزىرىلەرنى كۆرمەك بەكمۇ تەسكە توختايدۇ. بىز ئۆزىمىز هۇزۇرۇنمۇ ياكى تەبىئەت بۇ يەرلەردە بەرگەن هۇزۇرنى ئۇ يەرلەردە بىزگە بەرمەمدۇ. كەلگىلى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە

ئۇن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭغا ئاراملىق يوق. كۈندە يا كۆرۈشكىلى كەلگەنلەر، ياكى بولمىسا ئۇنى مېهمانغا چاقىرىپ كەلگەنلەر. ئاخشام بىر ياققا چىقمىغانىدى. گۆهەر كېلىپ يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى. ئۇنى مېهماندارچىلىققا چاقىرىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. گۆهەر ئۇلار بىلەن ساۋاقداش بولغاچقا بارمىسا بولمايتتى.

گـۆهـەرنىڭ ئۆيىدىكى مېهماندارچىلىقتىن كېيىن زۆهرە بـەكـمـۇ كـەمسۆز بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشقا بارغىنىدىن قاتتىق پۇشايمان يېدى. لېكىن ئۆتكەن ئىش ئۆتكەن. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ ئازار يېگەن. ئۇ كىمدىن رەنجىشنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ ئىشتىن كېلىپلا تاماق ئېتەتتى، بالىلىرىنىڭ تامىقىنى يېگۈزەتتى. تاماقتىن كېيـىن ئـۇلارنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇ بۈگۈنمۇ كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. «مەن هاياتتا نېمىنى خاتا قىلدىم؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. باللىق دەۋر ئوقۇش هاياتى، توي قىلىپ ئاجرىشىپ كېـتىش، ئۇنىڭ تۇغماس بولۇپ چىقىشى، قايتا توي قىلىشى. بانۇنىڭ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا قايتا پەيدا بولۇشى، ئـولتـۇرۇش سـورۇنـىدىكى كۇس - كۇس گەپلەر. گۆهەرنىڭ زەهەردەك سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە بـاشلـىدى. ئۇ شۇنچە ئۇزاق ئويلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ هېچنېمىنى خاتا قىلمىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى. دېمىسىمۇ ئۇنى تۇرمۇشتىن، هاياتتىن كۈتكىنى هايات ياشاۋاتقان هـەرقـانداق ئـادەم بىمالال ئېرىشەلەيدىغان ئەقەللىي نەرسىلەر ئىدى. ئۇ بۇلارغا قانچىلىك ئېرىشتى؟ ئەسلىدە ئـۇ بـۇلارنـى كـۈتمىگەنىدى. باشقىچىرەك بولۇشنى كۈتكەن، باشقىچىرەك بولۇشنى ئارزۇ قىلغانىدى. قانداق بـولار ئىدىكىن؟ ئىشقىلىپ باشقىچىرەك، هازىرقىدىن بـاشقىچىرەك بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئـۇ كـۈتكەن، ئارزۇ قىلغان نەرسىلەر بولمىغاندىكىن مـۇشۇنىڭغا، بارىغا شۈكرى - قانائەت قىلىپ ياشاي. ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىگەندىكىن ئېـرىـشكىنىمنى قەدىرلەي دەپ ئويلىغانىدى. تەقدىر ئـۇنـىڭغـا ئىنچىك بىمەنە چاقچاقلارنى قىلىپ ئۇنى كولدۇرلىتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇنجى مۇهەببىتى ۋەيران بـولدى. ئـائـىلىسى بەربات بولدى، باللىق بولۇش ئـىستـىكـى يـوققـا چـىقتى. تەقدىر ئۇنىڭغا ئۆزى ئېرىشەلمىگەن بىرىنىڭ تەقدىرىنى تاشلاپ قويدى. ئەينى ۋاقـىـتتـا ئـۆزى يـاخشى كۆرگەن، مېهىر - شەپقەت يەتكۈزگەن دوستىنىڭ بالىلىرىغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى

يۆكلىدى. ئۇ جەۋلاننىڭ توي قىلىش تەكلىپىنى رەت قىلىشنى ئويلىغان... لېكىن ئۇ جەۋلاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. قوبۇل قىلغاندىمۇ ئىپتىپ تۈگەتكۈسىز ئازاب ۋە قايغۇ ئىچىدە قــوبــۇل قــىلدى. جەۋلاننىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۇنى ياخشى كۆرگەنچىلىك، ھېچبولمىسا شۇنىڭغا يېقىنراق بولغان بىر ھېسسىيات بىلەن ياخشى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن بــۇنــىڭ ئىمكانىيىتى يوقلۇقىنى، بۇنىڭ مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇ بىلەتتى... شۇنداقتىمۇ ئۇ ياغاچ ئادەمدەك سۈكۈت قىلىپ شۇنچە يىللار ياشىدى. ئۆسۈملۈككە ئوخشاش داد - پــەريــادســىــز، غوۋغاسىز ياشاپ ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەلدى... ئەمدى ئۇ يا يىغلاشنى، يا كــۈلــۈشــنــى بىلمەيدىغان گومۇش ئادەمدەك ھاياتىدا يۈز بېــرىــۋاتــقــان بــۇ ئىــشلارغــا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. باشقىلار ئۇنىڭ بېشىدا ياڭاق چېقىۋاتسا ئۇ يەنە جىم تۇرسۇنمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. توشقانمۇ ئاچچىقى كەلسە ئادەم چىشلىيەلەيدۇ.

ئۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقان ئىككى بالىغا قــارىــدى. ئــۇلار، ســەبىي بالىلار چوڭلارنىڭ جەڭگە - جېــدەللــىــرىــدىن، كۆڭۈل ئازارلىرى، دىل رەنجىشىدىن، ھاياتنىڭ قايناق جەڭلىرىدىن مۇستەسنا. ئادەم مەڭگۈ چوڭ بولماي شۇ پېتى تۇرسا نېمىدېگەن ياخشى - ھە؟

ئىشىكنىڭ چېكىلىشى زۆھرەنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. زۆھرە ساپما كەشىنى كىيىپ ئىشىك ئالدىغا باردى. ئىشىكنى ئېــچــىــۋىــدى، ئــىــشىك ئالدىدا بانۇنىڭ سىڭلىسى قاراپ تۇراتتى.

- ھەدەم ماۋۇ خەتنى سىزگە بەرگەنىدى، - دېدى مېھمان زۆھرەنىڭ ئۆيىگە كىرىش تەكلىپىنى سىلىق رەت قىلىپ - ئىشىم بار ئىدى. بالىلار تىنچلىقمۇ؟ ئۇلارنى كۆرگىلى ئايرىم كېــلىمەن. ئۆگىنىش قىلىۋاتقان بولسا دىققىتىنى بۇزماي. خــەتنىــڭ جــاۋابــىــنى ئاچامغا ئۆزىڭىز بېرەرسىز، - دەپ ئىشىكتىنلا كەينىگە ياندى.

زۆھرە ئۆيىگە كىرىپ باغاقچىنى ئاچتى.

«ياخشىمۇ سەن زۆھرە. سېنى تېلېفوندا ئىزدەي دېگەن، تېلېفون ئالالمىدىم. ئەتە كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە قونغۇدەك بولۇپ كەلسەڭ، پاراڭلاشقان بولساق. كەلمەي قالمىغىن،

ھۆرمەت بىلەن بانۇ»

خەتنىڭ يېزىلغان ئاي، كۈنى بوگۈن ئىدى. زۆھرەنىڭ يۈرىكى يېنىك ئاغدى. ئۇ مېنى چاقىرتىپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ قولىدىكى ئاق قەغەز ئۈستىگە يېزىلغان بۇ بىرنەچچە قــۇر خــەت ئــۇنــىــڭ پــۈتــۈن تەقدىرىنى ئۇيان - بۇيان قىلىۋېتىدىغاندەك غەلىتە بىر تۇيغۇ ئىچىدە خەتكە يەنە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى: خەتنىڭ مەزمۇنىنى دەڭسەپ باقتى. خەتتە ھېچقانداق قورقۇنچلۇق سۆز - ئىپادىلەرمۇ،

دەبدەبىلىك جۈملىلەرمۇ يوق. بۇ ئادەتتىكى بىرلىرىنىڭ يەنە بىرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ يازغان باغاقچىغا ئوخشاشلا ئاددىي خەت ئىدى. زۆھرەنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئۇ بانۇ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى، «باراي! - دەپ ئويلىدى ئۇ، - سۆزلىشىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى».

- كــەل، يۇقىرى ئۆت، ئاپاملار چۈشتىن كېيىنلا تۇغقانلارنىڭكىگە كېتىپ قېلىشىدى. ئۆي ئوڭچە قالدى. سىــنــىــڭ بــىــلــەن پاراڭلاشقۇم كېلىپ قالدى. شۇڭا چاقىرتىشىم، - دېدى بانۇ زۆھرەنى ئوچۇق چىراي قارشى ئېلىپ، - بالىلارچۇ؟ ئۇبدان تۇرۇۋاتقاندۇ؟ - قوشۇپ قويدى بانۇ.

- ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەشكەنىدى، ئالداپ ئاران كۆندۈردۈم. بىللە ئېلىپ كېلەي دېسەم بەك كەچ بولۇپ كەتتى. شۇڭا...

- رەھمــەت! - دەپ گــەپــنــى بۆلدى بانۇ. يالغۇز كىشىلىك بىر جۈپ كرېسلونىڭ ئالدىغا قويۇلغان چاي ئــۈستىلىگە كەشتىلەنگەن ئاپئاق داستىخان سېلىنغان ئىــدى. ئــۇنىڭ ئۈستىگە تاتلىق - تۈرۈملار، مېۋىلەر تىزىلغان. ئۇ بىر تەخسە ياپلاقلانغان كالا گۆشى، بىر تەخسە قورۇلغان بېلىق، بىر تەخسە تەرخەمەكتە قىلىنغان ســوغــۇق ســەيىنى ئۈستەلگە قويدى. چىرايلىق گۈل بېسىلغان پارقىراق چەينەككە دەملەنگەن قېنىق چاينى پىيالىگە ناھايىتى پەم بىلەن قۇيۇپ زۆھرەنىڭ ئالدىغا قويدى. زۆھرە بانۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى.

- ھــەرقاچان تاماق قىلاي دېسەممۇ ئۇنىمايسەن، - دېدى بانۇ، - مۇشۇنداق ئولتۇرايلى. بىزنى ھېچكىم ئاۋارە قىلمايدۇ.

- بــولدى ئاۋارە بولما، ھېلىمۇ بەك كايىپسەن، - زۆھرە پــىيالىدىكى چاينى ئوتلاپ بولۇپ شۇنداق دېدى، - بىز ئۆز ئادەملەرغۇ؟

- شۇنداق بولغاچقا، - دېدى بانۇ، ئىككى كرېسلونىڭ ئــارىسىدىكى تومپۇچكىنىڭ تارتمىسىدىن بىر بوتۇلكا «قــىزىل ئۈزۈم ھارىقى»نى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچقاچ، - ئازادە ئولتۇرايلى دەپ سېنىڭ پىكرىڭىسىزلا بۇنىمۇ ئېلىپ قويۇشۇم، - ئېگىز پۇتلۇق چىرايلىق رومكىنى پىرقىرىتىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، - مەن كەلگىلىمۇ خېلى كۈنلەر بــولۇپ قاپتۇ. يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن كېتىمەن، - دېــدى - دە، لىق ھاراق قۇيۇلغان رومكىنى گۈپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى. ئاندىن يەنە لىق بىر رومكا ھاراقنى قۇيۇپ ئۇنى زۆھرەگە تەڭلىدى.

– كەچۈر. مەن ئىچمەيمەن، – دېدى زۆھرە، – سەن ئىچىۋەرگىن.

– نېمىشقا ئەمدى؟ بۇ يەردە باشقا ئادەم يوققۇ؟

– كۆنمەيتمەن. هازىرغۇ كىشىلەر بەك ئېغىر ئېلىپمۇ كەتمەيدىغان بولدى. لېكىن نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم تازا تارتمايدۇ. بانۇ «جەۋلان خالىمامدۇ؟» دەپ سورىماقچى بولدىيۇ، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان بۇ سوئالنى دەرھال يۇتۇۋەتتى.

– بوپتۇ، ئىچمىسەڭ مەنمۇ ئىچمەي، – دېدى بانۇ بوتۇلكىنىڭ ئېچىلىپ بولغان ئاغزىنى قايتا چىڭىتىۋېتىپ، – بىر ئادەم ئىچىپ، بىر ئادەم ئىچمىسە مەززىسى بولمايدۇ. تەڭ ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشساق ياخشى بولاتتى. مەيلى، – بانۇ شۇنداق دېگەچ گازلىق چاقماق بىلەن قولىدىكى سىگارتقا ئوت يېقىپ شورىدى، ئاندىن هالقا - هالقا قىلىپ پۈۋلەپ چىقاردى- دە، ئېغىر بىر تىنىدى، – مەن ياشايدىغان مۇھىت شۇ، مەن ئارىلىشىدىغان ئادەملەرمۇ شۇ.

بانۇ يىپەك رەختتىن تىكىلگەن چىرايلىق كېچىلىك كىيىم بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرى دېڭىز دولقۇنىدەك مۈرىسىدە يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇ كەينى - كەينىدىن ئىچىۋەتكەن ئىككى رومكا هاراق ئۇنىڭ يوغان شەھلا كۆزلىرىنى تېخىمۇ سېھىرلىك قىلىپ كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ غالىبلارغا خاس سالاپەت بىلەن هېلىدىن - هېلىغا زۆھرەنىڭ پىيالىسىگە چاي لىقلايتتى. ئۇنى داستىخانغا بېقىشقا زورلايتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنى ئېچىۋىدى، هويلىدىكى سېرىنگۈلنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ كىرگەن سالقىن شامال ئۆي ئىچىنى باشقىچە بىر تۈسكە كىرگۈزدى. مۆڭلانغان ئاي كۆكتە بۇلۇتلار ئارىسىدا گاھ يوقاپ، گاھ پەيدا بولۇپ ئاستا ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. كۈزنىڭ سالقىن شاملى يېنىك تەۋرىنىۋاتقان دەرەخ يوپۇرماقلىرى نېمىدۇر بىر نەرسىنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك ياكى مەرسىيە كۈيىنى ياڭرىتىۋاتقاندەك يەڭگىل شىلدىرلايتتى.

بانۇ بىلەن زۆھرە قۇلايسىز بىر هالەتتە قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

– كۆز ئاخشىمى شۇنداق چىرايلىق - ھە؟

– شۇنداق، بەك چىرايلىق.

– سەن ئايدىڭنى بەك ياخشى كۆرەتتىڭ.

– سەن قاراڭغۇدىن قورقاتتىڭ. لېكىن ئايدىڭدا سەيلە قىلايلى دېسەم ئۇنىمايتتىڭ.

– شۇنداق، بۇ ئۆتمۈش تەسىراتلىرى، مەن ئۇ چاغلاردا راستىنلا قاراڭغۇدىن قورقاتتىم. هازىر قاراڭغۇدىن قورقمايمەن. يەنە بىر تەرەپتىن، تۇرمۇش سېنى قاراڭغۇ يولدا مېڭىشقا قىستىسا سېنىڭ شۇ يولدا ماڭماي ئامالىڭ يوق ئىكەن.

– سەن بەختلىكمۇ؟

– مەن بەخت دېگەن نەرسىگە ئىشەنمەيمەن.

– بۇ گەپىڭنى قانداق چۈشەنسەم بولىدۇ؟


– قانداق چۈشىنىشنى خالىساڭ شۇنداق چۈشەنگىن.

– سەن كۆپ ئۆزگىرىپسەن.

– سەنمۇ شۇنداق بوپسەن. بىز ئەمدى ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللارمىز. تەنتەك، باللىق دەۋرلىرىمىز كەلمەسكە كەتتى.

– سەن تۇرمۇشىڭدىن رازىمۇ؟

– قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن. رازى بولسام نېمە بولىدۇ، رازى بولمىسامچۇ؟ ئادەم دۇنيادا يوق خىيالىي نەرسىگە ئىنتىلىپ ياشايدۇ. بۇ نەرسىنى - ئۆزى ئىنتىلىپ ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرنى بەخت هېسابلاپ ئۆلەر- تىرىلىشىگە قارىماي كۈرەش قىلىدۇ. ئۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن بولسا، ئۇ نەرسىلەر ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىدۇ - دە، يەنە يېڭىدىن - يېڭى ئارمانلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. هاياتتا ياشاشنىڭ



مەنىسمۇ، ياشاشنىڭ ئەھمىيىتىمۇ شۇنىڭدا بولىدۇ. چۈنكى ئارمانسىز، مەقسەتسىز ياشاشنىڭ ئۆزى ئەڭ زور بەختسىزلىكتۇر. لېكىن ھەيران بولىدىغىنىم، ئادەم يېنىدا بار بولغان نەرسىلەرنىڭ قەدىر- قىممىتىگە يەتمەيدىكەن. ئۇ نەرسىلەر ئۇنىڭدىن يىراقلاپ كەتكەندە بولسا ئۇنىڭ ھەسرىتىدە يىغلايدىكەن. سەنچۇ؟ سەن قانداق ئويلايسەن؟ سەن تۇرمۇشىڭدىن رازىمۇ؟

— مەندىن سورىساڭ مەن نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمەن؟ ھايات ئېرىشىش بىلەن يوقىتىش ئوتتۇرىسىدىكى جەڭنىڭ مەھسۇلى. مەن ئېرىشكەن نەرسەمنى قەدىرلەشنى بىلمەن. چۈنكى مەن ھاياتتا ئۆزۈم ئېرىشكەن نەرسىلەرنى بەك تەستە قولغا كەلتۈردۈم. مەن ئۆز بەختىمنى (دۇنيادا بەخت دەيدىغان نەرسە بار دېيىلسە) بەك قەدىرلەيمەن. ئۇنى ئاسان قولدىن چىقىرىپ قويغۇم يوق. مەن ئېرىشكەن، ئېرىشمەكچى بولغان ھەم ئېرىشىپ كېيىن يوقاتقان نەرسىلىرىممۇ مېنىڭ ھاياتىمنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. مېنىڭ ھاياتىم شۇلار بىلەن مەزمۇن تاپقان، شۇلار بىلەن جانلانغان. ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىمنى شۇلار ئارقىلىق بىلگەن، چۈشەنگەن، ھاياتلىق قانائەت قىلىش بىلەن ئىنتىلىشنىڭ بىرىكمىسى. ئىنسان ئېرىشكىنىگە قانائەت قىلىپ بىپەرۋالىق قىلىپ ئايرىلىپ قالىدۇ. يوق نەرسىگە بولسا ئىنتىلىپ تىركىشىدۇ.

ھەر ئىككىلىسى جىمىپ قېلىشتى. بەكمۇ مەۋھۇمدەك تۇيۇلۇۋاتقان، لېكىن قارشى تەرەپنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى، نېمە دېگەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بۇ سۆھبەت ۋاقتىنچە توختىغانىدى. زۆھرە بىلەن بانۇ ھەر ئىككىلىسى بىر-بىرىگە زادىلا يول بېرىشمىدى. بولۇپمۇ زۆھرە بانۇ بىلەن بولغان بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا ئۆزىنىڭ مۇرەسسە قىلمايدىغانلىقىنى، ئەمدى ئۇنىڭغا قەتئىي يول قويمايدىغانلىقىنى سىلىق، ئەمما ناھايىتى ئۆتكۈر تىللار بىلەن ئەسكەرتكەنىدى.

ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بارغانىدى. ھەر ئىككىلىسى كۆچلۈك ھاياجان ئىچىدە بىرئاز چارچىغان، ئۇلار ھەر ئىككىلىسى ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقىنى بىلەن ئۆز خىياللىرى بىلەن بەنت ئىدى.

«سەن زۆھرە، — دەپ ئويلايتتى بانۇ، — ماڭا تۇرمۇشتىن پەلسەپە ساتما. مەن سەن بىلەن بۇرۇن بىر قېتىم ئۇچرىشقانىدىم. ئۇ چاغدا مەن سېنى ھېچقانچە كۆچىمەيلا يېڭىۋالغان. مەن سېنىڭ ئالدىڭدا مەڭگۈ غالىبمەن. سەن قارا قېچىر، مېنىڭ ئۆيۈمگە، بالىلىرىمغا، يۈرىكىمدىن سۆيگەن ئادىمىمگە شۇنداق ئاسان ئېرىشىۋالدىم دەپ ئويلاۋاتقانسەن، ياق! سەن خاتالاشتىڭ. سەن ھېچقاچان ھەقىقىي نەرسىلەرگە ئېرىشىپ باققان ئەمەس. سەن ئانا بولۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسەن، بۇنى بىلىشىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتە سەن مەن بىلەن مەڭگۈ ئوخشاش ھېسسىياتتا بولالمايسەن. بۇ جەھەتتە سېنىڭ يېڭىلگىنىڭنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بۇ خۇدانىڭ ئىككىمىزنىڭ تەقدىرىنى كىشىلىك ھاياتتىكى قىممىتىنى ئايرىشتىكى كارامىتى. مەن خۇداغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. يەنە بىرى، سەن سۆيۈلۈشنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشكە، ئۇنىڭ ئاجايىپ كارامىتىنى، خاسىيىتىنى چۈشىنىشكە قادىر ئەمەسسەن. چۈنكى جەۋلان سېنى سۆيمەيدۇ. ئۇ بۇرۇنمۇ سېنى سۆيۈپ باقمىغان. ھازىرمۇ سۆيمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سۆيۈشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ يۈرىكى، سۆيگۈسى ماڭا تەئەللۇق. سەن پەقەت مەندىن ئاشقان قۇرۇق تەنگىلا ئىگىسەن. بالىلارغا كەلسەك، ئۇلار مېنىڭ، پەقەت مېنىڭلا بالىلىرىم. مەنلا ئۇلارغا ھەقىقىي ئاپا بولالايمەن. مەن ئۇلارنى — جەۋلاننى، بالىلىرىمنى، ئۆيۈمنى ئۆزۈم قاچان خالىسام شۇ چاغدا بىمالال تارتىۋالالايمەن. ئۇلار ھېچ خاتاسىز مېنىڭ، سەن ئاغزىڭنى ئېچىپ قاراپلا قالىسەن. سەن ئەخمەق خوتۇن. ئەخمەقلەرنى، ساڭا ئوخشاش چېكىدىن ئاشقان ساددىلارنى خۇدانىڭمۇ ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنسەن. ھەددىدىن ئارتۇق ياۋاشلىقنىڭ دۆتلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدىكەنسەن. بەلكىم مېنى ‹سەن ئېپلاس خوتۇن ئېرىڭنى، بالاڭنى تاشلاپ كېتىپ قالدىڭ. پۇل سېنى قىزىقتۇردى. پۇل ئۈچۈن ھەممىدىن كەچتىڭ. جەۋلان سېنى قانداقمۇ كەچۈرسۇن؟› دېيىشىڭ مۇمكىن. لېكىن سۆيۈشنىڭ سېھرىي كۈچى شۇنچىلىك زورۇركى، ئۇ ئوغرىنى توغرا، ئەگرىنى تۈز، يامانىنى ياخشى، سەتنى چىرايلىق، ناچارنى ياخشى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. جەۋلان ھېلىمۇ مېنى سۆيىدۇ. مەن بۇنى ئۇنىڭ چوڭقۇر ھەسرەت يوشۇرۇنغان سۇرلۇك قاراشلىرىدىن بىلىۋالدىم. بىلىمەن، ئۇ مەندىن نەپرەتلىنىدۇ. ئىشەنسەڭ، بۇ نەپرەتنىڭ كەينىگە چوڭقۇر مۇھەببەت يوشۇرۇنغان. مۇھىمى بۇ نەپرەتنى مۇھەببەتكە ئورۇن بوشاتقۇزۇشتا. مېنىڭ ناھايىتى ياخشى بىر ۋاستەم بار. ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ بالىلىرىم. مەن بۇ قالغاندىن شۇنچىلىك ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىمەنكى، مەن قوشلاپ غەلىبىگە ئېرىشىمەن. مېنىڭ چوڭ شەھەردىكى كۈنلىرىم خۇشلۇق بىلەن ناخۇشلۇق، ئېرىشىش بىلەن يوقىتىش ئوتتۇرىسىدا گاراڭلىق ئىچىدە ئۆتتى. مەن يوق بولغان نەرسىلەرگە — پۇل، مال- دۇنياغا ئېرىشتىم. ئالتۇن بېزەكلەر بىلەن، ئېسىل كىيىم- كېچەكلەر بىلەن ھۆسن- جامالىمنى كۆز چاقناتقۇدەك بېزىدىم. مەن ئەسلىدىنمۇ چىرايلىق ئىدىم. بۇ نەرسىلەر گۈزەللىكىمنى كامالەتكە يەتكۈزدى. لېكىن مەن يالغۇزلۇق، بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتتۈم.

مەن موھتاج بولغان مەنىۋى نەرسىلەر سېنىڭ قولۇڭغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمدى ھەممە نەرسىگە خاتىمە بېرىپ ھەممىنى قايتىدىن باشلاش نىيىتىگە كېلىپ قالدىم. مەن سەن بىلەن يەنە بىر قېتىم ئېلىشىدىغان بولدۇم. سەن- بىچارە دوستۇم زۆھرە، يەنە مەغلۇپ بولىدىغان بولدۇڭ. يۈرەكلىرىڭ قانچە ئازابلىنار، ئېرىشىپ يوقىتىشنىڭ ئازابىدىن ئېرىشەلمەي تارتقان ئازاب سەل يەڭگىل ئىدى. ھېچبولمىسا ئادەم شۇنداق بولغان بولسا قانداق ياخشى بولار ئىدى - ھە؟ دېگەن خىيالىي ئۈمىدنىڭ كىچىككىنە تەسەللىسى بىلەن ياشايدۇ. لېكىن ماڭىمۇ ئامال يوق. ئادەم بىر ئىشنى قىلىشقا بەل باغلىدىمۇ، شۇ مەقسەتكە يېتىش يولىدىكى ھەرقانداق توسالغۇلارنى شەپقەتسىزلەرچە بىتچىت قىلىشى كېرەك، مەن ئۆزۈمگە تەئەللۇق نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋالاي».

«سەن مېنى نېمىگە چاقىرتقانىدىڭ بانۇ؟ تاغدىن - باغدىن سۆزلەش ئۈچۈنلىما؟ ياق، مەن بىلىمەن. سەن مېنىڭ تومۇرۇمنى تۇتۇپ باقماقچى، جەۋلاننى، بالىلىرىڭنى، ئۆيۈڭنى قايتۇرۇۋېلىش خىيالىڭنى ماڭا بىلدۈرمەكچى. يوشۇرمايمەن، سېنىڭ كېلىدىغىنىڭنى ئاڭلاپ بىئارام بولغانىدىم. سېنى كۆرۈپ ھەم خۇشال بولدۇم، سەندىن ھەم قورقتۇم. تۈنۈگۈن خېتىڭنى كۆرۈپ قەلبىم غەلىتە ھېسلارغا تولدى. لېكىن مەنمۇ ئۆزۈمگە خاس جاسارەت بىلەن ئۆزۈمنى قولغا ئالدىم. بىلىمەن، سەن بىر ئانا، لېكىن ئانىلىق بۇرچۇڭنى قانچىلىك ئادا قىلدىڭ؟ سەن ھېچ ئىككىلەنمەستىن، ئازابلانماستىن، پۇچۇلانماستىن تاشلاپ كەتكەن ئىككى بالاڭنىڭ ئەينى چاغدىكى ھالىتىنى بىر كۆرگەن بولساڭ ئىدىڭ، سەن خىيالىڭدا ‹ سەن تۇغماس قېچىر، مېنىڭ بالىلىرىمغا ھېچ جاپاسىز، خاتاسىز شۇنداقلا ئاسان ئېرىشىۋالدىڭ، لېكىن ئۇلار ھامان مېنىڭ بالىلىرىم، سېنىڭ قىلغانلىرىڭ بىكار› دەپ ئويلايدىغانسەن. توغرا، مەن ئارزۇ قىلىپ ئېرىشەلمىگەن، ئەكسىچە سەن ئېرىشىپ بولۇپ قەدرىنى بىلمەي تاشلىۋەتكەن نەرسىلەرنى تەقدىر ماڭا ئۆز قولى بىلەن تۇتقۇزۇپ قويدى، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن خۇداغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇ بالىلار شۇنچە سۆيۈملۈك. مېنىڭ ئانىلىق مېھرىم ئۇلارغا بېغىشلاندى. ئۇلار ماڭا ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل قايناق سۆيگۈلىرىنى ھەدىيە قىلدى. سەن مۇشۇ مىنۇتلاردا ئاڭلاشنى بەكمۇ خالايدىغان، لېكىن ئاڭلاش مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغان قەلب سىرلىرىنى ماڭا تۆكىدۇ. ئېسىڭدىمۇ، ھېلىقى كۈنى بالىلار ساڭا ئەمەس، ماڭا بەكرەك يېپىشىۋىدى، چىرايلىرىڭ تاتىرىپ جاۋغايلىرىڭ تارتىشىپ كەتتى. مەن بۇنىڭدىن كۈلمىدىم، پەقەت ساڭا ئېچىندىم. ساڭا ئىچىم ئاغرىدى. بىلىمەن، ئېرىشكىنىم جەۋلاننىڭ قۇرۇق تېنى، ئازار يېگەن يۈرىكى. بالىلىرىڭنىڭ بولسا ماڭا بېغىشلانغان ئوتتەك قىزغىن سەبىي قەلبى، ھاياجانلىقى، مېھىر - شەپقەتكە تەشنا روھىناتى. سېنىڭ ئېرىشكىنىڭ جەۋلاننىڭ مۇھەببىتى، يۈرىكى. بالىلىرىڭنىڭ روھىناتى ماڭا بېغىشلانغان قۇرۇق تېنى. شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، بالىلىرىڭنىڭ ئەڭ تاتلىق، ئەڭ گۈزەل نەرسىلىرى ماڭا بېغىشلانغان. ئۇلار مېنى ياخشى كۆرىدۇ. مېنى سۆيىدۇ، سەن بۇنداق بەختتىن مەڭگۈ مەھرۇمسەن دوستۇم. ئەقلىڭ بولسا دەڭسەپ باق. سەن بىر ئۆمۈر ئۆزۈڭ خالاپ تۇرۇپ خاراب قىلغان نەرسىلىرىڭنىڭ ئەكس ساداسى ئىچىدە ئازابلىنىپ ياشايسەن. مەن سەن بىلەن بولغان كۈرەشتە بىر قېتىم يېڭىلگەن. يېڭىلگەن ئەمەس، مەن ساڭا يول قويغانىدىم. ئەمدى سەن ماڭا جەڭ ئېلان قىلساڭ مەن تەييارمەن. لېكىن شۇنى بىلگىنكى، مەن ھامان ئۆزۈمنىڭ سەندىن غالىب ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن. غالىبلىق دېگەننىڭ نېمىلىكىنى سەن مەڭگۈ ھېس قىلالمايسەن. غالىبىيەتنىڭ مېۋىسى شۇنداق تاتلىقكى، بۇنىڭ لەززىتىنى ھاياتتا ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ياراتقان ئادەملا تېتىيالايدۇ. مەن شۇنىڭغا مۇناسىپمەن دوستۇم. مەن ئۆز ۋىجدانىم بىلەن ھالال ياشىدىم. ئۆز ئەجرىم بىلەن مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى چاچتىم. ۋاپا كۈيىنى ياڭراتتىم. ساداقەت دەرەخلىرى كۆكلەپ شېرىن - شەربەتلىك گۈزەللىك مېۋىلىرى پىشتى. ئىشەنمەمسەن؟ سېنىڭ يۈرىكىڭنى ھامان بىر نەرسىلەر تاتىلاپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن سېنىڭ روھىناتىڭ ئارام تاپالمايدۇ. بۇ ئازابنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ بۇ بالىلىرىڭنىڭ سەندىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىماسى. بۇ سىما ماڭا يېقىنلىشىدۇ. سەن شۇ سىمانىڭ، سەندىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىمانىڭ ھەسرىتىدە بىر ئۆمۈر ئازاب چېكىپ ياشايسەن. بىز ئۈچىمىز ھايات سەپىرىدە خاتا ئۇچرىشىپ قالغان بەندىلەرمىز. لېكىن ئۇچراشتۇقمۇ، ئۆزىمىزنى ئەپقېچىش قىيىن بولغان توقۇنۇشلارغا يۈزمۇيۈز قارىشىمىز كېرەك. جەۋلانغا سەن ئاتا قىلالمىغان نەرسىلەرنى مەن ئاتا قىلىمەن. سۆيگۈنىڭ ئەمەس، سۆيۈلۈشنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى ئۇنىڭغا تونۇتىمەن. ئۇ سەندىنمۇ، مەندىنمۇ بەكرەك قىينىلىپ ياشايدۇ. بۇ تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن جازاسى. قىسقىسى، مەن ساڭا ئۇتتۇرۇپ قويمايمەن. نەچچە ۋاقىتتىن بېرىكى سۈكۈتكە چۆمگەن ھالىتىمنى كۆرۈپ بەلكى مېنى دۆت چاغلاۋاتقانسەن؟»

ئۇلار ھەر ئىككىلىسى ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى. تاڭغا يېقىن يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

بۈگۈن يەكشەنبە زۆھرەنىڭ دەۋىتى بىلەن جەۋلان ئىككى بالىسىنى ئېلىپ بانۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. مېھماندارچىلىقنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان بالىلار

قىيغىتىپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى.

ـ خاپا قىلماڭلار، كەپسىزلىك قىلماڭلار، ـ دېدى زۆھرە ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈۋاتقاچ، ـ داداڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭلار.

ـ نەگە بارىمىز ئاپا؟ ـ دېدى گۈلرۇ.

ـ ئايىسخان چوڭ ئاپاڭلارنىڭ ئۆيىگە.

ـ سىزمۇ بارىسىز ـ ھە، ئاپا؟

ـ داداڭلار بىلەن بىللە بېرىپ كېلىڭلار، بولامدۇ؟

باللار شۇئان دومسىيىشىپ نارازىلىقىنى بىلدۈردى. زۆھرە بىرمۇنچە تاتلىق گەپلەر بىلەن ئۇلارنى مىڭ بىر تەستە يولغا سالدى. ھاۋا بىرئاز تۇتۇق ئىدى. ئۇ مەيۈسانە ھالدا ئۇلارنىڭ قارىسى يوقىتكۈچە ئىشىك تۈۋىدە قاراپ تۇردى. «ئاپىلا» دەپ ئويلاپ قالدى زۆھرە، «چاپانلىرىنى كىيدۈرۈپ قويغان بولسام بوپتىكەن».

جەۋلان ئايىسخان ئانىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چوڭلار بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. باللار چوڭ ئاپىسىنى سۆيۈپ بوينىغا ئېسىلىپ قەۋەتلا خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. ئايىسخان ئانا قىزىنى باللىرى بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇۋالسۇن دەپ ئامال بار ئانا-بالا ئۈچىنى بىر يەرگە جەم قىلىشقا تىرىشاتتى. لېكىن باللار ياتسىراپ قەپەستىن ھۈركىگەن قۇشتەك ھەدېسلا تالاغا قېچىپ چىقىۋالاتتى. ئايىسخان ئانا يەنە بىر ئامالاپ ئۇلارنى يەنە ئۆيگە ئەكىرىپ قوياتتى. لېكىن بىچارە خوتۇننىڭ ئۇرۇنۇشلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك بىكارغا كېتەتتى. بانۇ باللاغا ھېلى شاكىلات، ھېلى باشقا تاتلىق - تۈرۈملارنى بېرەتتى. لېكىن باللار ئانىسى بەرگەن نەرسىلەرنى ناتونۇش ئادەملەرنىڭ نەرسىسىنى ئالغاندەك ياتسىراپ قورقۇمسىراپ ئالاتتى. بۇلارنى كۆرۈپ ئايىسخان ئانىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، «شۇنداق تاتلىق باللار... ھەي كەم ئەقىل، دۆت بالا. بۇ باللار زۆھرەنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭغا ئەركىلەيدۇ. قاچىسىدىكى ئاشلارنى زۆھرەنىڭ ئاغزىغا تىقىدۇ. زۆھرەنى ئۆز ئاپىسىدىن چارە كۆرىدۇ. ھەي... ئاتا - ئانىسى ھايات باللارنىڭ باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشى ئۆز ئاتا - ئانىسىدىن بىزار بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى».

بانۇ ئوغلىغا ھەم قىزىغا ئاتاپ يېڭى كىيىم ئېلىپ قويغانىدى. كىيىمنى باللارغا كىيدۈرمەي دېۋىدى، گۈلرۇ:

ـ بۇ كىيىمنى كىيمەيمەن! ـ دەپ قارشى چىقتى.

ـ نېمىشقا؟ چىرايلىق ئەمەسمىكەن؟

ـ ياق، بەك چىرايلىقكەن.

ـ ئەمىسە نېمىشقا كىيمەيسىز؟

ـ مۇئەللىم، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئالغان بالا ياخشى بالا ئەمەس، دېگەن.

بانۇنىڭ يۈرىكى تىترەپ، چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى. بۇ باللارنى توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغۇپ، مانا ئەمدى خەق بولۇپ قالدىمىمۇ؟ ئوغلى ئارتۇق گەپ قىلمىغىنى بىلەن ئانىسىغا مايىل ئەمەسلىكىنى چاندۇرۇپ تۇراتتى. بانۇنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. چەتتە قاراپ تۇرغان جەۋلان بۇنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ شۇنداق دېدى:

ـ رەنجىمە، بالا ئەمەسمۇ؟ بۇلار تېخى كىچىك...

ـ ھېچقىسى يوق، ـ بانۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقتى.

ـ قىزىم، ـ دېدى جەۋلان، ـ كىيىڭ، بۇ كىيىم بەك چىرايلىق ئىكەن. بۇ دېگەن خەق ئەمەس. ئالمىسىڭىز ئاپاش خاپا بولۇپ قالىدۇ.

گۈلرۇ بىر كىيىمگە، بىر تەڭقىسلىقتا قالغان جەۋلانغا، بىر ئازاب ئىچىدە پۇچۇلىنىۋاتقان بانۇغا قارىدى.

ئاسماندا بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ كېلىپ يامغۇر كېلىشكە باشلىدى.

ـ كېتەيلى، ـ دېدى ئوغلى دادىسىنىڭ پېشىنى تارتىپ، ـ كەچ قالساق ئاپام ئەنسىرەيدۇ.

بانۇغا يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق بىلىندى. پۇت-قوللىرى تىترەپ يەر - ئاسمان پىرقىراۋاتقاندەك بېشى قېيىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى.

جەۋلان ئىككى بالىنى يېتىلەپ تالاغا چىقىشىغا سىمىلداپ يامغۇر چۈشۈشكە باشلىدى. قارىغاندا قارا يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلاتتى. بانۇ «سەل توختاپ يامغۇر توختىغاندا ئاندىن ماڭغىن» دېمەكچى بولدىيۇ، كېتىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىۋاتقان باللىرىغا قاراپ ئۇ سۆزىنىمۇ دېمىدى.

ـ بانۇ! نېمە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىسەن؟ باللار يامغۇردا قالدى. كۈنلۈكنى ئاچقىپ بەر!

ئايىسخان ئانىنىڭ ۋارقىرىشى ئىشىك ئالدىدا خىيالغا پېتىپ قالغان بانۇنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ ئالدىراپ كىرىپ ئىشكىنىڭ ئارقىسىدىكى كۈنلۈكنى ئېلىپ ئاچىقىپ جەۋلانغان ۋارقىرىدى.

ـ توختا، كۈنلۈكنى ئېلىۋالغىن، ـ ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ كۈنلۈكنى ئوغلىغا تەڭلىدى.

ـ ئال، يامغۇردا قالدىڭلار.


ئېلشات پەرۋاسىز ھالدا دادىسىغا يېپىشتى.

ـ ئالمايمىز، دادام بىزنى چاپىنىغا يۆگەپ ئېلىپ كېتىدۇ، شۇنداقمۇ دادا؟ ـ ئۇ دادىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

# تۇلپارغا ئايلانغان بالا

(ھېكايە)

دىلشات نۇرمۇھەممەت



قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئاستا سۈرتۈۋەتتى. بىچارە قىزى يادىغا كەلسىلا كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى ئۇ.

بىچارە قىزى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا ئالەمدىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ بەختلىك قىزلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ چاغ، بالىنىڭ ئەمدىلا ئىككى ياشقا تولغان مەزگىلى بولۇپ، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئارزۇلۇقى ئىدى. ئۇ گويا بۇ ئائىلىنىڭ بەخت تۈۋرۈكى ئىدى.

ئۆينىڭ ئالدى كەڭ چىملىق بولۇپ، ھاۋاسى تولىمۇ ساپ ئىدى. ئۆيدىن نەچچە يۈز مېتىر نېرىدا بىر دەريا جىمجىت ئېقىپ ئۆتەتتى. دەرۋازا ئالدىغا چىقسىلا، ئۇلار يىراقتىكى دەريانى، دەريا بويىدىكى گۈزەل ئورمانزارلىقلارنى كۆرەتتى.

- ئۇ چاغدا سەن تولىمۇ بەختلىك ئىدىڭ قوزام، - دەيتتى موماي ئۆتۈپ كەتكەن گۈزەل خاتىرىلەرگە ئەسىر بولۇپ، - ئۇلار سېنى ئىشىك ئالدىمىزدىكى چىملىقتا ئوينىتاتتى. سەن پىلتىڭلاپ قېچىپ كېتەتتىڭ. ئۇلار سېنى قوغلاپ تۇتۇۋالاتتى، ئاندىن ئۇلار قاچاتتى، ئۇلارنى تۇتالمىساڭ يىغلاپ ئولتۇرۇۋالاتتىڭ، - كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ كۈلدى موماي، - سىلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئاجايىپ زوقۇم كېلەتتى. داداڭ سېنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ھە...ي! كۆردۈڭلارمۇ؟ ئوغلۇم سىلەردىن قورقمايدۇ!» دەپ ۋارقىرىغاندا، «خۇدايىم سىلەرنى مەڭگۈ بەختلىك قىلسۇن» دەپ دۇئا قىلىپ كېتەتتىم... ئاھ خۇدا، تەتۈر چۆرگىلەيدىغان جاھان ئىكەن بۇ...

كېيىن ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. بىر كۈنى موماي قىزىنىڭ چىرايىدا قان قالمىغان ھالدا ئولتۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ قالدى.

- نېمە بولدى ساڭا؟ - دېدى ئۇ چۆچۈپ.

1

بالا بەش ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا مومىسىنىڭ قۇچىقىدىن چۈشمەي، مومايدىن چۆچەك سورايدۇ. مومايىنىڭ پەقەت بىرلا چۆچىكى بار بولۇپ، بالىمۇ ئاشۇ چۆچەكتىن باشقىسىنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ.

موماي چۆچىكىنى تاكى بالا قۇچىقىدا يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنگە قەدەر ئېيتىدۇ. ئۇ ئۇخلاپ ياتقان نەۋرىسىنىڭ غۇبارسىز، سەبىي چىرايىغا، چىڭ يۇمۇلغان كىرپىكلىرىگە ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ، نۇرسىز كۆزلىرى يۇمۇلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى كىشىگە نەچچە يۈز يىللىق دۇمچەيگەن قېرى ئۈجمە دەرىخىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ قېرى ئۈجمىنىڭ قوۋزاقلىرىدەك يېرىك قوللىرى بىلەن بالىنىڭ يۇمران يۈزلىرىنى، قاپقارا چاچلىرىنى سىلاپ، ئېغىر ئۇھ تارتىدۇ.

- ھەي شور پېشانە، - دەيدۇ ئۇ چوڭقۇر ئەلەم بىلەن، - نەقەدەر ساڭا بىر تەتۈرلۈك قىلدىغۇ؟ كىچىككىنە تۇرۇپ يېتىم بولۇپ قالدىڭغۇ قوزام؟ سېنىڭ ئاناڭ...

موماي كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتقانلىقىنى سېزىپ،

– ھېچنېمە، – دەپ قويدى قىزى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، – تۇرۇپلا شۇنداق بولۇپ قالىمەن، يەنە بىردەمدىن كېيىن ساقىيىپ كېتىمەن...

– دوختۇرغا بېرىپ باقامسەن؟

– ھاجىتى يوق ئانا، ئادەتتىكى ئاغرىق دېدىمغۇ؟

– «ئادەتتىكى ئاغرىق» دەيسەن، ئۆزۈڭنىڭ چىرايىنى ئەينەكتە بىر كۆرسەڭ ئىدىڭ...

– بولدىلا ئانا، بۇ كىچىكىمدىنلا بار ئاغرىق، بىرنەرسە بولىدىغان ئىش بولسا شۇ چاغدىلا بولماسمىدىم، قارىغىنە مانا، بىردەمدىلا ئوڭشىلىپ قالدىم.

قىزى ئادەتتىكىدەك يەنە ئىشنى قىلىشقا باشلىدى. موماي دەسلەپتە خېلى ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كەتتى. كېيىن بىلدىكى، قىزى شۇ كۈنى ھەقىقىي ئەھۋالنى راستىنلا يوشۇرغانىكەن.

تەخمىنەن بىر ئايدىن كېيىن، مومايغا جىددىي بىر خەۋەر يېتىپ كەلدى. قىزى خىزمەت ئۈستىدە يىقىلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلگەنىدى.

موماي ھاسىراپ – ھۆمۈدەپ دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە، قىزى ئېرى بىلەن جىددىي پاراڭلىشىۋاتقانىكەن. موماي دەرھال ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ چوڭقۇر تېگىگە يوشۇرۇنغان قايغۇنى بايقىۋالدى.

قىزى ئۇچىسىغا كېسەللەر كىيىمى كىيگەن بولۇپ كارىۋاتتا ياتاتتى. موماي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

– ھېچ ئىش يوق ئانا، مەن ساپمۇساق تۇرۇپتىمەنغۇ؟ قارىغىنا قورقۇپ كەتكىنىڭنى؟ – دېدى قىزى ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

– يەنە ھېچ ئىش يوق دەيسەنغۇ؟ – مومايىنىڭ دىلى ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى، – مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغۇچىمۇ بىزگە ئېيتماي يۈرۈپسەن، ئاز جاپادا چوڭ قىلدىممۇ سېنى؟ نېمىشقا بۇنى ئويلىمايسەن؟

– نېمانداق گەپلەرنى قىلىدىغانسەن ئانا، كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ، – قىزى ئۇنى قۇچاقلىۋېلىپ، كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى، – دوختۇر بەك چارچاپ كېتىپسىز، دەيدۇ. ئاز كۈندىن كېيىن چىقىپ كېتىدىكەنمەن...

مومايغا قىزىنىڭ سۆزلىرى يالغاندەكلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قىزىنىڭ كۆزىگە قارىۋىدى، گويا ئەيىبكاردەك كۆزلىرىنى باشقا ياققا ئېلىپ قاچتى. كۈيئوغلى بولسا نېرىدا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرۇپتۇ. گويا ئۇلار بىرەر نەرسىنى مومايدىن يوشۇرۇۋاتقاندەكلا...

– بولدى، مېنى ئالدايمەن دېمە، ئوبدان داۋالىنىپ ساقايغىن، بولمىسا مەن خاتىرجەم بولالمايمەن، – دېدى موماي.

موماي قىزىنىڭ زادى قانداق ئاغرىق ئىكەنلىكىنى بىلىشكە قانچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ بىلەلمىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا: «بەك چارچاپ كېتىپتۇ» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى. كۈيئوغلىدىنمۇ سوراپ كۆردى. قىزى دوختۇرغا كىرىپ قالغاندىن بۇيان، بۇ يىگىت بىر خىل چۈشكۈنلۈك ئىچىدە يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مومايىنىڭ كۆزىگە قارىماي تۇرۇپلا، ھەممەيلەن بەرگەن جاۋابنى بەردى. گەپ قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

مومايغا ھەممەيلەننىڭ سۆزى ساختىدەكلا بىلىنەتتى.

– سىلەر تىلىڭلارنى بىر قىلىۋېلىپ مېنى ئالداۋاتىسىلەر، – دېدى موماي بىر كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، – ئېيتىڭلارچۇ؟ مەن نەزىرىڭلاردا زادى نېمىگە ئوخشايمەن؟

– سۆزلەۋەرمىسىڭىز قانداق؟ – جىلە بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى كۈيئوغلى، – نېمىشقا كۆڭلۈمنى ئارامىدا قويمايسىز؟ موماي نېمە قىلارىنى بىلمەي، قاققان قوزۇقتەك قېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. نەۋرىسى كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتقاندىلا، ئاندىن ئېسىگە كېلىپ:

– تاماق يەمسەن بالام، كەل، يېگۈزۈپ قوياي، – دەپ ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى.

لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى. كۈيئوغلى ئۆيدە ناھايىتى ئۈزۈن ھايال بولدى. ئۇ نەۋرىسنى قۇچىقىدىن چۈشۈرۈپ، قوشۇقنى قولىغا بېرىپ:

– ئۆزۈڭ يەۋەرگىن قوزام، – دەپ قويۇپ، كۈيئوغلى كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىشىكىگە بېرىپ ئۆينىڭ ئىچىنى تىڭشاپ باقتى.

ئۆيدىن ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايتتى. موماي كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم ھالدا جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. بىرئازدىن كېيىن كۈيئوغلى سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى.

– مەن ئىشقا ماڭدىم، – دەپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

موماي ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرىگە قاراپلا ھەممىنى بىلدى، دېمەك ئۇ يىغلاپتۇ. ئىش راستىنلا مومايىنىڭ ئەندىشە قىلغىنىدەك ئوخشايدۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى پۈتۈنلەي بۇزۇلدى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن، موماي ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق

بولغان بىر كۈن يېتىپ كەلدى. بىچارە قىزى بالىسىغا، ئېرىغا ۋە ئانىسىغا تويماي ـ تويماي قاراپ، بۇ گۈزەل دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. ھېچقانداق كىشى قېتىپ قالغان بۇ چىرايلىق كۆزلەرنى قايتا ھەرىكەتلەندۈرەلمەيتتى. پەقەت ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى، ئۇ كۆزلەرنى ئۇۋۇلاپ يۇمدۇرۇپ قويۇش، ئاندىن يۇيۇپ ـ تاراپ يەرلىكىدە قويۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى.

## 2

بۇرۇنقى زاماندا، يىراق بىر يۇرتتا كىچىككىنە بىر بالا بولغانىكەن، كىشىلەر ئۇنى سۇلتان دەپ چاقىرىشىدىكەن.

بىچارە سۇلتاننىڭ كىچىكىدىلا ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەچكە، مومىسىنىڭ قولىغا قاپتۇ. موماي ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بېقىپ سەككىز ياشقا كىرگۈزۈپتۇ. ئەمما يىللار مومايىنى قېرىتىپ، گەۋدىسىنى يادەك ئېگىپ تاشلاپتۇ. ئۇ بالىنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇۋالغۇچە يەتكۈدەك ئۆمۈر بېرىشنى خۇدادىن كېچە ـ كۈندۈز تىلەيدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ نالىسى خۇداغا يەتمەپتۇ، ئۇ بارغانسېرى دەرماندىن كېتىشكە باشلاپتۇ. بىچارە موماي نەۋرىسىنىڭ تولا غېمىنى يەپ، كۆز يېشى قىلىۋەرگەچكە، بەدىنىدىكى ئاخىرقى قۇۋۋىتىنىمۇ ئاستا ـ ئاستا خورىتىشقا باشلاپتۇ.

بىچارە سۇلتان ھەر كۈنى كەچتە يۇلتۇزلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنى ياد ئېتىدىكەن. مومىسى ئۇنىڭغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۇلتۇزىنى كۆرسىتىپ قويغانىكەن. سۇلتان شۇ بىر جۈپ يۇلتۇزغا قاراپ ئولتۇرۇپ: «جېنىم ئانا، جېنىم دادا، سىلەرنى بەكمۇ سېغىندىم، تېزرەك يېنىمغا چۈشسەڭلارچۇ؟» دەپ پىچىرلايدىكەن. يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيدىكەن. سۇلتاننىڭ بۇنىڭدىن ئىچى تىتىلداپ، بىر كۈنى مومىسىدىن سوراپتۇ.

ـ ئاتا ـ ئانامنىڭ يۇلتۇزىغا قانچە قارىساممۇ ئۇلار يېنىمغا چۈشمەيدىكەنغۇ؟ ياكى مېنى كۆرمەيۋاتامدۇ؟

ـ ئۇلار تولىمۇ يىراقتا بالام، ـ دەپتۇ مومىسى ئۇنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ تۇرۇپ، ـ سېنى كۆرەلمىسىمۇ كۆرەلمىگەندۇ؟

ـ ۋارقىراپ باقاي ئەمىسە؟

ـ بىچارە قوزام، ۋارقىرىساڭمۇ ئاۋازىڭ يەتمەيدۇ.

ـ نېمىشقا؟

ـ چۈنكى، سەن تېخى كىچىك، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاندىن چاقىرغىن.

ـ مەن قاچان چوڭ بولىمەن موما؟

ـ بىر كۈنلەردە... ـ مومايىنىڭ كۆزى يىراقلارغا تىكىلىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ، سۇلتان يەنىلا يۇلتۇزلارغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇ: «مۇشۇنداق قاراپ ئولتۇرسام بەلكىم چوڭ بولارمەن؟» دەپ ئويلاپتۇ.

موماي بولسا بارغانسېرى دەرمانسىزلىنىپ، ئاخىرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. سۇلتان يېمەكلىك تېپىپ كېلىپ مومىسىنى بېقىپتۇ. بۇنىڭدىن كۆڭلى سۆيۈنگەن موماي، سۇلتاننىڭ بېشىنى سىلاپ:

ـ مېنىڭ قوزام چوڭ بولۇپ قاپتۇ، مېنى باققۇدەك بولۇپتۇ، ـ دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سۇلتاننىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ:

ـ ئاخىر چوڭ بوپتىمەن، ئاتا ـ ئانام ئەمدى قېشىمغا كېلىدىغان ئوخشايدۇ، ـ دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

موماي ئويلىماي قىلىپ قويغان سۆزى ئۈچۈن تولىمۇ پۇشايمان قىپتۇ. ئەنە شۇنداق پۇشايمان ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

بىچارە سۇلتان ئۇنى ئۇخلاپ قالدى دەپلا بىلىپتۇ. ئۇ كېچىلىرى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تېزرەك ئالدىغا چۈشۈشىنى كۈتۈپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، سۇلتاننىڭ قېشىغا ناتونۇش بىرنەچچە ئادەم كېلىپ:

ـ موماڭ قېنى؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان:

ـ ئىچكىرىكى ئۆيدە، ئۇخلاۋاتقىلى نەچچە كۈن بولدى، ـ دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەملەر ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن يېنىپ چىقىپ:

ـ موماڭ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. سەن ئۇ ئۆلۈپ كېتىۋاتسىمۇ بىلمىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان ئاسماننى كۆرسىتىپ:

ـ مەن يۇلتۇزلارغا قاراپ ئولتۇردۇم، ـ دەپتۇ ۋە يەنە، ـ ئادەم ئۆلسە نېمە بولىدۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ سەن قاراپ ئولتۇرغان يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ـ دەپتۇ ھېلىقى ئادەملەر.

ـ مومامۇ يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ، مەنلا قاپتىمەن، ـ دەپ يىغلاپتۇ سۇلتان.

ھېلىقى ئادەملەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ:

ـ ھەي قارا سېنى، شۇنداقمۇ گەپ قىلامسەن؟ ئادەم يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كەتسە نېمە قىزىقى قالىدۇ؟ ئۆلىدۇ، تۈگەيدۇ شۇ، ـ دېيىشىپتۇ.

ئۇلار موماينى كۆمۈپ قويۇپ، بالىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن ئۇنى بېقىۋالماقچى بولۇپتۇ.

ئەمما سۇلتان شۇ كېچىسىلا ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇپتۇ. لېكىن ئۇ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدىكەن، ئۇ كەڭ دالادا مېڭىۋېرىپتۇ، ئىنسانلار بارغانسېرى ئۇنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋېرىپتۇ. قورسىقى ئېچىپ تارتىشىپ كەتسىمۇ، ئۇ بار غەيرىتىنى يىغىپ يەنە مېڭىپتۇ. كېچىلىرى ئۇ ئاسمانغا قاراپ ھېلىقى بىر جۈپ يۇلتۇزنى ئىزدەيدىكەن. ئۇ بىر جۈپ يۇلتۇزنىڭ يېنىدىكى نۇرلۇق بىر يۇلتۇزغا قاراپ: «ئۇ موماي» دەپ ئويلاپتۇ.

ئەنە شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە، سۇلتان ھالسىزلىنىپ يىقىلىپ قاپتۇ. ئۇ يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىپ، موماينىڭ: «چوڭ بولغاندىن كېيىن ۋارقىرىغىن، شۇ چاغدا ئاۋازىڭ يېتىدۇ»، «سەنمۇ چوڭ بولۇپ قاپسەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ، ۋارقىراپ باقماقچى بولۇپتۇ. ئەمما دەرمانى قالمىغاچقا ئاۋازى چىقماپتۇ. سۇلتان تېنىدىكى پۈتۈن دەرمانىنى يىغىپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپتۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى يىراقلارغا كېتىپتۇ.

بىردىنلا ئاسماندىكى ھېلىقى بىر جۈپ يۇلتۇز ئورنىدىن قوزغىلىپ ئاستا ـ ئاستا سۇلتانغا قاراپ كېلىشكە باشلاپتۇ. سۇلتان تېنىدىكى ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ كۈلۈپتۇ، لېكىن ئاغزىنى مىدىرلىتالماپتۇ.

بىر جۈپ يۇلتۇز ئۇنىڭ يېنىغا چۈشۈپ ئادەمگە ئايلىنىپتۇ. ئۇلار سۇلتاننىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىكەن. ئۇلار:

ــ سېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدۇق بالام، ــ دەپتۇ.

سۇلتان بىردىنلا تېتىكلىشىپ:

ــ موماي قېنى؟ كەلمىدىمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ موماي سېنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

ــ ئەمىسە تېزرەك قېچىشقا بارايلى، ــ دەپتۇ سۇلتان.

ئۈچ يورۇق يۇلتۇز ئاستا ـ ئاستا كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ئاسماندىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار توپىغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ.

سۇلتاننى ئىزدەپ چىقىشقان كىشىلەر دالادىن ئۇنىڭ جەسىتىنى تېپىۋاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ چىرايىدا بەختىيارلىق نۇرلىرىنىڭ پارلاپ تۇرغىنىنى كۆرۈشۈپتۇ.

## 3

غەربكە قاراپ قىيسايغان ماي قۇياشى قىزغۇچ نۇرلىرى بىلەن دەريا بويىدىكى ئورمانلىقنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ سوزۇلغان كىچىككىنە بىر چىغىر يولدا بىرى ئاستا كېتىۋاتاتتى. قۇياش ئۇنى ناھايىتى ياخشى تونۇيتتى. ئۇ ـ بۇ يولدىن دائىم ئۆتۈپ تۇرىدىغان كىچىككىنە بىر بالا ئىدى.

بالىغا بۇ يول ياد بولۇپ كەتتى. ئىلگىرى ئۇ موماي ۋە دادىسى بىلەن بۇ يولدىن تالاي ـ تالاي ماڭغان. دادىسى ئۇلار بىلەن ماڭماس بولغاندا موماي بىلەن بىللە ماڭاتتى. ئەمدى مومايمۇ ماڭمايدىغان بولۇپتۇ. ياشىنىپ قالغان بىر موماي ئۇزاق يول يۈرۈشكە چىدىمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما كىچىككىنىلا غېرىبچىلىق ئىچىدە ھېچكىمگە تايانماي ئۆسكەن بۇ بالا، بۇ يولدىن قىلچىمۇ تەمتىرىمەي يۈرەلەيتتى.

كىچىككىنە بۇ چىغىر يول بالىنى ئورمانلىققا ئېلىپ كىرىپ كېتىپ، ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتەتتى. ئاندىن كېيىن بولسا ئېگىز بىر قىيالىققا ئېلىپ چىقاتتى. قىيالىق تۆۋىنىدە ھەيۋەتلىك دولقۇنلىرى بىلەن قىياغا ئۆزىنى ئۇرۇپ دەريا سۈيى ئېقىپ ئۆتەتتى. بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى كىشىنى ھەقىقەتەن مەھلىيا قىلاتتى.

ئەمما، بالا بۇ يەردىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلغىلى كەلمەيتتى. قىيادا ئىنتايىن نەپىس قىلىپ قاتۇرۇلغان، رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن ئورالغان يېگانە بىر قەبرە بار ئىدى. بالىنىڭ ئانىسى دەل مۇشۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتاتتى.

بالا دائىم ئانىسىنى ياد ئېتەتتى. بىچارە بالىغا مومىسىدىن باشقا قارايدىغان ھېچكىمى بولمىغاچقا تولىمۇ زېرىكەتتى. ئەلۋەتتە بۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا ئانىسى كېلەتتى. دادىسى گەرچە ھايات بولسىمۇ، ئۇ بالىنىڭ نەزىرىدە ئۆلگەن ئادەمگە ئوخشايتتى، ئۇنىڭ بالا بىلەن قىلچە كارى بولمايتتى.

موماي كەچتە بالىسىغا چۆچەك ئېيتىپ بەرسىمۇ، كۈندۈزى ئازراقمۇ تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بالىغا قاراشقا چولىسى تەگمەي قالاتتى. بۇ چاغدا ئۇ بالىنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ:

ــ سىرتقا چىقىپ ئويناپ كىرگىن قوزام، ــ دەيتتى.

بالىنىڭ جەھلى قاتاتتى. بەش ـ ئالتە ئۆيلۈكلا ئائىلە بار، شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ مەھەللىدە، ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بالىلارنىڭ چىقىپ كېتىشى ناتايىن ئىدى، لېكىن بالىنىڭ نەزىرىدە بۇ كارايىتى چاغلىق ئىش ئىدى. چۈنكى بالا بەربىر باشقىلار بىلەن ئوينىمايتتى. ئۇ يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرسە، ھېچكىم ئۇنىڭغا دەخلى قىلمىسىلا بولاتتى.

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ سەبىي قەلبىگە ئاجايىپ، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان خىياللار يوشۇرۇنغان بولاتتى. بولۇپمۇ مومىسىنىڭ چۆچەكلىرىدىكى ھېلىقى سۇلتان كېچە - كۈندۈز ئۇنى ئەسىر قىلاتتى. يۇلتۇزغا ئايلىنىپ، ئاتا - ئانىسى بىلەن ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋاتقان سۇلتان دائىم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىدى، «ھەي ئىست، سۇلتاندەك بولۇپ قالغان بولسامچۇ؟» دېگەن خىيالنىمۇ قىلىپ قوياتتى ئۇ ئارىلاپ... بالا قەبرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قەبرىگە بىر خىل مېھرى بىلەن قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

«ئانام راستتىنلا مۇشۇنىڭ ئىچىدىمىدۇ؟ - دېگەن خىيال كېچەتتى ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدىن، - مېنى كۆرۈپ تۇرامدىكىن؟ نېمىشقا مەن گەپ قىلسام گەپ قىلماي تۇرۇۋالىدۇ؟ ياكى ئۆلگەن ئادەم گەپ قىلالمامدىكىن؟»

ئۇ كاللىسىدىكى تۈگۈننى يېشەلمەي، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ كەتتى. كېيىن بىردىنلا بارلىق ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى.

«سۇلتانىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كەتتى. مېنىڭ ئاناممۇ يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ... - دېدى ئۇ ئىچىدە، - راست ... راست، سۇلتانىنىڭ يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كەتكەن ئانىسى بولسا، مېنىڭمۇ شۇنداق ئانام بار ئىكەن...»

ئۇ بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ سۇلتانغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان شۇ دەقىقىدە، ئۇنىڭ قەلبىنى ئاجايىپ بىر ھاياجانلىق سېزىم ئورىۋالغاندىكى، ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېسابلاپ كەتتى. بۇنداق تۇيغۇ - پەقەت كىچىكلەرگىلا خاس تۇيغۇ ئىدى.

بالا بىردىنلا تىزلىرىنىڭ پوكۇلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، بەلكى ئۇ ھارغاندۇ؟ بۇ يەرگە كەلگۈچە خېلى ئۇزۇن يولنى بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمدىلا ئالتە ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىۋاتقان بالا ئۈچۈن ئاسانمۇ؟ ئولتۇرۇپ بىرئاز ئارام ئېلىۋالاي دېگەندۇ؟

بالا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەرگە ھاياجان بىلەن تويماي - تويماي قاراپ كەتتى، ھەتتا ئۇلارنى قوللىرى بىلەن سىلاپ قويماقچىمۇ بولدى. بۇ گۈللەرنى مومىسى ئىككىسى تېرىغانىدى...

تۇساتتىن بىر بۇلبۇل ئۇچۇپ كېلىپ، قەبرىنىڭ بېشىغا تىكلىگەن چىنار دەرىخىگە قونۇۋېلىپ، شۇنداق ئىشتىياق بىلەن سايراپ كەتتىكى، بالا ئۇنىڭغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. تەبىئەتنىڭ بالىغا كۆرسىتىۋاتقان بۇ مۆجىزىسىدىن ئۇ ئۆزىنى باسالماي تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلۈشكە باشلىدى.

بۇلبۇل سايراشتىن چىپپىدە توختاپ، «بۇ قانداق بالىدۇ؟» دېگەندەك، بالىغا ئەجەبلىنىپ قاراپلا قالدى. بالىمۇ دەرھاللا كۈلكىسىدىن توختىدى، ئۇ بۇلبۇلنىڭ ئۆزىگە ھەيران قېلىۋاتقىنىنى سەزدى بولغاي:

- نېمىشقا توختىۋالىسەن؟ سايرىغىن، ئاۋازىڭ تولىمۇ چىرايلىق ئىكەن، - دېدى.

بۇلبۇل ئۇنىڭ نېمە دېۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەندەك، بالىغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتتى - دە، پۇررىدە قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. بەلكىم «ھەي، بۇ بالا خەتەرلىك، قاچمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالغان چېغى.

بالا قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە چۆكتى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا تولىمۇ زېرىكىشلىكتەك بىلىنىشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئاستا ئانىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ، ئاپئاق ھاكلانغان قەبرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

- تېخىچە ئۇخلاپ ياتامسەن ئانا؟ بۇ يەردىن چىقمايلا يېتىۋالىدىكەنسەن؟ پەقەتلا چىققۇڭ كەلمەيۋاتامدۇ يا؟ - دەپ پىچىرلىدى ئۇ. ئۇنىڭ ئېسىگە بىردىنلا سۇلتان كېلىپ، سۇلتانىنىڭمۇ ئاتا - ئانىسى شۇنداق ئىكەن، - دېدى يەنە - ئۇلار يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن، سۇلتان ئۇلارغا قانچە تەلمۈرۈپ قارىسىمۇ، ئۇلار سۇلتانىنىڭ يېنىغا كەلمەيدىكەن، - بايىقى خىياللار يەنە قايتىدىن



كاللىسىدىن كەچتى - دە، بالا دەرھاللا جانلىنىپ كەتتى، — سۇلتاننىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاش سەنمۇ يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كەتكەن ئوخشىمامسەن؟ يۇلتۇز دېگەن ئاسماندا بولىدۇ، سەنمۇ ئاسماندىمۇ؟

ئۇ ئاسمانغا قارىدى، دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا قونغىلىۋاتقان قۇياش ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چېقىپ ئۆتتى، «كەتكىلىۋاتىمەن، سەنمۇ ئۆيۈڭگە كېتىۋالامسەن قانداق؟» دەۋاتقاندەك قىلاتتى ئۇ.

— بىراق، كۈندۈزدە يۇلتۇزلار يوق بولۇپ كېتىدىكەن، ئۇلار نەگە كېتىدىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆيى بارمىكىن يا؟ سىنىڭ كىرىدىغان ئۆيۈڭ بار ئىكەن، باشقىلارنىڭمۇ بار ئوخشايدۇ. سۇلتاننىڭ ئانىسى، دادىسى، مومىسى، سۇلتان ئۆزى قەيەرگە كېتىدىكىنە؟

ئۇنىڭ يادىغا بىردىنلا مومىسى كەلدى. بۇنى دەرھال مومىسىدىن سوراپ باقماقچى بولدى. پەقەت مومىسىلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە چىگىلگەن تۈگۈننى يېشىپ بېرەلەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ باشقا يېقىن كىشىسى يوق - تە!

## 4

موماي چۈشىن يەۋالغاندەكلا يۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بالىنىڭ سۆزلىرىنى ئويلىغانسېرى بىراۋ ئىچىنى خەنجەر بىلەن تىلغىغاندەك بىئارام بولۇشقا باشلايتتى. «تۇۋا، كىچىككىنە تۇرۇپ قەيەردىن كەلگەن ئەقىلدۇ؟ قانداق گەپلەرنى قىلىدۇ-ھە؟» دېگەن خىيال كاللىسىدىن نېرى كەتمەيتتى.

بالىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلايتتى.

— ئانامنىڭ يۇلتۇزىمۇ سۇلتاننىڭ يۇلتۇزىغا ئوخشاش ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنمۇ؟

— ئەمسە نېمىشقا ئۇنى ماڭا كۆرسىتىپ قويمايسەن؟ نېمىشقا بۇنى بالدۇر ئېيتمىدىڭ؟

— كۈندۈزى يۇلتۇزلار نەگە كېتىدۇ؟ ئۆيلىرى بارمۇ؟ ئانامنىڭ يۇلتۇزى راستىنلا بىز قەبرە دەپ ياساپ بەرگەن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، كېچىسى يەنە ئاسمانغا قايتىپ چىقامدۇ؟

بۇلارغا نېمە دېگۈلۈك؟ دىسلەپتىلا ئىشنى تاپقان ئۆزى. ئاشۇ چۈچەكنى نېمىشقا ئېيتىپ بەرگەن بولغىيتتى؟

موماي نەۋرىسىگە: «سۆزلىرىمگە بەكمۇ ئىشىنىپ كەتمىگىن، ئەسلىدە ئۆلگەن ئادەمنىڭ يۇلتۇزى ئاسماندىن ئېقىپ كېتىدۇ» دېمەكچىمۇ بولاتتى. ئەگەر شۇنداقلا دېيىدىغان بولسا، بالا قايمۇقۇپلا قالاتتى. يەنە كېلىپ بۇ سۆز بالىنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك تېگىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. كىچىككىنە بىر يۈرەك مۇشۇ چۈچەكتىنلا ئوزۇق ئېلىپ، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەپەككۇرى ئەمدىلا يېتىلىۋاتقان بىر بالا ئۈچۈن، بۇنداق قىلىش قاملاشمىغان ئىش قىلغانلىق بىلەن باراۋەر بولاتتى.

موماي بالىنىڭ سوئاللىرىنى تەستىقلاپ قويۇشتىن ئۆزگە ئامال يوقلۇقىنى تونۇپ يەتتى. «بالا بىر كۈنلەردە چوڭ بولىدۇ، شۇ چاغدا ھەممىنى تونۇپ يېتىدۇ، — دېدى موماي ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ — ئۇ چاغدا مېنىڭ چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشۇمنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ».

مانا، مايىنىڭ گۈزەل كېچىلىرىنىڭ بىرىدە، موماي ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ياتقان نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، تەگسىز خىياللار قايىنىمىغا غەرق بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ نەۋرىسىنى قانداق چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشىدىغانغا كۆزى يەتمەيۋاتاتتى. بەلكى كىچىككىنە بۇ بالا چوڭ بولغۇچە، ئۆزى ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالار.

تۇرۇپ ئۇ كۆيئوغلىدىن ئەنسىرەپ قالاتتى، قىزىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئۇ ئادەم ئىچ - ئىچىدىن تۈگىشىپلا كەتكەنىدى. خۇدانىڭ كۈنى ئۇ ئۆيگە مەست كېلەتتى. ئەتىگەن ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، يېرىم كېچىدە كەلگىنى كەلگەنىدى. مومايغا قىزىنىڭ ئۆلۈمىمۇ يەتكۈدەك ئەلەم ئىدى. كۆيئوغلى گەرچە مومايىنىڭ قىزى ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما مومايغا يەنە بىر چوڭ باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىۋاتاتتى...

جىممىدە ياتقان نەۋرىسى بىردىنلا تىلغا كىردى:

— موما، سۇلتاننىڭ يۇلتۇزىنى كۆرسىتىپ قويمىدىڭغۇ؟

موماي دەماللىققا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

— كۆزۈم ھېچنېمىنى كۆرمەيۋاتىدۇ قوزام، ئۆزۈڭ ئىزدەپ باققىنە، — دېگەن گەپنىلا ئېيتالىدى.

بالا خېلىغىچە ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن بىردىنلا خۇشال بولۇپ:

— تېپىۋالدىم، ئۇلارنى كۆردۇم موما، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى، — سۇلتاننىڭ ئانىسى، دادىسى، مومىسى ھەممىسى بار ئىكەن.

موماي بالىنىڭ شادلىقتىن پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىگە، سەبىي چىرايىغا قاراپ ھەممىنى ئۇنتۇدى. نەۋرىسىگە ئامراقلىقى كېلىپ:

— تېپىۋالدىڭمۇ؟ تېپىۋالغان بولساڭ بولدى، — دېدى.

بالا يۇلتۇزلارنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ، مومىسىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇلارنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. موماي سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار پارلاپ تۇرغان ئاسمانغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمما بۇ بالىنىڭ قايسى يۇلتۇزنى كۆرسىتىۋاتقىنىنى بىلمەيتتى، ئۇنى ئىزدەشنىمۇ ئويلىمايتتى، پەقەت ئاسمانغا مەقسەتسىزلا تىكىلگەنىدى.

— كۆردۈڭمۇ موما، كۆرۈۋاتامسەن؟

— ناھايىتى ئوبدان كۆرۈۋاتىمەن قوزام.

مومايىنىڭ قەلبى تىنىمسىز دولقۇنلىناتتى. ئۇماق نەۋرىسىنىڭ ئەقلى بىر تەرەپتىن ئۇنى قايىل قىلاتتى، «ئەقلىڭدىن ئۆرگىلەي كېتەي قوزام» دەيتتى ئۇ ئىچىدە.

— كۆردۈڭمۇ موما، ئۇلارنىڭ يېنىدا يەنە بىر يۇلتۇز تۇرىدىغۇ، ئۇ ئانامنىڭ يۇلتۇزىغۇ دەيمەن؟

مومايىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، بالا كۆرسەتكەن تەرەپكە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ كەتتى. راستتىنلا بالىنىڭ قولىنىڭ ئۇچىدا بىر ـ بىرىدىن نۇرلۇق بەش يۇلتۇز پارلاپ تۇراتتى. «ھە، بالا شۇلارنى دەۋاتقان ئىكەن ـ دە؟ تېخى مەكتەپ يېشىغىمۇ تولمىغان بۇ بالا بەش ئادەمگە ئوخشىتىپ تۇرۇپ، بۇ بەش يۇلتۇزنى تېپىۋاپتۇ».

مومايغا يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى راستتىنلا قىزىغا ئوخشاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ قىزى ھەقىقەتەن يۇلتۇزغا ئوخشاش پارلاپ تۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر ياغاتتى. بىچارە قىزىنىڭ يۇلتۇزى ئاللىقاچان ئاسماندىن ئېقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان يۇلتۇزلار نۇرغۇن ئىكەنغۇ ئەنە؟

موماي شۇ خىياللار بىلەن نەۋرىسىگە قارىدى، نەۋرىسىنىڭ ماڭلىيىدىن بىردىنلا قىزىنىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولدى. موماي ئەمدى ھەممىنى چۈشەندى، قىزىنىڭ يۇلتۇزى ئاسماندىن نەۋرىسىنىڭ پېشانىسىگە كۆچۈپتۇ. بالا ـ ئانىنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟

موماي چەكسىز مېھرى ـ مۇھەببىتى بىلەن نەۋرىسىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى.

— يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كەتسە قانچىلىك ياخشى ـ ھە، موما؟ ـ دېدى نەۋرىسى بىردىنلا ئارمان بىلەن، ـ ئۇلار ئاسماندا ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىكەن.

بالا بۇ سۆزلىرى بىلەن مومىسىنىڭ يۈرىكىگە يەنە بىر قېتىم ئەجەللىك خەنجەر ئۇرغىنىنى قىلچىلىك ھېس قىلمىدى، ھېس قىلالىشىمۇ ھەم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلما، يامان بولىدۇ، ـ دېدى موماي قورقۇنچ ئىچىدە. لېكىن كېيىن ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرىنى سىرتقا چىقارماي ئىچىگە يۇتۇۋەتتى: «سەن بەربىر ئاللىقاچان يۇلتۇزغا ئايلىنىپ بولغان بالىغۇ؟ شۇنى بىلمەمسەن؟ سەن ئاناڭنىڭ يۇلتۇزىغا ئايلىنىپ بولغانسەن».

— نېمىشقا موما؟ ـ بالا مومايىنىڭ قورقۇنچتىن پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— سەن تېخى كىچىك، چوڭ بولغاندا بىلىسەن...

— ھە، ـ بالا ھەممە نەرسىنى بىلىۋالغاندەك روھلىنىپ كەتتى، ـ سۇلتانىنىڭ مومىسىمۇ سۇلتانغا شۇنداق دېگەنىكەن. ئاز كۈندىن كېيىن چوڭ بولسام بۇنى چوقۇم بىلىۋالىمەن.

مومايغا بالىنىڭ بۇ سۆزلىرى گويا سۇلتانىنىڭ: «ھە، چوڭ بولغاندا ۋارقىرىسام ئاۋازىم يېتىدىكەن ـ دە» دېگىنىدەكلا ئاڭلىنىپ، تېخىمۇ بىئارام بولۇپ كەتتى-دە، دەرھاللا:

— ئۇيقۇڭ كەلدىمۇ؟ يۈر، ئۆيگە كىرىپ ئۇخلايلى ـ دېدى.

— تېخى ئۇيقۇم كەلمىدى، ـ دېدى بالا يېلىنغان ئاھاڭدا.

موماي بۇ گەپكە پەرۋا قىلمىدى.

— داداڭچۇ؟ ئۇ كەلمەيدىغۇ؟

— سەن ئۇخلىغاندىن كېيىن كېلىدۇ، يۈر، ئۇخلايلى...

موماي نەۋرىسى ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن خاتىرجەم بولدى. ئۇ ئىچىدە ئاللىنىمىلەرنى دېگىنىچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا، قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمىگەن ھالدا بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا باشلىدى...

خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، توساتتىن دەرۋازا جالاقلاپ ئېچىلدى.

كۈيئوغلى كەلگەنىدى.

## 5

رەخمىدىن ئەمدى ئوتتۇز ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى بىھۇدە توزۇتۇۋېتىپ باراتتى. ئىسپىرت ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا چىقسىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دەريا سۈيىگە ئوخشاش، ۋۇجۇدىغا ئېقىپ كىرەتتى. گويا ھاراق بوتۇلكىسى ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇلۇغۋار سىما بولۇپ تىكلەنگەن بولۇپ، ئۇلەي دەپ قالغان بۇ قەلبتە موھەببەت ئويغىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

خىزمەتكە كېلىش، ئىشلەش، خىزمەتتىن چۈشۈش،

تاماق يېيىش، ئۇخلاش... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بەھۇدە نەرسىلەردەك بىلىنەتتى. تۇرمۇش ئۇنى بارغانسېرى بىزار قىلماقتا ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ يۈرگىنىنى كۆرگەندە: «ھەي ئەخمەقلەر، — دەپ ئويلاپ ۋىجدانى قاينايتتى، — كۈلكە دېگەن ۋاقتلىقلا نەرسىغۇ؟ كۈلكىنىڭ ئارقىسىدىن ئوخشاشلا يەنە بەختسىز ئىشلار كېلىدۇ. شۇنى بىلىپ تۇرۇپ كۈلىدىكەنسىلەر... نېمىدېگەن مەنىسىز ئىش - ھە؟» دەپ ئويلايتتى.

ئۇ شۇنداق خىياللارنى تولا قىلىۋېرىپ، پەيلاسوپلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. رەخمىدىن مانا شۇنداقلا كېتىۋېرىدىغان بولسا، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق؟! بارغانسېرى ھاياتتىن بېزىپ كېتىۋاتقان بۇ كىشى بارلىق نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ، ئازراق بولسىمۇ غەم - ئەندىشە يوق پىلانىتتا سەيلە قىلىۋېلىش ئۈچۈن قاۋاقخانىغا كىرىپ كېتەتتى.

مەستلەر ئۈچۈن قاۋاقخانىنىڭ ھەربىر شىرەسى بىر سەييارە ئىدى. بۇ سەييارىلەردە ھەر خىل ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. قاۋاقخانىدىن ئىبارەت مۇنۇ چوڭ ئوربىتىدىكى يېڭى بايقالغان سەييارىلەردە ھاياتلىق بولسىمۇ جىممىدە يېتىۋېلىۋاتاتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ بىر - بىرىگە مۆكلىرىنى تۆكۈپ يىغلىشىپ قويۇشاتتى. گاھىدا ئاغزىلىرىنى ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە بوزۇشۇپ، بىر - بىرىنى تىللىشاتتى. ئەمما قالغان ۋاقىتلىرىنى زايە قىلماستىن، شۈككىدە ئولتۇرۇپ گۈپۈلدىتىپ ئىچىشەتتى. قارىغاندا غەم ھەممە ئادەمدە بار ئوخشايدۇ.

رەخمىدىن ئۆلپەتلىرىنى دەرھاللا تېپىۋالدى. ئۇ بۈگۈن يەنە مەست بولغۇچە بىر ئىچىشنى ئويلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى بۈگۈن بىر قول قامالاپ تۇتۇۋېلىپ، تولىمۇ بىئارام قىلىۋاتاتتى. ئۇنى شۇنچە قىيناۋاتقىنى بۆلۈم باشلىقىنىڭ بايا قىلغان ئاچچىق سۆزلىرى ئىدى. ئۇ سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە توختىماستىن جاراڭلاپ، مېڭىسىگە مۇشت ئۇرغاندەك تېگەتتى.

— راستىنى ئېيتسام رەخمىدىن، سىزگە بۇ گەپلەرنى قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئويلاندىم، بۇ قارارغا كەلمىگىچىمۇ ئاسانغا چۈشمىدى، — دېگەنىدى ئۇ ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە، — سىزگە بۇ گەپنى ئېيتىشىم بىرىنچى قېتىم ئەمەس... ئائىلىڭىزنىڭ ئۆلۈمى سىزگە بەكمۇ ئېغىر كەلدى (بۇنىڭغا ھەممىمىز قايغۇرىمىز)، لېكىن ئۆلگەن ئادەمنىڭ كەينىدىن ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئورنى يوققۇ دەيمەن؟ ئۆزىڭىزنى بەك يوقىتىپ قويۇۋاتىسىز، ئويلاپ بېقىڭە؟ ھاراق بىلەن ئائىلىڭىزنى تىرىلدۈرەلەرسىزمۇ؟ بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا شۇنداق ساغلام، تېتىك، ياشلىق كۈچىڭىز، ئەقلىڭىز ئۇرغۇپ تۇرغان بىر يىگىت ئىدىڭىز. ئەمدى بۇلار نەگە كەتتى؟ بىچارە ئائىلىڭىزنىڭ (ئۇنىڭ جايى جەننەتتە بولسۇن) بۇ تۇرقىڭىزنى كۆرسە روھى قورۇنماي قالاتتىمۇ؟

رەخمىدىننىڭ يۈرىكىگە بۇ سۆزلەر ئازراق بولسىمۇ تەگكەندەك قىلدى. ئەمما بۇنداق نەسىھەتلەرنى ئىلگىرى تولا ئاڭلاپ كەتكەچكە، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە نەسىھەت قىلىشىنى ئورۇنسىز دەپ قارايتتى. ئۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە دەخلى قىلماسلىقىنى، ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىشىنى خالايتتى.

شۇ سەۋەبلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ:

— مەن خىزمەتنى ھېلىمۇ ياخشى ئىشلەپ كېتىۋاتىمەنغۇ؟ — دېدى.

— راست، ياخشى ئىشلەپ كېتىۋاتىسىز، — بۆلۈم باشلىقى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشاتتى، — ئەمما شۇنى ئويلاشمايۋاتىسىزكى، ئىدارىمىزنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىۋاتىسىز، — بۆلۈم باشلىقى سۆزنى مۇشۇ يەردە توگەتسە بولاتتى. شۇنداق قىلغان بولسا، بەلكىم سۆزنىڭ ئۈنۈمىنى كۆزەر ئىدى. بىراق ئاخىرىدا بىر ئېغىز سۆزنى ئارتۇق قىلىپ قويدى، — ئەمدى بۇنداق قىلىۋەرمەڭ، بولامدۇ؟

رەخمىدىنگە ئاخىرقى سۆز تولىمۇ سەت گەپتەك بىلىندى، «بۇنداق قىلىۋەرمەڭ دېگىنى نېمىسى؟ بۇ بۇيرۇق قىلغىنى ئەمەسمۇ؟» دېگەن خىيال كاللىسىدىن كېچىپ بىردىنلا تېرىكتى. باشقىلار بۇيرۇق قىلسا ئۇنىڭ جېنى تۇتۇپ قالاتتى.

— سىز نېمىشقا مېنىڭ شەخسىي تۇرمۇشۇمغا ئارىلىشىۋالىسىز؟! — دېدى ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ.

بۇ نۆۋەت بۆلۈم باشلىقىمۇ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.

— نېمىشقا ئارىلاشمايدىكەنمەن؟ سىز بۇ ئىدارىمىزنىڭ خىزمەتچىسى، ئۈستىڭىزدىن نازارەتچىلىك قىلىدىغان ئادەم مانا مەن!

— باشلىقىم بولمايلا كېتىڭ! ھەممىدىن جاق تويدۇم — دەپ ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىرىدى رەخمىدىن.

-بۆلۈم باشلىقى ئۈستەلگە مۇشتۇمى بىلەن بىرنى سالدى.

— ماقۇل ئەمىسە! — دەپ قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى — بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئېيتىلىقى بولۇپ قالسۇن! كېيىنكى نۆۋەت ئىش چىقارسىڭىز، خىزمەتتىن چېكىندۈرۈش مەسىلىڭىزنى ئويلىشىپ كۆرمىسەك بولمايدۇ!

رەخمەددىن نىمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. شۇندىلا ئۇ قېنىنىڭ قىزىپ قالغىنىنى ھېس قىلىپ يەتتى. باشلىقنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالغان كۆزلىرى ئاستا - ئاستا نۇرىنى يوقىتىشقا باشلىغانىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇ شۇنداق بىر ئۈستۈنلۈكنى تونۇپ يەتتىكى، باشلىق - يەنىلا باشلىق ئىدى. ئۇ قانچىلىك قىلمىسۇن، بەرىبىر باشلىقنىڭ ئالدىدا ئاجىز كېلەتتى. ئۇ چاشقان بولسا، باشلىق مۈشۈك ئىدى.

مۈشۈ خىياللارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن باشلىقتىن كۆزىنى ئېلىپ، گەپ قىلماستىن بۆلۈمدىن چىقىپ كەتتى، «ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، بابلايدۇ ھەر باب بىلەن» دېگەن مانا مۈشۈ» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ قويدى ئۇ.

لېكىن بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئۇنىڭدەك ئويلىمايدىغىنىدىن ئۇ ئەسلا خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ رەخمەددىننىڭ ئارقىسىدىن چوڭقۇر ئېچىنىش بىلەن قاراپ قېلىپ، «ھەي، بىر يارامىلىق تالانت ئىگىسى مۈشۈنىڭ بىلەنلا توگىشىپ كېتەرمۇ؟» دەپ ئويلاپ تولىمۇ ئەپسۇسلىناتتى. مۇبادا رەخمەددىن مۈشۈ پېتىلا كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئىشتىن ھەيدىلىپ كېتىش ئېھتىمالىمۇ بار ئىدى.

- ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش كېرەك ئىدى، - دەپ پىچىرلىدى ئۇ ۋە رەخمەددىننىڭ يېقىن دوستى بىلالىددىننى يادىغا ئېلىپ، دەرھال تېلېفوننى قولىغا ئالدى. كۆڭلىدە ئۇ بىلالىددىننىڭ ئۆز ئاغىنىسىگە ياردەم قىلىشىغا ئىشىنەتتى...

رەخمەددىن يۇقىرىقى ئىشلاردىن قىلچە خەۋەرسىز ھالدا باشقا بىر پىلانىتتا ياشاۋاتقاندەك دەردىنى ھاراقتىن ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئۆيدە كەپتەرنىڭ باچكىسىغا ئوخشاش ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئوماق ئوغلىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيگەن كىشىسىنىڭ قېرى ئانىسىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى. ئۇ پەقەت مۇنۇ بوتۇلكىدىكى «ئېشەك سۈيدۈكى»نى ئىچىپ، دەردىنى چىقارسىلا بولاتتى.

«ھە، ئېشەك سۈيدۈكى؟» بۇ سۆزنىڭ كاللىسىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ئويلاشقا باشلىدى ئۇ. «بىر ئوبدان نەرسىنى ‹ئېشەك سۈيدۈكى› دېگىنى نېمىسى؟ - دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە چوڭقۇر ھەيرانلىق ئىچىدە (قارىغاندا ئۇنى ھاراق يەنە تۇتۇۋاتقاندەك قىلاتتى)، - بۇ گەپنى كىم دېگەن بولغىيتى؟... ئەستا... توغرا! بىلالىددىن، مېنىڭ قەدىرلىك ئاغىنەم. بىر چاغلاردا شۇ گەپنى قىلىپ بىزنى كولدۇرگەنىدى. قانداق چاغلار ئىدى - ھە ئۇ؟...» رەخمەددىننىڭ يادىغا ئۆتمۈش سايىسىنى تاشلاپ ئۆتتى...

ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى بار ئىدى. تۆت كىشى بىر كۈنى ساياھەتكە چىقىشقانىدى. ئۇلار رەخمەددىن، بىلالىددىن، رەخمەددىننىڭ ئايالى ۋە بىلالىددىننىڭ ئايالى مېھرىبانلار ئىدى. ئەنە شۇ يەردە رەخمەددىن: «بىر سەر ئېلىۋالدىم، قانداق قىلىمىز؟» دېگىنىدە، بىلالىددىن: «قوي ئۇ ئېشەك سۈيدۈكىنى، ئىچمەيمەن» دېگەنىدى...

تاتلىق خاتىرىلەر رەخمەددىننى قانداق تېز ئەسىر قىلغان بولسا، يەنە شۇنداق تېز غايىب بولدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بىردىنلا يەنە ھېلىقى دوختۇرخانا كۆرۈنگەنىدى...

دوختۇر ئۇنى ئۆز بۆلۈمىسگە باشلاپ ئەكىرگەنىدى. ئاشۇ ۋاقىتنى ئۇ مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدۇ. ئۇ ۋاقىت - ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ ئازابلىق بىر ۋاقىت بولغانىدى.

- ئۈمىد قالماپتۇ، پەقەت بىرنەچچە ئايلىق ئۆمرى قاپتۇ...

رەخمەددىنگە مۈشۈ گەپلەرلا كۇپايە ئىدى. ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دەپ قالغانىدى ئۇ. قېرىشقاندەك دوختۇر يەنە سۆزلەۋەردى:

- بۇنى ئۇ ئۇقمايدۇ. بولدى، ئۆلگۈچە بىلمەي كەتسۇن!

- نېمە دەۋاتىسەن ئەبلەخ! بۇ گەپ ئاغزىڭغا قانداق پاتتى!؟ ئۇ ئاللىقاچان بىلىپ بولغان، بىلدىڭمۇ؟! شۇڭا ئۇ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، دوختۇرغا تەكشۈرتمەي يۈرگەن!

رەخمەددىن ئىككى قولى بىلەن قۇلاقلىرىنى مەھكەم ئېتىۋالغان بولسىمۇ، دوختۇرنىڭ ھېلىقى سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەي جاراڭلايتتى... ئاخىرىت ئۇ بۇنىڭغا زادى چىداشلىق بېرەلمەي ۋارقىراپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېرۋىسى ھەرىكەتتىن توختاپ قالغانىدى. ئەمما ئەڭ ئوبدان ئىش شۇ بولدىكى، قۇلاق تۈۋىدىكى ھېلىقى ئاۋازلار بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىپ، نېرۋىسى تىنچلىنىپ قالدى.

- ئۇ مەست بولۇپ قاپتۇ، سىرتقا ئاچىقىۋېتىڭلار!

بۇ ئاۋاز ئىنتايىن يىراق بىر جايدىن ئاڭلانغاندەك بولدى. رەخمەددىن بۇ سۆزنى كاللىسىدا دەڭسەپ كۆردى- دە، شۇئان كاللىسى پاللىدە ئېچىلىپ كەتكەندەك بولۇپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپىغا قارىدى.

مەستلەر ئۈن - تىنسىز ئۇنىڭغا قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

- بىرى گەپ قىلدىمۇ؟ - دەپ سورىدى ئۇ.

- سەن مەست بولۇپ قاپسەن!

رەخمەددىن ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە بۇتەك چەكچىيىپ تۇرغان قاۋاقخانا خوجايىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى شەپقەتسىزلىك بىلەن يېنىپ تۇراتتى.

- بايىقى گېپىڭنى ماڭا قىلدىڭمۇ؟ - دېدى ئۇ بىردىنلا

جۇدۇنى تۇتۇپ.

— مەست بولۇۋېلىپ جېدەل چىقىراي دەمسەن تېخى!

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ خوجايىن ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق ئۆكتەملىك قىلىۋاتاتتى.

رەخمىدىننىڭ كۆزىگە خوجايىن بۆلۈم باشلىقىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ: «يوقال بۇ يەردىن! ئىشتىن ھەيدەلدىڭ!» دەۋاتاتتى.

— بۇ مەست بولىدىغان جاي، ئۇقتۇڭمۇ؟! سەن بىزنى مەست بولسۇن دەپ ئاچقان جاي! — بار قەھرىنى كانىيىغا يىغىپ ۋارقىرىدى رەخمىدىن.

— يوقال بۇ يەردىن!

رەخمىدىننىڭ گەدىنىگە تەگكەن مۇشتنىڭ زەربىسىنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلدى.

قەيەردىن كەلگەن كۈچ ئىدىكى؟ ئۇ ئورنىدىن شۇنداق تېز قاڭقىپ تۇردىكى، كۈتمىگەن بۇ تاسادىپىيلىقتىن چۆچۈپ كەتكەن قاۋاقخانا خوجايىنى ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتكىلى قىل قالدى.

رەخمىدىن ھېلىقى دوختۇرنىڭ ياقىسىدىن مانا شۇنداق ئالغانىدى. ئۇ چاغلاردا قانچىلىك كۈچلۈك ئىدى - ھە؟ ئۇ ئەمدى ئۆزىدە كۈچ دېگەن نەرسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇنى ئەلۋەتتە ئېگىزگە بىر مۇشت يەپ يەردە سوزۇلۇپ ياتقاندىلا ھېس قىلغانىدى.

قورقۇپ كەتكەن مەستلەر خوجايىننىڭ بۇيرۇقىسىزلا رەخمىدىننى سىرتقا ئاچىقىپ كوچىغا تاشلىۋېتىشتى. دېمىسىمۇ ئۇستىخانلىق، قورسىقى تومپىيىپ چىققان، چىرايىدا ئادەمىي ھېسسىياتتىن ئەسەرمۇ يوق، چۆچەكلەردىكى دېۋىلەرگە ئوخشايدىغان بۇ خوجايىننىڭ قارچۇغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى، چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتۇملىرى مەستلەرنىڭ يۈرىكىنى قويمىغانىدى.

## 6

غەربكە قاراپ كېتىۋاتقان قۇياش، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىنى يەنىلا ھېلىقى قىيادىكى ئاپئاق ھاكلانغان قەبرە ئۈستىگە سەپمەكتە ئىدى. قارىماققا ئۇ بىرنەرسىدىن تولىمۇ تىت - تىت بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ھەقىقەتەن بىر كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋال ئىدى. چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى مانا مەن دەپ ئاشكارىلاپ تۇراتتى.

— ھەي قۇياش، بۈگۈن ساڭا جەزمەن بىر ئىش بولدى، نېمە بولدى؟ ئېيتقىنا ماڭا؟

— قايتىپ كەتكىلىۋاتىمەن، لېكىن ئۇ بولسا تېخىچە قايتمايۋاتىدۇ.

— ھە، سەن ئۇنى دەۋاتقان ئىكەنسەن - دە؟

ئاپئاق قەبرىگە بېشىنى قويۇپ، بىر بالا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

— ئۇنىڭ ئۇخلىغىنىغا نېكەم، قانچىلىك قىلىپمۇ ئويغىتالمىدىم.

— ھەي، سەن نېمىشقا ۋارقىراپ باقمايسەن؟

— مەن قانداق ۋارقىرىغۇدەكمەن؟ ۋارقىرىساممۇ بەرىبىر ئاۋازىمنى يەتكۈزەلمەيمەن - دە؟

— ھا - ھا - ھا... ئەمىسە سەن ھېلىقى سۇلتانغا ئوخشايدىكەنسەن. ئۇ كىچىك بولغاچقا قانچە ۋارقىرىسىمۇ ئاسماندا تۇرغان ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايدىكەن.

— سەن بۇ چۆچەكنى قويۇپ، ئۆزۈڭ بىر ۋارقىراپ باقساڭ بولاتتى. ئەڭ ياخشىسى بىز ئۇنى ئويغىتىپ ئۆيىگە كەتكۈزىۋېتەيلى. بولمىسا، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسە ئۇ قورقۇپ كېتىدۇ، ئۆيدىكى مومىسىمۇ ئەنسىرەيدۇ.

— مېنى قىستىمىغىن، مەن قانداقمۇ ۋارقىراپ ئۇنى ئويغىتالىغۇدەكمەن؟

— ئەمىسە سەنمۇ سۇلتاننىڭ ئۆزى ئىكەنسەن.

— ۋاي خۇدايىم، بۇنى ئويلىشىپ باقماپتىمەن.

— نېمىشقا سەن ئوبدان بىر ئامال تاپمايسەن؟

— مەن قانداقمۇ ئامال تاپالايتتىم؟... راست، سەن ئۇنى قانداق ئويغاتماقچى بولغانىدىڭ؟



دەسلەپتە ئۇنى ئازراق ئۇخلاپلا بولدى قىلارمىكىن، دەپ ئويلىدىم، لېكىن ئۇ ئويغانمىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆچلۈك نۇرلىرىم بىلەن ئۇنى غىدىقلىدىم...

– يەنە ئويغانمىدى دېگىن. خېلى ئۇزۇنغىچە مۇشۇنداق قىلدىڭمۇ؟... تۇرۇپ تۇر... ۋاي خۇدايىم، سەن ئۇنىڭغا ئاپتاپ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئوخشايسەن؟

– ئاپلا، مەن پەقەت ئۇنى ئويغىتاي دەپلا ئويلاپتىمەن...

... بالا بۇ تاپتا چۈش كۆرۈۋاتاتتى.

چۈشىدە ئۇ سۇلتاندىن: «سەن قانداق قىلىپ يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كەتتىڭ؟» دەپ سوراۋاتاتتى. سۇلتان بولسا: «بۇ ناھايىتى ئاسان، مەن ساڭا ئۆگىتىپ قوياي» دەۋاتاتتى. «چاپسان ئۆگىتىپ قويساڭ بولاتتى، – دەيتتى بالا ئىنتايىن تەقەززا بولۇپ، – ئانام مېنى بەك ساقلاپ كەتتىغۇ دەيمەن؟»

شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئوتتەك قىزىپ كېتىۋاتاتتى. مۇبادا سۇلتان يۇلتۇزغا ئايلىنىشنى تېزرەك ئۆگىتىپ قويمىسا، بىر يالقۇن ئۇنى كۆيدۈرۈپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. بۇ قەيەردىن كېلىۋاتقان يالقۇندۇ؟

ئۇ يىراققا قارىدى. يىراقتا – ئىنتايىن ئېگىز بىر تاغ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بالا: «ھەي، ئۇ تاغ كۆيۈپ كېتىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، تاغ راستىنلا كۆيۈپ يالقۇنغا ئايلىنىپ كەتتى. ئاسمان - پەلەك ئۆرلىگەن يالقۇننىڭ تەپتى بالىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. «سۇلتان!» دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

سۇلتان قايسى ۋاقىتلاردىدۇر تولىمۇ يىراق بىر جايغا بېرىۋالغانىدى، «بەلكىم يۈگۈرۈپ بېرىۋالغاندۇ؟» دېدى بالا ئۆز - ئۆزىگە.

«بۇ ياققا كەل! – دەپ ۋارقىرىدى ئۇ يىراقتىن، – مانا بۇ يەرگە چىقىۋالايلى!»

بالا سۇلتان كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. ئۇ يەردە ئىنتايىن چوڭ بىر تاغ تۇراتتى، «بەلكىم ئۇ يەرگە چىقىۋالساق، ئوت بىزنى كۆيدۈرەلمەس» دەپ ئويلىغان بالا، شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

لېكىن، ئۇ تاغقا يېقىنلاشقانسېرى ۋۇجۇدى تېخىمۇ قىزىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ بەكمۇ ئۇسساپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەتراپتا سۇدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. «سۇ!» دەپ ۋارقىرىماقچى بولغانىدى بالا، ئەمما ئاۋازى چىقماي قويدى. ئۇ بەدىنىدىكى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ۋارقىرىدى.

– سۇ... سۇ...

بالا جۆيلۈشكە باشلىغانىدى.

ئۇ ئاستا كۆزىنى ئاچتى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا غۇۋا كۆرۈنەتتى. بېشىنىڭ تولىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئالەمنىڭ پىرقىراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ۋۇجۇدى بولسا قوقاسقا تاشلانغاندەك قىزىپ پۇچۇلىناتتى.

«نېمىشقا ھېچكىم ماڭا سۇ ئەكېلىپ بەرمەيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ جىلە بولاتتى بالا. يەنە بىر قېتىم ۋارقىراپ باقماقچىمۇ بولدى. لېكىن دەرمانى قۇرىغانىدى. ئۇ يىغلىماقچىمۇ بولدى. تولىمۇ ئەپسۇس... چېڭقىلىشقىمۇ ماغدۇرى قالماپتۇ. بالىنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئۈن-تىنسىز ياش تۆكۈشكىلا قادىر ئىدى. ئۇنىڭغا سۇ ئەكېلىپ بېرىدىغان مومىسى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئۇ بالىنىڭ ئاغرىپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولۇپ، پەقەت «نەۋرەم بىرئازدىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ، ئۇ كەلگۈچە ئوبدان بىر تاماق ئېتىپ تۇرمىسام» دەپلا ئويلايتتى.

## 7

بۇ يامغۇر موماي ئۈچۈن بىر پاجىئە بولغانىدى...

ئۇ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىپ، ئاندىن تاماققا تۇتۇش قىلىپ كەتتى. بۈگۈن موماي نەۋرىسى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى ئېتىپ، ئۇنى خۇش قىلىۋەتمەكچى بولغانىدى. نىھايەت كۆڭۈل شۇنداق ياخشى بولۇپ پىشىۋاتاتتى.

ئوتياش ئادالاۋاتقان موماي نەۋرىسىنىڭ تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بارلىق غەم - ئەندىشىلەر تارقاپ، يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. بىچارە موماي بېشىغا كەلگەن شۇنچە غەم - قايغۇلارنى مانا شۇنداق ئۇنتۇپ، چىدام بىلەن ياشاۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، چىداملىق كىشىلەرلا تۇرمۇشنىڭ قۇلى بولۇپ قالمايدۇ.

دەرۋازا غىچىرلاپ ئېچىلدى. ھويلىغا بىلالىدىن كىرىپ كېلىۋاتاتتى.

– ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز چوڭ ئانا، – دەپ يىراقتىنلا ئەھۋال سورىدى ئۇ.

موماي ئورنىدىن تۇردى.

– كېلىڭ بىلالىدىن، سىزنىڭمۇ قەدىمىڭىز يېتىدىغان ۋاقىتلار بولىدىكەن - ھە؟

بىلالىدىن خىجىل بولۇپ:

– سەت ئىش بولدى چوڭ ئانا، ئەتىدىن - كەچكىچە

ئالدىراشلا يۈرىدىكەنمىز ياكى بىر ياقلارغا بارالمايمىز، ـ دېدى.

موماي ئۇنىڭ كۆزىگە ئاۋۋالقىدىن ئۇن ھەسسە قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ گەپنى ئەگىتمەيلا رەخمىدىننى سورىغانىدى. مومايىنىڭ يۈزىگە شۇئان قايغۇ سايە تاشلاپ ئۆتتى.

ـ ھازىر ئۇ بۇنداق بالدۇر كەلمەيدۇ، ـ ئەلەم بىلەن ئېيتتى ئۇ.

مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزلا ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. بارلىق ئىشنى ئاڭلىغان بىلالىدىن، شۇ تاپتا مومايىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تولىمۇ ئەيىبلىكتەك ھېس قىلىپ، ئازابلىق پۇچۇلىنىپ كەتتى. شۇ تۇرقى ئۇ مومايىنىڭ كۆزىگە قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قالغانىدى.

شۇنچە دەرد ـ ئەلەملەرنى ئىچىگە يۇتۇپ، سەۋر ـ تاقەت بىلەن يۈرگەن كىشلەرنىڭ، يېقىن ئادەملىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالىشى ھەقىقەتەن قىيىن.

موماي ھازىر دەل شۇنداق بىر ھالەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ دەسلەپ قوللىرىنىڭ سۇس تىترەۋاتقىنىنى ھېس قىلدى. كېيىن كۆزلىرىنى ياش قاپلاشقا، قوللىرىنىڭ تىترىشى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئاخىرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىنى مۇشۇ يىغىسى بىلەن تۆكۈۋالماقچى بولغاندەك خېلى ئۇزۇن يىغلىدى.

بىلالىدىنىنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتتى. مومايىنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئاغرىتىشقا باشلىغانىدى. ئۆز ـ ئۆزىگە: «ھەي بىلالىدىن، شۇنچە ۋاقىتلاردىن بېرى نېمە قىلىپ يۈرگەنسەن؟ سېنىڭ يېقىن كىشىڭ پاتقاققا پېتىپ قاپتۇ. ئۇ ھاياتتىن بېزىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى مانا» دەيتتى ئۆكۈنۈش ئىچىدە.

ـ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ چوڭ ئانا. ئىشلار ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، ـ دېيەلىدى ئۇ ئارانلا.

موماي كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

ـ ئالدىڭىزدا بەك سەت ئىش بولدى، ـ دېدى بوغۇلغان ئاۋازى بىلەن، ـ بىراق ماڭىمۇ نېمە ئامال؟ قىزىمدىن ئايرىلغىنىممۇ ئۆزۈمگە يەتكۈچىلىك دەرد ئىدى. لېكىن بۇ بالىنىڭ ئەھۋالىغا ھەقىقەتەن چىدىيالماي قېلىۋاتىمەن، ـ ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆتۈنۈش بىلەن بىلالىدىنغا تىكىلدى، ـ ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭلار، بولمىسا ئۆزىنى ئۆزى نابۇت قىلىۋېتىدۇ... ئۇنىڭ... ئاتا ـ ئانا مېھرىگە قانمىغان بىر بالىسى بارغۇ؟

بىلالىدىنىنىڭ تومۇرىدىكى قانلار ئۆركەشلىدى.

ـ خاتىرجەم بولۇڭ چوڭ ئانا، ـ ئۇ قايتىدىن كىشلەر دۇنياسىغا قايتىپ كېلىدۇ.

بۇ سۆزلەر مومايىنى چەكسىز مىننەتدار قىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يەنە ياش تۆكۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ياشلار ئالدىنقىسىغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى.

ـ تۇرمۇشۇڭلارنى قانداق قىلىۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى بىلالىدىن يەنە.

ـ قىزىم كېسىلىنى ئىش ئۇستىدە تېپىۋالغانىكەن، شۇڭا زاۋۇت مائاشىنى بېرىۋاتىدۇ، ـ دېدى موماي خۇرسىنغان ھالدا، ـ تۇرمۇشىمىزغا شۇمۇ يېتەرلىك.

ئەلۋەتتە، رەخمىدىنىنىڭ تاپقان پۇلى ئۆزىدىن ئاشمايتتى. بۇنى موماي ئېيتمىسىمۇ بىلالىدىنغا ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىدى.

ـ ئەمىسە مەن ئۇنى تاپاي، ـ دەپ ئورنىدىن تۇردى بىلالىدىن.

ـ تاماق يەپ ماڭغان بولسىڭىز ياخشى بولاتتى، ـ دېدى موماي.

ـ رەھمەت چوڭ ئانا. بۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىم كېلىمەنغۇ؟

موماي بىلالىدىننى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، چوڭقۇر مېھرى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى بىر ۋاقىتقىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن كىرىپ ئىشىغا تۇتۇش قىلدى. ئەمما كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، قولى زادىلا ئىشقا بارمىدى. شۇ تاپتا ئۇ، نەۋرىسىگە ئوبدانراق تاماق ئېتىپ بېرىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك قىلاتتى...


ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشى مومايىنى ئېسىگە كەلتۈردى. قۇياش نۇرى ئاللىقاچان ئۆچكەن بولۇپ، قويۇق قارا بۇلۇت شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. بۇلۇتتىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن سوغۇق شامال مومايىنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇلۇپ، ئۇنى ئالدىرىتىشقا باشلىدى.

موماي شۇندىلا نەۋرىسىنى يادىغا ئالدى ـ دە، پىچاق قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. يۈگۈرۈپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى ئۇ. نەۋرىسى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئىزدەپ باقماقچى بولدى موماي.

بۇ چاغدا سوغۇق شامال كۈچىيىشكە باشلىغان بولۇپ، يوپۇرماقلار بارغانسېرى قاتتىق شىلدىرلايتتى. ئۇلار مومايىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تېزرەك بولۇشىنى، يامغۇرنىڭ ھازىرلا چۈشىدىغىنىنى ئەسكەرتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com





مومای تام قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ:
— نەۋرەم كىردىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
قوشنىسى بارالاڭ ئاستىدىكى كىگىزلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى.
— بالا كىرىپتىكەن، يەنە چىقىپ كەتتىغۇ، — دېدى.
گۈلدۈرماما يەنە بىرنەچچە قېتىم گۈلدۈرلىدى. مومای بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، بۇلۇتنىڭ بېشى ئۈستىگىلا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى.
— ۋاي خۇدايىم، قەيەردە يۈرىدىغاندۇ بۇ بالا؟ — دەپ نالە قىلىپ كەتتى مومای يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ.
ئۇ قوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە قويماي كىرىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغان بولۇپ، ھە دەپ ھاسىرايتتى. قېرىلىق ئۇنىڭ دەرمانىنى قۇرۇتقانىدى.
بالا ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى. مومای ۋارقىراپمۇ باقتى، ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنىغا جاۋابەن، ھاۋا يەنە قاتتىق گۈلدۈرلىدى - دە، يامغۇر قۇيۇۋەتتى.
مومای ۋەھىمە ئىچىدە قاتتىق قورقۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ قەيەرگە بېرىپ بالىنى قەيەردىن ئىزلىشنى بىلمەي تەمتىرەپلا قالدى... بىردىنلا ئۇ يىراقتىكى دەريانى كۆرۈپ قالدى.
توغرا! بالا چوقۇم شۇ يەردە!
مومای ھېرىپ ھالى قالمىغىنىغا قارىماي، يۈگۈرۈپ ئۆيىگە كىردى - دە، يوغان بىر سۇلياۋنى بېشىغا ئارتىپ، چىغىر يول بويلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى.
يول بويى مومای تېيىلىپ كۆپ يىقىلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ، تېزرەك مېڭىشقىمۇ ئىمكان بەرمەيۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ مومای بار ماجالىنى يىغىپ، ئامالىنىڭ بارىچە مېڭىپ باقتى. ئۇنىڭغا شۇنچە زور چىدام ئاتا قىلىۋاتقان پەقەتلا بىرنەرسە — نەۋرىسىگە بولغان مۇھەببەت ئىدى.
ئۇ ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ، ئاخىر قەبرىگە يېتىپ كەلدى.
چېلەكتە قۇيغاندەك يېغىۋاتقان يامغۇر، ئاپئاق ھاكلانغان قەبرىنىڭ ھاكلىرىنى يۇيۇپ چىقىرىۋاتاتتى.
بالا كۆرۈنمەيتتى، مومای ئەتراپقا ئالاكلاپ قارىدى. بالا قەبرىدىن ئوتتۇز قەدەمچە نېرىدا، بىر دەرەخنىڭ يېنىدا ھوشسىز ياتاتتى.
مومای بىردىن پەرياد سېلىپ، بالىغا قاراپ ئېتىلدى. بالىنىڭ ئەزايى - بەدىنى چۆپ - سۆزمە بولۇپ كەتكەن بولۇپ، پاتقاقتا مىلەنگەنىدى. مومای ئۇنى سىلكىپ ئىسمىنى چاقىردى. بالا كۆزىنى ئاچمايتتى، ئەمما ئاغزى مىدىرلايتتى.
— موما... موما... ئا...نا... دەيتتى ئۇ.
مومای يىغلاپ تاشلىدى. لېكىن شۇ ھامان ئېسىنى يىغىۋېلىپ، نېرىغا تاشلاپ قويغان سۇلياۋنى ئېلىپ كەلدى - دە، ئۇنىڭ بىلەن بالىنى ئوراپ، ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.
يامغۇر توختىمايتتى، بەلكى بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى. گويا ئۇ پۈتۈن دەردىنى مومایدىن ئالماقچى بولۇۋاتقاندەك قەھرلىك قامچىسى بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىگە قارسىلدىتىپ ئۇراتتى.
بالا بولسا توختىماستىن پىچىرلايتتى:
— ئا... نا... موما...
بۇنىڭغا مومای چىدىمايتتى. يامغۇر سۈيى بىلەن ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى قوشۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن يامغۇر سۈيى مۇزدەك ۋە تەمسىز، كۆز يېشى بولسا ئىسسىق ۋە ئاچچىق ئىدى.
مومای مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن بالىنى ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى. بالا كاسىلداپ تىترەشكە باشلىغانىدى. مومای ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، بەدىنىنى لۆڭگە بىلەن پاكىز سۈرتتى، قۇرۇق كىيىملىرىنى كىيدۈردى، ئاندىن ئەدىيال بىلەن مەھكەم ئورىدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز بولدى.
بالىنىڭ تىترىكى بېسىلمايتتى، مومای ئۇنى يوتقان بىلەن قاتمۇقات قىلىپ ئورىۋەتتى. ئۇ جالاقلاپ تىترەپ كېتىۋاتقان نەۋرىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلاتتى.
— بىچارە قوزام، نېمىشقىمۇ بارغانسەن؟ — دەپ

پىچىرلايتتى ئۇ.

ئالاھەزەل بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن بالىنىڭ تىترىكى بېسىلدى. بالا كۆزلىرىنى ئاچقاندەك قىلدىيۇ، ئەمما شۇ زامان ئوتتەك قىزىپ ھوشىدىن كەتتى.

مومای ئۇنى ئۇخلاپ قالدى، دەپلا ئويلىدى. ئۇنىڭغا كۈيئوغلىنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتىن ئۆزگە ئامال يوقتەك قىلاتتى. ئۇ كۈيئوغلى كەلسە بالىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشنى ئويلىشىپ قويغانىدى. قېرىشقاندەك ئۇ تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى.

يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى...

كېچىچە كۆز يۇممای چىققان مومای، تاڭ ئاتارغا يېقىن مۈگدەك بېسىپ، ئۆزىنىڭ قانداقلارچە كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى. لېكىن ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. نەۋرىسى جۆيلۈۋاتاتتى.

— سۇلتان... سۇلتان... يۇلتۇزغا ئايلىنىشنى قاچان ئۆگىنىپ قويىسەن؟

مومايىنىڭ يۈرىكى ياپراقتەك تىترىدى. ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى ئۇ. ئەمما زور جىدام بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بالىنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆردى. پاھ! كاۋاپ! كاۋاپ!...

مومای ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكىنى شۇندىلا ھېس قىلىپ يەتتى. ئاللىقاچان تاڭ ئېتىپ بولغان بولسىمۇ، كۈيئوغلىنىڭ سايىسى كۆرۈنمەيتتى.

تەشۋىش بارلىق نەرسىدىن غالىب كەلدى. مومای ئۆزىنى تەلۋىلەردەك سىرتقا ئاتتى.

بىر مىنۇتتىن كېيىن ئۇ قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولۇپ، دەرۋازىنى زەرب بىلەن ئۇرۇپ، بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىراشقا باشلىدى.

— ماڭا ياردەم قىلىڭلار!؟ ياردەم قىلىڭلار!؟

## 8

سىرتتا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

رەخمىدىن يامغۇردا بىردەم ياتقاندىن كېيىن، سوزۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارىدى- دە، كۆزلىگەن تەرىپىگە قاراپ مەستلەرنىڭ مىڭىشى بويىچە يۈرۈپ كەتتى. كېتىۋېتىپ ئۇ ئېڭىكىنى سىلاپ قويدى، چۈنكى ئۇ ئېڭىكىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ھېلىقى خوجايىن ئۇنى بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ. لېكىن رەخمىدىن شۇ تاپتا ئېڭىكىنىڭ نېمىگە بۇنچىۋالا ئاغرىيدىغانلىقىنى بىلەلمەيلا قېلىۋاتاتتى. قارىغاندا ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

گۇگۇم چۈشكەن، كوچا چىراغلىرى يېنىپ كەتكەنىدى. يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس، بەلكى يېغىشىدىن رازى بولمىغاندەك يەنىمۇ كۈچىيىپ باراتتى. يامغۇر سۈيىگە چىلانغان ئاسفالىت يول، چىراغلارنىڭ نۇرىدا پارقىراپ كۆزنى چاقاتتى. ماڭدامدا بىر تېز سۈرئەتتە ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلار يوللارغا يېغىلىپ قالغان يامغۇر سۇلىرىنى چاچرىتىپ ئۆتۈشەتتى.

رەخمىدىن ئۆزىنىڭ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئادەمدە بولمىش بىر سېزىم ئۇنى مۇشۇنداق ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. يامغۇر ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىگە قۇيۇلاتتى. شۇ تاپتا ئۇ يامغۇردىن تېزرەك قۇتۇلۇشنى ئويلايتتىيۇ، بىرەر دالدا جايغا كىرىۋېلىش ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئېغىرلىشىپ، ئاغرىقتىن چىڭقىلىپ تۇرغان كاللىسى، شۇنداق بىر خىيالنى قىلىپ كۆرۈشكىمۇ قادىر ئەمەس ئىدى. پەقەت «مېڭىۋەر، مانا شۇنداق مېڭىۋەر» دېگەن بۇيرۇقنىلا بېرەتتى. شۇنچە ئىشەنچلىك بۇيرۇق قىلىۋاتقىنىغا قارىغاندا، بۇ يامغۇردىن بەلكىم قۇتۇلدۇرۇپ قويار. مەيلى، مېڭىۋەرسۇن...

توساتتىن بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— رەخىم، بۇ سەنمۇ؟

رەخمىدىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قاراپ باقماقچى بولسىمۇ، يامغۇر ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسى ھېچنەرسىنى ئويلاشنىمۇ خالىمايۋاتاتتى. ئۇ تولىمۇ چارچاپ كەتكەنىدى.

بىر قول ئۇنى - تىنىسىزلا ئۇنىڭ قولىنى مۈرىسىگە ئېلىپ يۆلەپ ئېلىپ ماڭدى. رەخمىدىن: «كىمسەن؟» دەپ سوراپ كۆرمەكچى بولدىيۇ، شۇ زامان جاھاندىكى ھەممە نەرسىسىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى يۆلەپ كېتىۋاتقان گەۋدىگە تاشلاپلىۋەتتى...

رەخمىدىن ئەتىسى ئەتىگەندە ئىنتايىن يېنىك ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا بىردەم تورۇسقا قاراپ ياتتى، بۈگۈن ئۆزىنى نېمە ئىشلارنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئويلىدى.

ياق، ياق، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ھېچقانداق ئىش يوق. پەقەت خىزمىتىلا بار، باشقا ھېچنېمىگە موھتاج ئەمەس. چۈنكى ھەممە نەرسىسىنى — تۇرمۇشىنى، كۈلۈشنى، يىغلاشنى، كۆيۈنۈشنى، نەپرەتلىنىشنى، تەسىرلىنىشنى... ھەممىنى، ھەممىنى ئارقىسىغا تاشلىۋەتكەن... ياق، ياق... توغرا بولمىدى. ئەسلىدە

uyghurkitap.com



ئۇ يۇقىرىدىكى بارلىق نەرسىلەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەندى. تۇرمۇش ـ ئەزەلدىن شۇنداق رەھىمسىز، سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن كىشىلەرنى شۇنداق شاللاپ تاشلايدۇ.

رەخمىدىن ئەتراپىغا قاراپ ئۆزىنىڭ باشقا بىر ئۆيگە كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇنىڭ كىمنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكى ئۇستىدە خېلىغىچە ئويلانغان بولسىمۇ زادىلا تاپالمىدى. ئۇ تۈنۈگۈن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى ئەسلەپ باقماقچى بولدى. بىر ئادەمنىڭ ئۇنى يۆلەپ ماڭغانلىقى غۇۋا ئېسىگە كەلدى، ئۇ كىمدۇ؟

ئۇ يۇمشاق كارىۋاتتا، تاۋار يوتقانغا ئورىلىپ ياتقانىدى. شۇڭا ياخشى ئۇخلىغانىكەن ـ دە!

بىردىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشنى ئويلاپ كىيىملىرىنى ئىزلىدى. ئۇ ھەيران قالدى. كىيىملىرى پاكىز يۇيۇلغان، دەزمال سېلىنغان ھالدا يېنىدا تۇراتتى.

كىيىنىۋاتقاندا ئىشىكنى ئېچىپ بىرەيلەن كىرىپ كەلدى.

ـ تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ ـ دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ـ بىلال سەنمىدىڭ؟ ـ رەخمىدىن شۇندىلا ھەممىنى چۈشەندى، ـ شۇنچە قاراپمۇ بۇ ئۆيىنى تونۇمىغىنىمنى قارىماسمەن؟

ـ ئەلۋەتتە تونۇمايسەن، ـ دېدى بىلالدىن مەنىلىك قىلىپ، ـ سەن ھازىر جىق نەرسىنى تونۇمايسەن.

رەخمىدىن بۇ قەدىناس ئاغىنىسىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. راست، بۇ سادىق ئىككى دوستنىڭ ئىزلەشمىگىنىگە ئۇزۇن ۋاقىت بولغانىدى.

رەخمىدىنىنىڭ چۈشەنچىسى شۇنچىلىكلا ئىدى. ئەمما بىلالدىننىڭ سۆزى باشقا تەرەپلەرگىمۇ قارىتىلغانىدى، «سەن ئۆزۈڭنىمۇ تونۇمايسەن» دېمەكچىمۇ بولغانىدى ئۇ. لېكىن بەك بالدۇر دەپ ھېس قىلىپ، كانىيىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى.

ـ ساقاللىرىڭ ئۆسۈپ كېتىپتۇ، ئېلىۋەتكىن، ـ دېدى ئۇ، ـ ئاندىن ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىمىز.

ـ سائەت نەچچە بولغاندۇ؟ ـ دەپ بىردىنلا سورىدى رەخمىدىن.

ـ نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى، ـ ھەيران بولدى بىلالدىن.

ـ خىزمەتكە كېچىكىپ قالماي دەيمەنغۇ؟

بىلالدىن كۈلۈۋەتتى.

ـ بۈگۈن نېمە كۈن، بىلمەمسەن؟ شەنبىغۇ؟

ـ ئۇنتۇپتىمەن، ـ دېدى رەخمىدىن بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپ. بىرئازدىن كېيىن ئىككىيلەن ناشتىلىققا ئولتۇرۇشتى.

ـ ئۆيدىكىلەر كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ـ دەپ سورىدى رەخمىدىن.

ـ بالىنى ئېلىپ ئەتىگەندىلا بازارغا چىقىپ كەتكەن، ـ بىلالدىن گەپ قىلىۋېتىپ رەخمىدىننىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئېلىنىپ، پاكىزلىنىپ قالغان چىرايىغا كۆزى چۈشۈپ، ـ ئەمدى ئادەم سىياقىڭغا كېلىپ قاپسەن، ـ دېۋىدى، رەخمىدىن نۇرسىزلانغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ شۇنداق مىسكىن كۈلدىكى، بىلالدىن بۇ كۈلكىنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلاپ قالدى.

ـ مېنى قانداق ئۇچرىتىپ قالدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى رەخمىدىن پەرۋاسىزلىق بىلەن.

ـ تۈنۈگۈن سېنى نۇرغۇن ئىزدەپ كەتتىم، ـ بىلالدىن ھېكايە سۆزلىگەندەك سۆزلەشكە باشلىدى، ـ چۈشتىن كېيىن خىزمەتتىن چۈشۈپ ئۆيۈڭگە باردىم، موماي يالغۇز ئولتۇرغانىكەن. ئۇ سېنى: «بۈگۈن بالدۇر كەلمەيدۇ» دېدى... ـ ئۇ يەنە ئاللىنېمىلەرنى دېمەكچى بولدىيۇ، بىردىنلا گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى، ـ يەنە شەھەرگە كىردىم، شۇ يەردە يامغۇر يېغىپ كەتتى. بىرەيلەن ئۇچراپ قېلىپ سېنى قاۋاقخانىدا ئولتۇرىدۇ دېدى. ئۇ يەرگە كىرسەم سەن يوق، ئاخىر سېنى كوچىدىن تېپىۋالدىم.

ـ ئاندىنچۇ؟ ـ بىردىنلا قىزىقىپ سورىدى رەخمىدىن.

ـ سېنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم، ئېغىر مەست بولۇپ كەتكەنىكەنسەن. ئۇستىۋېشىڭ مەينەت ئىدى، سېنى تازىلىمىسا بولمايتتى. ئىككىمىز سەن بىلەن خېلى ئۇزۇن ھەپىلەشتۇق.

ـ كىم ئۇ؟

ـ ئايالىم.

ـ مېھرىبانمۇ؟

بىلالدىن بىردىنلا ھەيران بولۇپ:

ـ سەن ھەتتا ئايالىمنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپسەن، ـ دېدى.

يەنە ھېلىقى كۈلۈمسىرەش، بىلالدىننىڭ چىرايى ئۆزگەردى.

ـ بۇنداق كۈلمىسەڭ قانداق؟ ـ دېدى جۇدۇنى تۇتۇپ.

ـ ئەمىسە قانداق كۈلۈپ بېرەي؟ ـ چەكسىز ھەيرانلىق ئىچىدە سورىدى رەخمىدىن.

ـ مانا مەندەك، باشقىلاردەك كۈلۈپ بەر.

رەخمىدىنىنىڭ چىرايىنى ئىنتايىن چوڭقۇر قايغۇ

قاپلىدىكى، مىڭ يىللىق دەردنى يەلكىسىدە يۈدۈپ يۈرگەن سەۋدايىلارنىڭ چىرايىمۇ بۇنداق بولماس ئىدى.

ئۇنىڭ ئىشتىھاسى بىردىنلا تۇتۇلۇپ:

— ئۇنداق كۈلكە پەقەت سىلەرگىلا مەنسۇپ، — دېدى يەۋاتقان تامىقىنى قويۇپ، — سىلەرگە بەخت كۈلۈپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا سىلەر بەختكە قاراپ كۈلۈۋاتىسىلەر. بەخت قولۇڭلارنى سۇنساڭلارلا يەتكۈدەك يەردە، ھازىر... — ئاۋازى بوغۇلۇپ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئارانلا ئېيتتى، — ھازىر... ماڭا قاراپ كۈلىدىغان ھېچنەرسە يوققۇ ئاخىر...

— نېمىشقا يوق بولغۇدەك رەخىم! — بىلالىدىنىنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ غەلىتە چىقىپ كەتتىكى، سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرغان رەخىمدىن چۆچۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، — ساڭا كۈلۈپ قارايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بارغۇ؟

— نېمە بار؟ — ئىستېھزا بىلەن ئېيتتى رەخىمدىن، گويا ئۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەنلىكىنى مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزگىلا يىغىنچاقلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىلالىدىن ئۇنىڭغا قاراپ ئېڭىشىپ، ئىنتايىن ئۇرغۇلۇق قىلىپ:

— بالاڭچۇ؟ — دېدى.

رەخىمدىن ئەندىكىپ كەتتى. شۇنچە ۋاقىتلاردىن بېرى خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمىغان نەرسە ئىدى بۇ. ئويلىنىپ قالدى. بالىسىنى ئۇ كۆڭلىدە كۆرۈپ تۇراتتى. ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان سەبىي كۆزلەر يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. ئەمما ئۇ ئېچىنىش بىلەن بالىغا قاراپ كۈلۈپ قويۇش، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنىدى بالىغا. بۇلارنى ئويلاپ ۋۇجۇدى قوقاسقا تاشلانغاندەك پۇچۇلىنىپ كەتتى.

— بىچارە بالاڭ ئانىسىز قالدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئانا مېھرىگە قىلچىلىكمۇ قانمىدىغۇ؟ — دەپ گېپىنى داۋام قىلاتتى بىلالىدىن، — سەن ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولۇپ، ئۇنىڭ سەبىي قەلبىنى ئىللىتىشىڭ كېرەك ئىدى. لېكىن سەن ئۇنداق قىلمىدىڭ، ئۇنى دادىلىق مېھرىدىنمۇ جۇدا قىلدىڭ! سەن گۇناھقا قېلىشتىن قورقماسمەن؟!

رەخىمدىن گويا مۇشۇك ئالدىدىكى چاشقاندەك قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، جەھلى قېتىپ ۋارقىرىدى.

— مەن قانداق قىلاي؟! ئېيتقىنا، قانداق قىلاي؟!

— ياكى ئۇنىڭغا ئاتىلىق مېھرىڭنى بەر، ياكى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۇبرازىڭنى نابۇت قىل — ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئىككىنچى خەنجەرنى ئۇر. قايسى ياخشى؟!

سۈكۈت! سۈكۈت! قەلبتە كۆرەش باشلاندى. ئۇ ھايات-ماماتنى ئۇتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆلۈۋاتقان قەلبى دەل شۇنىڭغا موھتاج بولۇۋاتاتتى.

— سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۆز قەلبىڭگە گۆر قېزىۋاتىسەن، — دەپ ئاچچىقچىلىق گەپنى قىلدى بىلالىدىن، — ئۆلۈپ كېتەلمەيسەن رەخىم، ئۆلۈپ كېتەلمەيسەن! ئۆلۈش ئۇنچە ئاسان ئەمەس! چۈنكى ئايالىڭ ساڭا يۈكسەك بىر مەسئۇلىيەتنى تاشلاپ كەتكەن. بالاڭ پېشىڭغا چىڭ ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىنى كۆرمەسكە سېلىۋالالامسەن؟! ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئانىسىنىڭ سىماسى پارلاپ تۇرۇپتىغۇ؟ ئۇ — ئايالىڭنىڭ بۇ دۇنيالىقتا ساڭا قالدۇرغان بىردىنبىر يادنامىسى ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا ئۇنى تاشلىۋېتىشنى ۋىجدانىڭ كۆتۈرەمدۇ؟

رەخىمدىنىنىڭ قەلبى لەرزىگە كەلدى. بۇ لەرزىگە كېلىش ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۆلۈمنىڭ كىر-داغلىرىنى كۇكۇم-تالقان قىلغانىدى. ئۇ قەلب ئاسمىنىنىڭ يورۇپ كەتكىنىنى ھېس قىلدى.

— مەن ئەسكى!... مەن ئەسكى!

يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى ئۇ. بىلالىدىن چوڭقۇر قايغۇ بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، ئۆزىنىڭمۇ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قالدى.

— مەن ئەسكى!

«يىغلىغىن ئاغىنە، قەلبىڭ پاكلانغىچە يىغلا، — دېدى بىلالىدىن ئىچىدە، — كۆزۈڭدىن ئېقىۋاتقىنى ياش ئەمەس، ئىچىڭدىكى پاسكىنىچىلىقلار، پاسكىنا قان-يىرىڭلار، قاچان يىغلاشتىن توختىغاندا شۇ چاغ قەلبىڭ پاكلىنىدۇ»...

خېلى بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن، بىلالىدىنىنىڭ ئايالى بالىسى ۋە سىڭلىسى بىلەن كىرىپ كەلدى.

— رەخىم كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— كەتتى، — دېدى بىلالىدىن شادلىق ئىچىدە، — ئۇ بالىسىنى قۇچاقلىغىلى كەتتى! تۇرمۇشنى قۇچاقلىغىلى كەتتى!

9

بالا ئۆزىنى قاپقاراڭغۇ بىر جايدا كۆرۈپ يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى. ئۇ «بۇ يەردىن كىممۇ قۇتۇلدۇرۇۋالار؟» دەپ قاتتىق غەمگە چۆكۈپ كەتتى.

بىر چاغدا تۇساتتىن سۇلتاننىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— مېنى ئەجەب ئىزلەتتىڭغۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ يىراقتىنلا.

سۇلتاننىڭ بۇ سۆزى، مومىسىنىڭ دائىم ئېيتىدىغان «مېنى ھەجەپ ئىشلەتتىڭغۇ؟» دېگەن سۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

بالا سۇلتاننىڭ ئۆزىگە يەنە ئاللىنېمىلەرنى دېگەنلىكىنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، سۆزلىرىنى زادىلا ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇ بار دىققىتىنى يىغىپ ئوبدان ئاڭلاپ باقماقچى بولۇۋىدى، سۇلتان گەپ قىلماي قويىدى. ئۇ سۇلتاننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارماقچى بولۇپ قانچىلىك تىركەشكەن بولسىمۇ، ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى بىكارغىلا كەتتى. گويا بىراۋ جېنىنىڭ بارىچە ئۇنى ئارقىسىدىن تارتىپ تۇرۇۋېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

شۇ چاغدا سۇلتان ئۇنىڭ ئالدىدىلا پەيدا بولدى.

— بايا ئېيتقان سۆزىڭنى ئۇقالمىدىم، — دېدى بالا.

— سېنى بىر يەرگە ئاپىراي دەۋاتىمەن.

بالىنىڭ خىيالىغا «نەگە ئاپارماقچى بولۇۋاتىسەن؟» دەپ سوراپ بېقىش كەلمەيتتى. پەقەت ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرالمايۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ:

— مەن ماڭالمايمەن، كېلىپ مېنى ھاپاش قىلىۋال، — دېدى.

سۇلتان دەرھاللا ئۇنى ھاپاش قىلىپ ئېلىپ ماڭدى. شۇ تاپتا بالا ئۆزىنى ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، ئىچ - ئىچىدىن شادلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— سۇلتان ئېيتقىنا، يۇلتۇزغا ئايلىنىشنى قاچان ئۆگىنىپ قويىسەن؟ — دەپ سوراپ قالدى بالا بىردىنلا.

سۇلتان لام - جىم دېمەيتتى. بالا خىيلىغىچە جاۋاب كۈتۈپ ئۈمىدسىزلەندى - دە، سوئالنى يەنە بىر تەكرارلىماقچى بولدى.

— سۇلتان، يۇلتۇزغا ئايلىنىشنى قاچان ئۆگىنىپ قويىسەن؟!

ئۇ يەنە جاۋاب بەرمەيتتى. بالىنىڭ ئىچى پۇشۇپ، ئاۋازىنى قاتتىقراق چىقىرىپ يەنە سورىدى.

— مېنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسەن؟

— جىم يات قوزام، دوختۇرخانىغا كېتىۋاتىمىز.

ناھايىتى يىراقتىن كەلگەن بۇ سادا، سۇلتاننىڭ ئاۋازىغا ھېچبىر ئوخشىمايتتى. بەلكى بەئەينى مومىسىنىڭ ئاۋازىنىڭ ئۆزى ئىدى. بالا «سۇلتاننىڭ ئاغزىدىن قانداق قىلىپ مومامنىڭ ئاۋازى چىقىدىغان بولۇپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ ئىنتايىن ھەيران بولدى.

— سەن مومامنىڭ ئاۋازىنى بەكمۇ ئوخشىتىپ دورايدىكەنسەن، — دېدى بالا ھەيرانلىقىنى باسالماي.

— مەن ھەممە نەرسىنى دورىيالايمەن، — سۇلتان زۇۋانغا كەلدى، — سېنىڭمۇ ئاۋازىڭنى دورىيالايمەن.

— پاھ! قالتىسكەنسەن! — بالا خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئۇ سۇلتاننىڭ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى دورىغىنىنى بىر ئاڭلاپ باقماقچى بولغانىدى. ئەمما دەل شۇ چاغدا سۇلتان ئۇنى يەرگە چۈشۈرۈپ:

— مانا مۇشۇ يەر، — دېدى.

بالا ئەتراپىغا قارىدى، ئەتراپ يەنىلا قاپقاراڭغۇ ئىدى.

— بۇ قەيەر؟ ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — تەئەججۇپلىنىپ سورىدى.

— بېشىڭنى كۆتۈرۈپ بىر قارىغىنا؟!

— ۋاي - ۋۇي، بېشىمنىڭ ئۈستى پۈتۈنلەي يۇلتۇزغۇ؟

— نېمىنى كۆردۈڭ؟

— ھەممىسى يۇلتۇزكەن، يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسىنى كۆردۈم.

بالا ھاياجان بىلەن يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ تۈنجى قېتىم يۇلتۇزلارنى مانا شۇنداق يېقىندىن كۆرۈۋاتاتتى.

بالىدا بىردىنلا سۇلتاندىن



ئـاتـا- ئـانـىـسـىنىڭ، مومىسىنىڭ يۇلتۇزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سوراپ بېقىش ئىستىكى قوزغىلىپ:

– سـۇلتـان، سـىـلـەر قەيەردە تۇرىسىلەر؟ – دەپ سورىدى.

– سەن بۇ يەردىن كۆرەلمەيسەن، ئەڭ ياخشىسى تۆۋەنگە چۈشەيلى، – دېدى سۇلتان.

– تۆۋەنگە دېمسەن؟ نېمىشقا؟

– سەن هازىر ئاسماندا تۇرۇۋاتىسەن.

– شـۇنداقمـۇ؟ – دەپ بالا هەيرانلا قالدى، – بىز قانداقلارچە ئاسمانغا چىقىپ قالدۇق؟ – بالا هەممە ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى، – ئەسلىدە مېنى سەن ئاچىققان ئىكەنسەن - دە؟

پـەسكـە چـۈشكەندىن كېيىن، سۇلتان ئانىسىنىڭ، دادىسىنىڭ، مومىسىنىڭ يۇلتۇزلىرىنى كۆرسىتىپ قويدى. بالا بىر - بىرلەپ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ساناپ چىقتى. لېكىن ئۇلارنىڭ يېنىدىكى تولىمۇ نۇرلۇق بىر يۇلتۇزنىڭ ئىسمى يوق ئىدى.

– ئاۋۇ يۇلتۇزنى مەن بىلمەن، – دېدى بالا شادلىق بىلەن، – ئۇ ئانامنىڭ يۇلتۇزى.

سۇلتان جاۋاب قايتۇرمىدى. بالا ئىتتىك يېنىغا قاراپ، سۇلتاننىڭ يوقلۇقىنى كۆردى.

– سۇلتان! – دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

سـۇلتـان قايتىپ كەلمىدى. بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ، هېـلـقـى يـۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىغا يەنە بىر يۇلتۇزنىڭ قـوشـۇلغـانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۇلتان ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئۇنى يىغا تۇتتى.

– سەن ماڭا يۇلتۇزغا ئايلىنىشنى ئۆگىتىپ قويمايلا كېتىپ قالدىڭ، – دېدى يىغلاپ تۇرۇپ.

بالا ئۆزىنى زادى باسالماي قالدى. يىغا ئۇنىڭ ئىچ- ئىچىدىن ئۆرلەپ چىقىشقا باشلىغانىدى. ئۇ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ ئىسەدەپ يىغلايتتى. يىغلاۋېرىپ، ئۇ ئاخىر هالىدىن كەتتى. غايىۋانە بىر كۈچ ئۇنى يەر ئاستىدىن ئۆزىگە تارتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بالا كۈچ بىلەن تارتىشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، يەردە سوزۇلۇپ يېتىپ قالدى.

ئاسماندا بىر - بىردىن نۇرلۇق بەش يۇلتۇز پارلاپ تۇراتتى. بالا ئۇلارنىڭ ئىسملىرىنى ئاتاپ چىقتى.

هېلىقى كۈچ ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق تارتىشقا باشلىغانىدى. ۋەهالەنكى، بالا بۇنىڭغا بارغانسېرى بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارغانسېرى هالسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىپ، جېنىنىڭ بارىچە تىركەشكىلى تۇردى.

– ئانا!– دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ بولالماي.

ئانىسىنىڭ يۇلتۇزى قىمىر قىلىپمۇ قويماي تۇراتتى. بالا ئىككىنچى قېتىم، هەتتا ئۈچىنچى قېتىممۇ ۋارقىرىدى. قارىغاندا ئاۋازى ئانىسىغا يەتمىگەندەك قىلاتتى. «سۇلتاننىڭمۇ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىمىغانىكەن» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى بالا. ئۇ سۇلتانغا ئوخشاش پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ۋارقىراپ باقماقچى بولغانىدى، ئەمما دەل شۇ چاغدا ئىچىدىن ئۆرلەپ چىققان چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق بىلەن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى. ئاغرىق ئۇنىڭ ئۈچەي- باغرىنى مالىماتاڭ قىلىپ، ئۇنىڭ گېلىغا كېلىپ توختاپ قالدى. بالا ئازابتىن تولغىنىپ كەتتى.

بالا كۆزىنى ئاچماقچى بولغان بولسىمۇ قۇربى يەتمىدى. ئۇ بەدىنىدىكى بار كۈچىنى يىغىپ بولسىمۇ كۆزىنى ئېچىش قارارىغا كەلدى. بۇنىڭغا ئىنتايىن زور غەيرەت كېتەتتى.

هېلىقى يۇلتۇزلار يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. يۇلتۇزلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇ ئانىسىنىڭ يۇلتۇزىنى كۆرمەكچى بولاتتى. بالا بىردىنلا ئىنتايىن غەلىتىلىك هېس قىلدى. ئانىسىنىڭ يۇلتۇزى كۆرۈنمەيتتى. نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇ ئاسماننىڭ بۇلۇڭ- پۇشقاقلىرىغىچە قويماي قاراپ چىقتى. ئەمما ئانىسى كۆرۈنمەيتتى.

– ئانا، – ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئاچچىق نىدا قىلدى ئۇ.

– مەن قېشىڭدا بالام.

كۈتمىگەن بۇ ئاۋاز بالىنى قانداق تېزلا گاڭگىراتقان بولسا، يەنە شۇنداق تېز خۇشال قىلدىكى، هوشىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى.

ئانىسى ئۇنىڭ يېنىدىلا مېھرىلىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ ئولتۇراتتى. بالىنىڭ خىيالىغا ئانىسىنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىگە كىرىۋېلىشتەك بىر سەبىي خىيال كېلىپ، بۇنى ئانىسىغا ئېيتماقچى بولغانىدى، لېكىن كۆزلىرىنىڭ يەنە يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىپ، جەھلى بىلەن ئىڭرىدى.

– مېنى تۇتۇۋال ئانا، تۇتۇۋال!

ئانا ئۇنىڭ قوللىرىنى مەھكەم قىستى. بالا بۇ قوللاردىن ئىنتايىن ئىسسىق هارارەتنىڭ يۈرىكىگە ئېقىپ كىرگەنلىكىنى هېس قىلدى. ئاھ! بۇنىڭغا ئۇ ئۆزۈندىن بېرى قانچىلىك ئىنتىزار بولۇپ كېلىۋاتاتتى - ھە؟

www.uyghurkitap.com



– تۇر ئۇرنىڭدىن! ھەممە ئازابتىن خالىي بولسەن! ـ دېمەي ئانا خىتاب قىلدى.

– تۇرالمايمەن...

– تۇرالايسەن!

– يا... ق...

ئانا ئۇنىڭ قولىدىن كۈچەپ تارتىپ تۇرغۇزدى. بالا بىردىنلا ئۆزىنى ئىنتايىن يېنىك ھېس قىلدى. ئانا ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى.

سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ئۇلارغا قاراپ ئېقىپ كېلىشكە باشلىغانىدى. بالا ئۆزلىرىنىڭ ئاستا ـ ئاستا يۇلتۇزلار توپىغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

## 10

مومايىنىڭ ھوشسىز ياتقان نەۋرىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرغىنىغا قانچىلىك ۋاقىت بولغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇ نە ھارغىنىنى، نە قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنى، نە ئۇيقۇسىنىڭ كەلگىنىنىمۇ بىلمەيتتى. گويا ئۇنىڭ ھاياتى نەۋرىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغاندەك.

نەۋرىسىنىڭ بۇرنىغا نەپەسلىنىش نەيچىسى تىقىلغان بولۇپ، ئايىغى يوتقانغا پۈركۈنۈپ كارىۋاتتا ياتاتتى. قولىغا ئاسما ئوكۇل سېلىنغانىدى.

شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە، يەنە بىر بۆلۈمدە ياشانغان بىر دوختۇر، مومايىنىڭ ئەر قوشنىسىغا:

– بەك كېچىكىپ قاپسىلەر، بىزمۇ ئامال قىلالماي قالدۇق، ـ دەپ بېشىنى چايقاۋاتاتتى.

موماي قوشنىسىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ تۇرغىنىنى تۇيمايتتى. گويا ئۇ بار زېھنى بىلەن نەۋرىسىنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى ئاڭلىماقچى بولۇۋاتقاندەك ئىدى.

موماي نەۋرىسىنىڭ سۈس كۈلۈمسىرىگىنىنى كۆرگەندەك بولدى. لېكىن بۇ كۈلكە قانداق تېز كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق تېز يوقاپ كەتتى. موماي بۇنىڭدىن ئۈمىدلىنىپ، ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلۈپ قوشنىسىنى كۆردى.

– كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ كۈلدى، ـ دېدى.

قوشنىسىنىڭ چىرايى ئىنتايىن قايغۇلۇق ئىدى.

موماي توساتتىن تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا نەۋرىسىنىڭ قولى مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنگەنىدى. ئۇ ئۆز سېزىمىگە ئىشەنچ قىلماي، نەۋرىسىنىڭ قولىنى يۈزىگە ياقتى. بۇ كىچىككىنە قول ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ ھارارىتىنى يوقىتىپ، مۇزغا ئايلىنىۋاتاتتى.

موماي ۋەھىمىگە چۈشۈپ:

– دوختۇرنى چاقىرىڭلار! دوختۇر! ـ دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ كەتتى.

دوختۇرلار يۈگۈرۈشۈپ كىرىشتى. ياشانغان دوختۇر بالىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ كۆرۈپ ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ بالىنىڭ ئاپئاق ئاقارغان چىرايىغا قايغۇ بىلەن تىكىلدى. ئاندىن سېستىراغا سۈس ئىشارەت قىلدى.

ھەممە نەرسە ئېنىقلىنىپ بولدى. موماي شۇندىلا كۆز ئالدىدا نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتى. قوشنىسى ئۈلگۈرۈپ كېلىپ، دەرھال ئۇنى يۆلەشتۈرۈۋالمىغان بولسا، ئۇ يىقىلغانمۇ بولار ئىدى.

دەسلەپتە بوۋىسىدىن، ئاندىن قىزىدىن ئايرىلغان بۇ مومايغا ئەڭ ئاخىرى بىردىنبىر ئۈمىدى بولغان شۇ نەۋرىسىدىنمۇ ئايرىلىش قاتتىق ئېغىر كەلگەنىدى. ئۇ چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى ھەريان ئېتىپ يىغلايتتى.

كۈچلۈك قۇياش نۇرلىرى دېرىزىدىن بۆسۈپ كىرىپ، بالىنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ نۇرلار شۇنچە غەمكىن ئىدىكى، گويا: «كەچۈرگىن، ھەممىگە بىز سەۋەبچى، ساڭا يۈز كېلەلمەيمىز» دەپ نالە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى...

ئالاھەزەل بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن، بۆلۈمنىڭ ئىشىكى جالاقلاپ ئېچىلىپ، رەخمىدىن ئۆكسۈلى يوق ھالەتتە پەيدا بولدى.

بۇ چاغدا مومايىنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ يۇتكەن بولۇپ، نەۋرىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ شۈككىدە ئولتۇراتتى. قوشنىسى بولسا ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى.

رەخمىدىن قەدىمىنى ساناپ بېسىپ، ناھايىتى تەسلىكتە كارىۋات يېنىغا كەلدى.

– بالا قانداق؟ ـ دەپ سورىدى ئۇ، بالىنىڭ ئاقارغان چىرايىغا قاراپ ۋەھىمە ئىچىدە.

موماي بالىنىڭ چىرايىدىن كۆزىنى ئالماي، كۆيئوغلىدىن قىلچىمۇ رەنجىمىگەندەك بىر ئاھاڭدا دانىمۇ دانە قىلىپ:

– ئۇ يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كەتتى، ـ دېدى.

مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزلا رەخمىدىنگە ھەممىنى بايان قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تولىمۇ كىچىككەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھالبۇكى بۇ ئەجەللىك كېچىكىش ئىدى. ئۇنىڭ كانىيىدىن دەھشەتلىك بىر نىدا ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، بالىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.




## شەپەرەڭ

بولدۇم مىڭ دانە بۇ ئاخشام
كېچىنى ئۈيغىتار ئاياغچ ناخشام
پېيىمنى شامالغا بەرمەيمەن ھەرگىز،
تۇرقۇم ئىسمىمغا سۇر ـ ھەيۋەت قوشقان.

زۇلمەتتىكى ئەما گۈلخانىمەن
يىرتقۇچ قۇشتەك ئەلپازىم ھامان
ئاسماندا يەر، يەردە ھەم ئاسمان
جىلمىيىشلار چاقماقلار چاققان
خام يىگۈدەك ئايالارلاركەن بۇ،
ھېقىقەتەك يوتىلارغا ئۇسۇپ ـ يامىشىپ
گاھ تىن تارتماي تاپشۇرىمەن جان.
گاھ ھەر نەرسىگە ئۇرۇپ ـ سوقۇلۇپ
ئاچچىقىمنى ئالىمەن چىقىرىپ،
شۈكۈر ئېيتىپ قالغانغا ئامان.

شەپە بېرىپ كېزىمەن رەستە
قېنى ماڭا تونۇش شۇ ئۇۋا.
تۆكلۈك تېنىمنى ئورىغان ئۈمىد
يېنىپ ـ يېنىپ ئايلىنىپ كۆلگە
تۈن قوينىدا يوقىلار ئاستا.
غەيرىي ئىسقىرتىپ قاقىمەن قانات
غىلجىڭ ئەركەك، غىلجىڭ بىنالار
يات، يا ناتونۇش بېرىدۇ سادا.
بېكەت ـ بېكەتتە سايرايمەن بوغۇق:
«كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق»
يىلتىزىمنى بەر، مېۋەمنىمۇ ھەم
تۈزكور بولغىن ۋە يا ئەۋلىيا؟!

كېچىنى بېشىمغا كىيىمەن مەستتەك
مەن بىر پاراۋۇز، كوچىلار ۋاگون.
سەرسان ئۇچقۇر غازاڭلار ئايال
ئۈنى قوغلاپ يۈرىدۇ سانغۇن.

شۈڭغۈپ ئېگىز ـ پەس، بارىمەن ئۇچۇپ
گاھ ھالقىپ چاتراقتىن، گاھى قولتۇقتىن.
مەنزىلىم نە ئېرۇر، بىلمەيمەن ئەمما،
قىسمىتىم پېشلىمەس سىرلىق ئۇ ئەمما،
سوقۇلۇش چىقىرار مېنى يوخادىن!...

## قارا قار

I

كەل يېنىمغا
ئازابىمنى پاكلىدىڭغۇ ئازابتا،
روھلار يەلدە تاسقالماقتا قۇملاردەك
پارلاۋاتقان زۇلمەتتۇرسەن پەيغەمبەرنىڭ قولىدا.

مەن تۇتۇق بەلگە
مەنلەردە يوقالغان.
قىيامەتنىڭ سورىقىغا ئېسىلىپ
ئۆچۈپ قالغان كۆزلەر كەبى يېقىلغان.

II


يۈرەر ئەسلىم كۆيۈپ جىنلار ئۇتىدەك،
ياكى مەسىھ ياكى مەشرەپ يا شەيتان
ئۆز - ئۆزۈمدە پارچىلىنىپ ئۆزۈمنى
جەۋھىرىمدە ھاسىل قىلار ئۆزىنى.
ناخشىلىرىم شاخلىرىدا پەرىشتە
سىماپ كەبى ئېرىپ تۆگەر ئاقىرىپ
خۇپپىيانە پەرۋازىدا دۇدۇقلاپ
كۆك ئۇنتۇغان، قۇمدىن پۈتكەن سۆزىنى.
مەن كىم؟...
شاتۇتى بوپ
تېشىپ ئۆتۈپ ئەما روشەن كۆزلەر قەرىدىن
سايراپ تۇردۇم ئۆگەنگىنىمنى
ھاۋالاردا نەقىش قىلىپ كۆنگەن تىلىمنى

III

كەل يېنىمغا
زاتىغۇ مەن ئاھىڭنىڭ ئاخىر
گەر بولسامۇ تەبىئەتنىڭ نامسىز بالىسى
مەقامىڭدا بولىمەن زاھىر.
قۇرغاق شامال ئاتەش قىلىپ ئۆستۈردى مېنى
ئويناىمەن.
«مەسلەك - ئىزم» ئەلەس قىلىپ ئۆستۈردى مېنى
يېتىشەلمەيمەن.
ۋەھىي يۇراپ تۇرار كۆزلەر ۋە لېكىن
ئىستىقامەت شۇنچە چوڭقۇر تىلەك يوق،
ۋاڭ - چۇڭ بىلەن تولغان بازار
يۈرەك يوق.
بارچە ئىقلىم سولانغاندۇر «تۈرك تىللار دىۋانى»گە،
شاللاق نىگار بۇلغاپ بولدى ھەممە نەرسىنى
قۇتۇلۇشقا يولۇم يوق.
پاراستىم چاقناپ تۇرار «قۇتادغۇبىلىك»تە،
ئەلەسلىكتە بەدبۇي يۇراپ سېسىماقتىمەن

ئۆزۈمنىمۇ باشقۇرالمايمەن
ھوشۇم يوق.
ئۇرۇمچىنىڭ تاش كوچىلىرى
پايانسىز مەستلىكىمنى قىلىدۇ لىباس.
ئىشرەتخانىلار، تىلەمچىلەر
سورار ئاداققى ئىستەكلىرىمنى،
مەن گويا سەككىزىنچى قىتئە، تۆتىنچى دۇنيا
نامەلۇم ھەسرەتنى
ئۆزۈممۇ بىلمەي ئېتىۋالغان ھاپاش.

كەل يېنىمغا
توغراقتەك چاك - چاك يېرىلدى لەۋلەر
قۇملار كۆيلەيدۇ مۇقام - سەترلەر.
بۇ يەردە
يۇنىغا دوم چۈشكەن زامانىۋى ئەركەكلەر
قىقاس - كۈلكىلەر ئارا
رەڭدار كېپىنەكلەردەك
شىرنە ئىزدەپ ئۇچار سەتەڭلەر.
كەل يېنىمغا
ئالا - بۇلمان، سېرىق ۋە يېشىل
زاتىغۇ مەن ئاھىڭنىڭ ئاخىر
سېلىپ تاشلاپ تېرەمنى،
مەستلىكتىن يېشىلىش ئۈچۈن سۇ ئىزدەيمەن... سۇ...
بارنى ئايىماي، يوققا كايىماي...



## شائىر

زېمىننىڭ دېرىزىسى كۆزلىرىڭ
كۆككە ئېچىلغان.
ئايىغىڭ قاقشال
گۈرۈلدەپ كۆيگەنچە تۇرىدۇ تورزۇپ.
قەلئە، ئوردىلار
چۇشۇڭ سىنىڭ قۇملارغا يازغان
ئەخلەت كەبى ئۇچۇپ يۈرگەن تىلەكلىرىڭگە
غەرق بىنالار، غەرق تەبىئەت.
خىيال، ھۇجەيرە، پىكاپ ۋە چاقماق
سۆرەر سېنى جېدەللەپ
تۇندە جىلمايغان پاھشە ئايالدەك
يىراقتا يېنىپ - يېنىپ ئۆچكەن ئىقبالدەك...
ئالدى - ئارقاڭدا سايەڭ
چىقتى ھازىرلا باغچىدىن قانسىراپ
شېئىرلىرىڭ ئايلاندى غەيرىي زاپچاسلارغا
يېڭىدىن - يېڭى ماشىنا ياسايدۇ ئۇندىن ئىنژېنېرلار.
ئىنسانىيەتنىڭ قايغۇسىنى ئەمەس
ئۆزۈڭنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆتۈرەلمەستىن مجلىسەن،
بويىلىسەن رەڭگارەڭ
مودا بولۇپ يۈرگەن ئەربابلارنىڭ تاللىشىغا باب.
دانىشمەندەك گىدىيىپ ماڭغان بۇ ئەپەندىلەر
ئىچى كاۋاكتۇر، كاۋاك
ھەر خىل «ئىزم» لار ئۆتمۈشتىكى قىلىۋەتكەن باغرىنى
شۇڭا گاراڭ - ئەلەس
قىلىۋېتەر ئۇلار
مۇخلىسلىرىنىڭ قاپاقۋېشىنى.

دەريا - تاغنى، باغنى، شەبنەمنى
كۈيلەپ - كۈيلەپ ھاردىڭ ئەي شائىر
كېلەر ئارقاڭدىن بىر توپ غەزەلچى توشقانلار
ئىزگۈ كالامىڭنى ئەيلىشىپ زاھىر.
شېئىرىيەت بەزدى ئاخىر تەبىئەتتىڭدىن
ھەر تۇندە يۇلتۇزغا كەتمەكتە كۆچۈپ.
ئۆڭگەن سىردەك سويۇلۇپ چۈشمەكتە تۇرقۇڭدىن
رىۋايەت، رەسىم، ئەپسانە، چۈش
ئىشرەتخانا، كېلەچەك، كومپيۇتېر
سودا سارايلىرى ئالدىدىكى سۇناي، ناغرا، داپ...

ئاۋازىڭدىن ئايرىلغان شائىرسەن
كۆزۈڭدە قىچقىرار قاغا پەلەكنى قاپلاپ.
بىلىپ - بىلمەي نوبېل مۇكاپاتىنى چۈشەيسەن بەزەن
قاقاس كەچمىشنى مەھكەم باغاشلاپ.
ماڭلىيىڭدا ئاخىرقى پۈتۈك:
يامغۇرنى يازدىڭ، يازمىدىڭ چاقماق
قۇشلارنى يازدىڭ، يازمىدىڭ پەرۋاز.
ھاياتنى يازدىڭ، يازمىدىڭ تەگرى
يوللارنى يازدىڭ، يازمىدىڭ دارۋاز.
زامانىنى يازدىڭ، يازمىدىڭ يىغا
سۇلارنى يازدىڭ، يازمىدىڭ بوستان.
ئاتاڭنى يازدىڭ، يازمىدىڭ قىلىچ
كېچىنى يازدىڭ، يازمىدىڭ گۈلخان
تاجىڭ ئاللىقاچان كۆمۈلدى قۇمغا
تىلەپ كىملەردىن ئەسلى - ۋەسلىنى
شېئىرىڭ دىۋانە بولۇپ يۈرەركىن نەدە.
ئايلىنار بېشىڭدا پەلەك گەردىشى
ئىش ساڭا قىلارغا ئەمدى
ئېشەك مىنىپ ئەپەندى كەبى
يۈرت كېزىپ كېيىك، توشقانلار بىلەن
ئۆتكۈز كۈنلىرىڭنى چاقچاق، سەيلىدە!...

## كۆيگەن دېڭىز

### ئابدۇقادىر جالالىدىن

**1**

بىر ئىجادچان مېۋە بەرگەن ئەي، شېئىرنىڭ ئىلاھى
سالقىن كېچە سىنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ھۇجەيرەڭ
مۇئەللىقىڭدە توختاپ قالغان قەترە يىشىم شۇ كۈندۈز
ياكى تاڭدا بەرگەن قەسەم يەڭگىل پەرۋاز ئەيلىگەن.
قارىغۇ بىرلەھزىسىدە پارە قىلدىم ئەينىكىمنى
نەسلى ئۆچكەن گۈل ئۇچقۇنى ئېزىپ قالدى كەڭلىكىمدە
زېمىن تۇسلىك قولۇڭ بىلەن قىلدىڭ ئىشارە ئوقۇ دەپ
ئىچىمدىكى ئېچىرقاشنىڭ نامى يۈتكەن شەكلىنى.
قانداق قىلسەن لۇغەتلەردىن يىقىلغاندا يۆلىگەن
بەردىڭ ئىخلاس كەشتىلەنگەن ئىبلىسلىقىم ئەركىنى.

www.uyghurkitap.com



2


گۆكگا تەبەسسۇمكىدە تارنىڭ تۇيدۇرماي ئۇزۇلۇشى
چىچىلغاق باشلاشلارنىڭ ئاراچىلىرىدا كۆپۈكلەرنىڭ چاقناپ-
چاقناپ يېرىلىشى،
سۈنساك قولۇكنى
چىنلىق شۇبھىسىگە ئايلىنىدۇ يالقۇنلارنىڭ قىيپاش
گرادۇسلىرى
بۇلۇتلار بەرىباتلىقىدىن ئۇنگەن شامالارغا يۈزلىنىپ -
ئەقلىدەك تەن تىنچلىقىدا ئاقار چەكلىرىم
يوقلار چىنلىق شۇبھىسىدىن تۇزۇلگەن پرىنسىپ.
دېگىز بىلەن كۆك ئارىسىدا جەم بولۇشنى ئۇنتۇيدۇ جىملىق
كېچىنىڭ سىرلىرىنى ساقلاش بىلەن چاقنىغان.
ئەسلىرىم ئويناپ ئولتۇرىدۇ قاڭقىپ چىققان بۇزغۇن
تاشلىرىنى -
سۇنىڭ ناشۇدلۇق تېگىپ چاچراپ كەتكەن شۇ كۆزلىرىنى.
كۆرسەم ئىدى كۆز يېشىنى رەقىبسىز شۇ ئادەمنىڭ
ئاقسام مەنمۇ سەرخۇشلۇقتا نام - نىشانسىز شۇنىڭدەك.
ئويناتساڭچۇ مۇزەپپەر سۇيۇرگەڭنى زەر تاللىق
قىرسىز دەرگاھلارنىڭ يۇملاق رەستىسىدە يۇرەي ئايلىنىپ

3

كىم ئىكىن تاڭ ئارىمىزدىن گەپ - سۆزسىزلا يوقالغان
تۇگۇلمەكتە ئەسسىز تاشلار ياتقۇزۇلغان بىر دەستە
ئېسىگىدىمۇ ساڭا چۈشكەن كۆلەڭگىسى جانلارنىڭ
ئۆچكەن پانۇس
ئەي، يەردىكى بەربات بولغان سەييارە،
نۇرۇڭ قېنى
ئەگەشتىمۇ شۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا
رەسەتخانا ئەينىكىدە يەم بولدۇڭمۇ تۇمۇزغا؟
ئەڭ ئاداققى چاقىرىشلار ئۇچقۇنلىرى قار بولۇپ
چىقار ئەمدى چوغلۇقسىمان قەسدەڭنى بوشلۇقتا
ئايەت ئېيى
شولىسىدا قايرىۋەتسۇن كىپەننى،
ئۆرتىنىشنىڭ كۇيى ئاقسۇن دەريا بولۇپ تاشلىقتا.

4

ماي قوڭغۇزى، قارغىش تېگىپ شۇنداق ئۇچار چوغ
بولغانسەن
ئالۋاستى چۆچەكىدە ماڭا ئېتىلغان كىچىككىنە تاش
ئىدىڭ ئەسلى
كىرپىك بۇرۇقتۇرمىلىقىدا شەبنەم بولدى پىرىخون
چۈشىدىكى قوي مەرىشى
قورقۇش قەھرىتانىنىڭ زەھەرخەندە مېۋىسى
بولدۇم شۇڭا مۇگدىشىگىدە «يۇلتۇزغا تولۇپ يېرىلغان
ئانار»
كۆتۈرۈپ گۈل تىكەنلىرى مېنى خەبەردار چاقىرىدۇ ساما
يولىدا
ھۆۋلاش زۇمرىتىگە ئەۋەتتى مېنى مەڭگۈلۈك قولى
نۇسرەت جىلغىسىدا مەرسىيە شاملى كېزەر باقسام



ئاسانلىق تۇيىقىدىن چىققان بىر ئۇچقۇنغا ئايلاندى
پىراقلىرىم
چوقۇلاپ قۇت داغلىرىنى بولۇپ كەتتى ياپىلاق
ۋەسىيەت قونىدىقىغا قونماي خوراز تۇمشۇقى
ئۈپۈق ئەينىكىدىن قېچىپ كەلگەن چىللاشلار
قانىتىنى باتىنىغا يۆتكىۋالغان قۇشلار سەن.

5

ماياك تۇماندا غايىب بولدى رەڭدار قولۋاقلىرىم
شەبىستان بارمىقىدىكى ئالتۇن گۈلنىڭ تۆكۈلگەن
بەرگىدەك
سۈت شىرنىلىكىدە چۆكمەكتە ئاستا ئۆزەكلىرىم

تۇمانمۇ سەن، يالقۇنمۇ سەن سۇ يۈزىنى تەرلەتكەن
قارىچۇقۇمدا قولۇڭنىڭ خوشلاشقان دىمدىكى پۇلاڭلىشى
يۇتكەن مەرمەرلىرىڭ سۇ ئاستىدا بولدى سوراقلار...
بىلىق
سۇغا كىرىپ تىرىلگەن مىشەك
ئــــنــــتــــلــــش شۈگلىرىنى ئېلىپ بارار مۇز دەۋرىنىڭ
چېكىنىشىگە
ئەنە، دەھرى قوللىرىدىن چۈشكەن ئاپقۇرلار
ئۇچقۇر مېھراپ پەيزى بىلەن كۇتۇشلەرگە ئايلانسا
سوزۇلۇشنىڭ بىر چېكتى يوللىرىمنى قۇچىدۇ.
شــۇنـداق كۈيمەن، نوتىلىرىم تــوزۇپ كەتكەن گـۇل
رەڭلىك
تېكىستىمدۇر، شۇ قارايغان چايقىلىشى شارابىنىڭ
ئۇچۇشلىرىنىڭ تەختىگاھى يىقىلىدۇ، قوپىدۇ
نېمىشقىدۇر، شۇ لەھزىدە شىھىت ماڭا ئايلاندى.

6

ئوت يالمىدى، مەن تۇغۇلغان ئۆيىنىڭ ئىسىنى
تــۆكــۈلدۇم ســۇمۇرغ بايرىمىغا كۆك ئاسمانىنىڭ ئۇرۇقى
بولۇپ
ئوركېستىر تەكلىرىدىن رەڭگى ئۆڭۈپ چىققان تومۇزغىلار
قــونـدى ئــوچـاق ئالدىدا يىغلاۋاتقان چىڭقى چۈشنىڭ
بېشىغا.
دىل تەكتىدە چېكىپ بىرپەس قىشنىڭ دەردلىك سۆزىنى
سەزمەيتىمەن گۈلدەستەڭنىڭ كېتىشىنى يىراقلاپ.
نەم سەھەرنىڭ يۇمرانلىقتا يانغان يىپلىك كۆكسىگە
شالى ئېقىپ ھارارەتنىڭ باستى كەپسىز ئالۋۇنى
ئاتمىش، ئاتمىش
مەيدەڭ قىزىل سوقۇشنىڭ رەيھانى
يۇمشاق، جاھىل پۇرىقىڭدا رىتىملارنىڭ ئىمانى
كەل، دوستلىرىم ئوت ئىچىدىن سۆزۈپ بېرەي قوڭغۇراق
چال خارابە مەيسىدە، شەپەق يايسۇن ئىشتىياق.

7

خەنجەر غازاڭ تىلىپ ئۆتتى سەزگۈر ھاۋا باغرىنى
ئۇيۇپ كەتكەن ۋەھىلەرگە ئاقتىم مەنمۇ قان بويلاپ
چــاقمــاق يــوچــۇن رەنجىــش بــەلكــم قــيــن ۋىسال
دىملىرىدىكى
ئۆكسۇشلەر قالدى بۇلۇتنىڭ تــەقدىر بىلەن تــەڭ
ئۇيناپ
كىملەر بىلسۇن تىكلىشىمنى ياقىسىدىن قۇچۇشلارنىڭ

تىكلىشىم شاش بىر ئاتتەك غايىب بولار دۆڭلەردە
ئېيتقانلىرىم شۇنچە ئىتتىك قۇرۇپ كەتكەن ئەي،
شەھەر
چىللاپ كەتتى سادالارمۇ ۋاقىت ئۆچكەن بېكەتكە.

8

كۆزىنىڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى ئارا كۆيدى يېزىقلىرىم
يوقلۇق ئاسمىنى بولۇپ چىقتى قۇرۇپ چىققانلىرىم
سۇندۇم چاقناش ئىچىدە دۇنيا سىرتىغا قوللىرىمنى
ئېزىش بولدى يەنە ئىزلار ئىچىدە ئۇققانلىرىم
لەۋلەر تىترەيدۇ، لەۋلەر ـ غۇغۇلىۋاتقان روھ
شەبنەم ھەستىدىن تەملەنگەن تەر بولدى يۇتقانلىرىم
يۇرەك كېتەر چاغدا ئېيتالمىدى ئاخىرقى سۆزىنى
تۇۋرۇككە ئويۇلغان كېپىنەك بــولـدى سوكۇتتىن
ئۇققانلىرىم
كېچە تاش بولۇپ قاتقان چاناق ئىسمىلىك پىلانىتا
كۆيدى ساداق ئۇچۇن تىككەن قويۇق ئورمانلىرىم
گىياھلىرىڭ دەرگاھىڭدا چايقالغاندۇ ئەي، ئوغۇز
ئىستەپ يامغۇر نەملىكنى ئۇچۇما بولدى جىرالىرىم
خاتا ئوقۇپ تاش دەۋرگە پۈتۈلگەن بىر سەدرىنى
تاتلىق تىكەن ئۇچلىرىدا چېچەكلىدى گۇناھلىرىم


9

ياشار ۋاھىز ئىبادەتتى زامان قۇرتىنىڭ زۇۋانىدا
يامرىماقتا قەسەم ئوتلىرى پەرھىزكارنىڭ تامانىدا
كىم بۇ يەردە قانات قاققان، ناخشىنىڭ جەۋھەتگە سايە
تاشلاپ
بىغۇبار تادۇ ئىچىدە تىڭشاۋاتسام ئۆزۈمنى
قارا، تاشنىڭ قاناتلىرى چاۋاكلار ئارا ئېرىپ يوقالغان
يىتــم ئــەرۋاھنى ئەسلىتىدۇ مۇڭلۇق ئۇچقان ساي
شامالىرى
يېرتىلغان تارىخ ۋاراقلىرى، تۆكۈلگەن ۋەدە ياپراقلىرى
ئېيتىڭلار
سىلەر ئۇچىسلەر كىملەرنىڭ شادلىقى ئۇچۇن؟

قۇرۇق گەپنىڭ جۇەك مۈشۈكلىرى، پانۇس قەغىزىدە تىرناقنىڭ ئىزى
يورۇپ تۇرغان قانداق تەسىرات، نېمە قىلىسىلەر ئېلىپ ئۇنى؟
مىتورىدنىڭ يۈتكەن نۇرى بىلەن گىرىم قىلسا ئىش ھارغىنلىقى
قونار گۈل دەپ قەبرىستاننىڭ تىرىلگەن كېپىنەكلىرى
ئۆڭكۈر تاشلىرىغا سۇنسا ئۆرۈلۈپ ـ
پال ئۆيىنىڭ ئۇيۇقلىرىدىكى پارقىراق ئەينەكلەر
تۇنجى گۈلخان ئەلەڭگىسى بەردى ھارارەت.

**10**

دېڭىز تامام ئۇنتۇپ كەتتى ناخشىسىنى، ئېھتىمال،
ئىزدەپ ئۇنى يىراقلىدى قاردەك يارقىن دولقۇنلار.
ئەپسانىۋى بىر شەھەرنىڭ خىلۋىتىگە چۆكسە،
چىملىق ئارا كۆيۈپ تۇرغان كۆزدەك ئالتۇن بېلىقلار.
سوراپ باققىن، شاۋقۇنلارغا ئىكەك سالغان كىم ئىكەن.
قۇم باغرىدا تارلار چېكىپ، ئەسلەر غايىب نىكاھنى
بارماقلارنىڭ خىسلىتىدىن كۆيەر بۇلبۇل پەيلىرى چۆكۈپ
تەن ماگمىسى لەيلەتمەكتە كەتكەن نىگاھنى
ساكيامۇنى روجەكلىرىنىڭ تاشلاپ كەتتى نېمىشقا
داغلار سېنى بېشارەتنىڭ سايىسىغا چىللىدى
كۆرمەي قالدىڭ ئاسىيلىقنىڭ چېچەك ئاچقان باغلارنى.



بىر زەررە نۇر ئىزھار قىلار دېڭىز ئارا مەۋجىگىنى
ۋەھى پۈتكەن ۋاراقلىرىنىڭ يەلكەن بولدى ياشلارغا قىرغاقتا بىز
روھىمىزغا يول ئالمىدۇق تېخىچە
پەرھىزلەرنى قويماقچىمىز بىراق، ئاشۇ قاشلارغا.

## توغراقلار ئارا

### ئابلىكىم ھەسەن

توغراقلار ئارا توزىماقتا دۇنيا،
قۇملار قوشۇلۇپ كېتەر خىيالغا.
قومۇش پۆچۈكى ماڭا يول باشلاپ
يولۇقتۇردى خىزىر بوۋايغا.
ئۇ قويلارنى ئالدىغا سېلىپ
مەن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.
يۈزلىرىدە چوڭقۇر قورۇقلار
گويا توغراق مېڭىۋاتاتتى.
ئۆمۈر بويى ياش تۆكەلمىگەن ـ
قىڭغىر ساقال، پۈرۈم، شورلۇق يۈز.
قويلار ئۈركۈپ ئۆتتى يېنىمدىن
ئۇ قېشىمدىن ئۆتتى ئۈن ـ تىنسىز...
سىرلىرى كۆپ تۆكمەيدۇ ئەمما.
ئەجەب سىرلىق «جەنۇب» دېگەن سۆز.

## كېرەك ئەمەس ماڭا ھېچنېمە

### رىسالەت مەردان

### يالغۇزلۇق

**1**

كېرەك ئەمەس ماڭا ھېچنېمە
مەن ئازابقا چۆككەن بۇ دەمدە
تەقدىرىمنىڭ ئاخىرقى بېتى
قاغا بولۇپ ئۇچۇپ كەتكەندە

يالغۇزلۇق
يالغۇز قارىياغاچ



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يالغۇز تۇندىكى
يالغۇزلۇقتا ئىزىلگەن بىر مەن
يالغۇزلۇق
مۇزغا ئوخشاش تۇرار نۇر چىچىپ
سوغۇق باغرى ماڭا ئىچىلغان
مەن قېدىرىپ تەكشۇرگۈچىدەك
قايتىپ چىقىشىم مۇمكىندەك
شېئىرنى تېگىپ باغرىمغا
ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىمەن

قۇشقاچلار ۋىچىرلاپ قىلسىمۇ تەنتەنە
بىرىبىردۇر، بەرىبىر يەنە
بۇنداق بىر مۇھەت ئىچىدە
كېرەك ئەمەس ماڭا ھېچنېمە
يالغۇزلۇقتىن باشقىچە.


2

سوغۇق ئىشىك، مۇزلىغان تاملار
بىرتەلمەيدۇ ماڭا ھېچنېمە.
قاراپ چىقتىم ئۆيۈمگە بىرىپەس،
ياش قاپلىدى كۆزۈمنى يەنە.
يۈرىكىمنى ئۆتتى مىڭ چەيلەپ
تاشتەك قاتقان ئېغىر ئەسلىمە...
ئۆزۈم يالغۇز قالغاندەك گويا
قۇچاقلىدىم يوتقاننى مەھكەم
ئۈنسىز قۇلاق سالدىم ئۆزۈمنىڭ
خىيالىغا، ئازابلىرىغا
ئەڭ قاپقارا كەچمىشلىرىگە
مۇھەببەتسىز قاتقان ئەقىدە
ئىگىسىدىن يېتىم قالغاندەك
جەۋلان قىلار بۇ ئۆيدە يەنە...
رەھىمسىزلىك، ئېغىر، ئۇھ تارتىش
يېقىنلايدۇ قاراڭغۇلۇقتا
سۇس ئازابتىن يەنە بىر دەستە...
مۇزلاپ كەتتى يۈرەكلىرىممۇ
مۇزلاپ كەتتى شېئىرلىرىممۇ
بۇ كۆڭۈلسىز مۇھەت ئىچىدە
مۇزلىغان تام
مۇزلىغان تېنىنى تۇتۇپ
تىترىمەپ تۇرۇپ سۆزلەر رىۋايەت:
ـ بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا
ئۆتكەن ئىكەن پەرھاد ۋە شېرىن
ئاچچىق كۈلۈپ قويىمەن پەقەت...

## ئۆيدىن چىقىپ كېتىش

ئۆيدىن چىقىپ كېتەي
ماڭا كېرەك ئەمەس ھېچنېمە
ئائىلە ۋە تۈگىمەس ئىشلار.

ياشاپ باقاي بىر قېتىم تەنھا
بازارلارنى ئارىلاپ كۈندە



ئورمانلىقتا باراي بۇ قېتىم
سايراپ تۇرغان بولسا ـ ھە، قۇشلار؟

سېتىۋالاي بىر تال ئاتكىرىتكا
يازاي ئۆزۈمگە:
ـ مۇبارەك بولسۇن،
تەبرىكلەيمەن تەنھالىقىڭنى.

خىيالىمنى قىلاي بەھۇزۇر
ھېچكىم ماڭا قىلمىسۇن دەخلى
يازماي باقاي بىر رىت شېئىرنى.

ئاڭلانغان نېمە؟
يۈرىكىمنىڭ ئوتلۇق تىترىشى،
تىترىمەكتە ھەربىر قېتىمدا
سان ـ ساناقسىز مەنىنى ئېلىپ.
مۇزىكىغا ئايلانغان
يۈرىكىمنىڭ نازۇك سىرلىرى
چېكىلمەكتە ئۈن ـ تىنىسىز مۇڭلۇق

قايرىلماقچى بولساممۇ گەرچە
جۈرئەت مەندىن قاچتى يىراققا.
قان تامچىغان ئەسلىمە ئەمەس
سەن ئەمەسسەن كەلگۈسى ماڭا.

مەن ئىزلىگەن مۇھەببەت ئەمەس،
سۆيگىنىمنىڭ ئوتلۇق خەتلىرى.
دۇنيا كېزىپ يۈرگەن شامالنىڭ
ئەڭ يېقىملىق ھەسرىتى، دەردى.

ئاڭلانغان نېمە؟
ئۆز ـ ئۆزۈمنىڭ ئۇھ تارتىشلىرى.

### جەرەن

كۆزلىرىڭدە ئادىملىكنىڭ جىلۋىسى
قاراپ ماڭا ئۇزاق ـ ئۇزاق ۋاققىچە
قېچىپ كەتتىڭ يېقىنلىشاي دېگەندە

سەن بىلەن مەن
غېرىب قەلبىمىز
ئوخشامدىكەن قاراپ باققىنە.

تىكىلىشكەن دەقىقە
ئوخچۇپ چىقتى مېڭىڭگە
ـ قاچ!
ئۇ دۈشمەن!!
يۈرىكىڭنىڭ بىر قېتى
تارتىشدۇ يەنىلا.
بوغۇزلانغان قايسى تۇيغۇمىز؟
يىراقلاشقان قايسى قەلبىمىز؟

ھېس قىلدىم
قاراپ ئارقاڭدىن
ئەركىنلىكنىڭ چەكسىزلىكىنى.

# ئىككى شېئىر

## بېلىقىز تاھىر

### دېڭىز قاراقچىسى

مەن تۇغۇلغان بۈيۈك زېمىندا،
ئەزەلدىن كۆرمىدىم زۇمرەت دېڭىزنى.
ئۇچراتمىدىم يىللاردىن بېرى
غايات زور، ھەيۋەت پاراخوتنى
ياكى سۇرلۇك، باتۇر كاپىتاننى
چۈشلىرىمدە كۆرىمەن پات ـ پات
توپ ـ توپ دېڭىز قاراقچىسىنى
قاچانلاردا يوقالغان دېڭىز؟
پاچاقلانغان ھەيۋەت پاراخوت
غايىب بولغان سۇرلۇك كاپىتان؟
رەھىمسىز دېڭىز قاراقچىسى
چۈشلىرىمگە بولغان ھۆكۈمران...

### سۆيگۈ ئۆلۈمى

پەرۋاز قىلدى روھلىرىڭدا روھلىرىم
جەننەتتىكى شۇ ھۆر ـ پەرى قىزلاردەك
ئېرىپ كەتتى تىنىقىڭدا تىنىقىم
ۋىسال پەيتى ئېرىپ كەتكەن يۈرەكتەك

شىددەت بىلەن مېنى سۆيگەن يىگىتىم
تاشلىۋەتتىڭ تەنھالىقنىڭ چۆلىگە
بولۇپ قالدىم ئەپيۇنكۆلگە مەن خۇمار
سۆيەلمىدىم، ئاھ چەكلەندى مۇھەببەت
روھىمغا يار بۇيرۇق قىل، نىمجان ئۇشبۇ ـ
روھىمنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆلتۈرسۇن
جەسىتىمنى جەسىتىڭ
ئۆزى كېلىپ كۆتۈرسۇن!...




مەلۇمكى، چىڭغىز تۆرەقۇل ئوغلى ئايتماتوف پروزا ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ۋە دۇنيا مىقياسىدا زور شۆھرەت قازانغان يازغۇچى. دۇنيا جامائەتچىلىكى ئايتماتوفنى ناھايىتى زور ھۆرمەت ۋە زوقلىنىش ئىلكىدە ئېتىراپ قىلدى. ئۇ يازغان ھېكايە، پوۋېست ۋە رومانلار مىللەت، دۆلەت ۋە قىتئەلەر دائىرىسىدىن ناھايىتى تېزلا ھالقىپ يەر شارىدىكى ئەدەبىيات مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى قىرغىز دىيارى تالاستا چوڭ بولغان بۇ يازغۇچى ناھايىتى تېزلا قىرغىزىستان ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يۈزدىن ئارتۇق مىللەتنىڭ بىراقلا ئېتىراپ قىلىشى بىلەنلا چەكلەنمەستىن، دۇنيادىكى ھەممە ئەللەرگە دېگۈدەك مەلۇم بولدى. دۇنيا كىتابخانلىرى ئۇنى «يازغۇچى» دەپ تونۇدى.

شۇنداق، ئۇ بىر يازغۇچى ـ پروزائىك، ئۇنىڭ بۇ سالاھىيىتى باشقا ھەرقانداق سالاھىيىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئايتماتوفنىڭ «راكىتا تېزلىكىدە دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىققان يازغۇچى» دېگەن سالاھىيىتىدىن باشقا، يەنە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىكى، تەبىئەتشۇناس، پەيلاسوپ، دېپلومات... قاتارلىق كۆپ قىرلىق ـ ئۇنىۋېرسال خاراكتېرگە ئىگە سالاھىيىتىمۇ بار.

يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ خەلق شېئىر ـ قوشاقلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى پروزا ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئېچىپ كۆرسەتتىش ئارقىلىق شۆھرەت قازانغان يازغۇچى دېگەن نامغىمۇ مۇناسىپ. مېنىڭ بۇ ماقالەم ئىزچىل پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان بۇ يازغۇچىنىڭ شېئىر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە نۇقتىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

پروزا ئەسەرلىرى بىلەن شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ دىئالېكتىك باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ماھىيەت جەھەتتە بۇ ئىككى ژانىر بىر بولۇپ، بىرىنىڭ ئىچىگە بىرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ يەردىكى پەرق پەقەت شەكىل جەھەتتىكى، تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى مەسىلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. «ئودىسسا» ۋە «ئىلئادا»نىڭ شېئىرىي شەكلى بىلەن پروزا شەكلى، «ماناس»نىڭ شېئىرىي نۇسخىسى بىلەن پروزا نۇسخىسى بۇ مەسىلىنى مۇنازىرىسىز ھالدا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ (ئەسەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بىلەن ھېسسىياتى ھەر ئىككى ژانىردا ئوخشاش ساقلانغان، پەرق پەقەت جۈملە بىلەن قاپىيە ئوتتۇرىسىدىلا بولغان). ئايتماتوف پروزىسى شېئىرنى مەنبە، پروزىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ يارىتىلغاندەك ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ خەلق قەلبىگە بىۋاستە يېتىپ بارالىشىدىكى سىرمۇ دەل مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك.

فرانسۇز يازغۇچىسى ئاراگون ئايتماتوفنىڭ «جەمىلە» ناملىق پوۋېستىنى «مۇھەببەت ھەققىدىكى ئەڭ گۈزەل ناخشا» دەپ تەرىپلىگەن. ئاپتورمۇ بۇ ئەسەرنى بۇرۇن «ناخشا» دېگەن نام بىلەن ئاتىغانلىقىنى، كېيىن «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلىنىڭ تەكلىپى بويىچە «جەمىلە» دەپ ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. جۇڭگو ئوبزورچىلىرى (ساۋ گاۋۋېي، خۇاڭ تاۋمىي قاتارلىقلار) ئايتماۋتوفنى «ماناس ۋە باشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۇپرىقىدىن بىۋاستە ئوزۇق ئالغان» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. قىرغىزىستانلىق ئەدەبىي تەنقىدچى ئابدۇللاجان ئاقماتالىيېف «ماناس ئايتماتوفنىڭ دۇنياسىدا» دېگەن ماقالىسىدە «ماناس» ئېپوسى بىلەن ئايتماتوف ئىجادىيىتىنى باشتىن ـ ئاخىر مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. ئايتماتوۋ ئۆزىمۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ خەلقنىڭ ئارمان ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، چوڭ ئانىسى ئايىمخاننىڭ

قوشاقلىرىغا قىزىقىپ، ماناسچىلارنىڭ ئاۋازىغا جور بولۇپ چوڭ بولغانلىقىنى دائىم دېگۈدەك تىلغا ئالىدۇ.

دېمەك، ئايتماتوف پروزا ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئىشلىگەندە خەلق ئاھاڭلىرى ۋە شېئىرلىرى بىلەن دائىم بىللە بولغان. تارىخىي قىممەتكە ئىگە مۇڭلۇق كۈيلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە تەبىئىي ھالدا سىڭىپ كىرگەن. بۇنى ئايتماتوفنىڭ ئەسەرلىرىدىن ۋە نۇتۇقلىرىدىن شۇنداقلا ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدىن ناھايىتى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

شېئىرىي پارچىلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ھېكايە، پوۋېست ۋە رومانلاردا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرۇشى نورمال ئىش. ئەمما ئايتماتوف ئەسەرلىرىدە كۆرۈلۈۋاتقان شېئىرىي پارچىلار نوقۇل بىر شېئىرىي پارچىلار بولماستىن ۋە ياكى ئەسەرنىڭ مەلۇم بىر كىچىك ئېھتىياجى ئۈچۈنلا كىرگۈزۈلگەن بولماستىن، بەلكى شۇ ئەسەردىكى يادرولۇق مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە تۇتاشتۇرۇلغان. ئەسەر شېئىردىكى تۈپ مەسىلىنى مەنبە قىلىپ تۇرۇپ سۇژېتنى تەدرىجىي قانات يايدۇرىدۇ. نەتىجىدە شېئىردىكى مۇڭ ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بولۇپ چىقىدۇ.

«جەمىلە»دىكى مۇھەببەت بىلەن «دانىيارنىڭ ناخشىسى» بۇ ھەققىدىكى ئاپتورنىڭ تەسۋىرلىرى؛ «ئاق پاراخوت»تىكى مۆمىن بوۋاي ۋە بالىنىڭ ئىچكى دۇنياسى، «بۇمۇ ئانا رىۋايىتى»قىرغىزلارنىڭ ئاتامەكەنى ـ يېنسەي توغرىسىدىكى ناخشىلار؛ «ئەلۋىدا گۈلسارى»دىكى تانابايى بىلەن گۈلسارى (بۇ بىر ئاتنىڭ نامى)نىڭ ئىچكى ھېسلىرى ۋە بوتىلىقىنى ئىزدىگەن بوز ئىنگان (تۆگە) توغرىسىدىكى ئازابلىق ناخشىلار؛ «يەر ئانا» (يەنە بىر ئىسمى «سامانچىنىڭ يولى») تولموناينىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە «سامانچىنىڭ يولى» ناملىق مىفولوگىيىلىك تەركىب؛ «بالدۇر كەلگەن تۇرنىلار»دىكى باش قەھرىمان سۇلتان مۇرات ۋە «سۇلتان مۇراتنىڭ ناخشىسى»؛ «بوتا كۆز»دىكى يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە «ئانارخاي دىيارى توغرىسىدىكى ناخشا»؛ «بادامتال بويىدا»دىكى «تالاسلىق جوۋانلارنىڭ ناخشىلىرى»؛ «ئالا ئىت قىياسى»دىكى ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش ـ تەبىئەت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە «پەرىزات بېلىق ناخشىسى»؛ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»دىكى «ماڭقۇرت رىۋايىتى» ۋە «دۆنۆنباي قۇشىنىڭ ناخشىسى»، «رايمالى بىلەن بەگىمئاينىڭ بېيىتلىرى»، ئېدىگەينىڭ ئىچكى دۇنياسى...

يۇقىرىقىلار شۇ خىل ئەسەرلەردىكى ئەڭ يادرولۇق، ئەڭ ئاساسلىق مەسىلىلەر بولۇپ، ئايتماتوف بۇ خىل تەركىبلەرنى پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى، ئەسەرنىڭ تۈپ ماھىيىتى بىلەن باغلاشتۇرغان. گەرچە بۇ خىل ناخشىلارنىڭ ئەسلى تېكىستى ئەسەرگە تولۇق كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ (بۇنداق قىلىشمۇ ھاجەتسىز ئىدى)، ئەمما ناخشىنىڭ تۈپكى ماھىيىتى ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى قىلىنغان، گۈزەل نەسرىي بايانلار ئارقىلىق كىشى قەلبىنى تىترىتىدىغان دەرىجىدە سۈرەتلەنگەن. شۇنداق بولغاچقا ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ۋە ئوبزورچىلار ئايتماتوف ئەسەرلىرىنى «ھازىرقى زامان ئەپسانىسى»، «گۈزەل رىۋايەت ياكى شېئىر»، «ئايتماتوۋ ئېپوسلىرى» دەپ باھا بېرىپ يۈكسەك ئەدەبىي قىممىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشماقتا. دېمەك، «قىرغىز ئەدەبىياتى‹ ماناس› ئېپوسىدىن ئايتماتوف ئېپوسىغىچە بولغان تارىخىي جەريانلارنى بېسىپ ئۆتتى».

ئايتماتوف ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان رۇسىيىلىك، قازاقىستانلىق، گېرمانىيىلىك ۋە قىرغىزىستانلىق مۇزىكانتلار ئايتماتوف تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ۋە ئەسەر تەپسىلاتلىرىغا ئاساسەن سىمفونىيە، كۈي ۋە ھەر خىل مۇزىكا ـ ناخشىلارنى ئىجاد قىلدى. قىرغىزىستانلىق مەشھۇر مۇزىكانت قالىي مولدوباسانوف «سامانچىنىڭ يولى»، «ماڭقۇرت بايانى» دېگەن سىمفونىيىلەرنى تۈزگەن، ئاسانغالى كېرىمبايېف ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىدىن ئىلھاملىنىپ «دانىيارنىڭ ناخشىسى» («جەمىلە»گە ئاساسەن)؛ «ئىلياسنىڭ ناخشىسى» («سەرۋى ـ قامەتلىك دىلبىرىم»گە ئاساسەن)؛ «ئېدىگەينىڭ جىرى» («ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»گە ئاساسەن)؛ «بالانىڭ جىرى» ياكى «نۇرغازنىڭ ناخشىسى» («ئاق پاراخوت»قا ئاساسەن)؛ «كېچىككەن مۇھەببەت» ياكى «رايمالنىڭ جىرى» («ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»گە ئاساسەن) قاتارلىق ناخشىلارنى ئىجاد قىلغان. قىرغىزىستانلىق مەشھۇر شائىرە ئالماش چويبېكوۋا قاتارلىق شائىرلار ئايتماتوف ئەسەرلىرىدىكى تەسۋىرلەرگە ئاساسەن نۇرغۇن شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يازغان.

ناخشىچى چۇۋاق ساتايېف «ئاق باتا» («دۇئا قىلىش») دېگەن ئەسىرىنىڭ سۆزى ۋە مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىشلەپ، ئۆزى ئورۇنداپ ئايتماتوفنى:

قۇچاق ئاچسا يۇلتۇزلار،
قۇۋناق بولۇر قىرغىزلار.
چوڭكى يۇلتۇز توپىدا،
چولپان كەبى چىڭغىز بار.
... ...

دەپ كۈيلىگەندە قىرغىزىستان ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شائىرلارنىڭ قەلىمى (جۈملىدىن جۇڭگو قىرغىزلىرىنىڭ قەلىممۇ) ئايتماتوف توغرىسىدا تەۋرەندى. شۇنداق قىلىپ شېئىر ـ ناخشىلارنى ئۆز ئەسەرلىرىدە (پروزىلىرىدا) ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن ئايتماتوۋ ئەمدىلىكتە ئۆزى شېئىرىي مىسرالار ئارىسىدا قالدى. «ئايتماتوف» دېگەن بۇ ئىسىم دۇنيادىكى نۇرغۇن شائىرلارنىڭ مىسراسىغا ئايلىنىپ كەتتى...

ئايتماتوف ئۆز ئىجادىيىتى توغرىسىدىكى بىر قىتىملىق سۆھبەتتە قەلەم ئالغاندا پوشكىننى تولا ئەسلەپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئۇ يەنە «ئادەم بالىسىنىڭ قەلبىدە شېئىرىي تۇيغۇلار بولغانلىقى ئۈچۈنلا تۇرمۇش تولىمۇ سۆيۈملۈكتۇر» دېگەنىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا شائىرلارغا (ئەلۋەتتە ئۆزى ئېتىراپ قىلغان شائىرلارغا) ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلغان ۋە چوقۇنغان. ئاۋار شائىرى راسۇل ھەمزاتوف، قازاق شائىرى ئاباي قۇنانباي، يازغۇچى ۋە شائىر مۇختار ئاۋەزوف، قىرغىز شائىرى توقتوغۇل ساتىلغانوف، ماناسچىلار ساغىمباي ئوروزباقوف، ساياقباي قارالايېف، جۇسۇپ ماماي قاتارلىقلارنىڭ ناملىرىنى ۋە «ماناس»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ناھايىتى زور ھۆرمەت ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئېلىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇشۇ ناملار بىلەن پەخىرلەنگەن. دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئۆز ئېغىزى بىلەن تەشۋىق قىلغان. قىرغىزىستاندىكى مەشھۇر شائىرلار ئالىقۇل، ئالى، مىدىن، رايىخان قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيىتى، ھاياتى ۋە ۋاپاتى توغرىسىدا كۆپ قېتىم يازما نۇتۇق ئېلان قىلغان. 1989 ـ يىلى بىشكەكتە ئۆتكۈزۈلگەن شائىر توقتوغۇل ساتىلغانوفنىڭ 125 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە يىغىنىدا مەخسۇس ئىلمىي دوكلات بەرگەن.

ھازىرقى كۈندە نەقىل سۆزلەرگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان «ماناس ـ قەدىمكى قىرغىز روھىيىتىنىڭ ئەڭ يۇكسەك چوققىسى» دېگەن بۇ سۆز ئەمەلىيەتتە چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ «ماناس» ئېپوسىنىڭ ساغىمباي ۋارىيانتىغا يازغان باش سۆزىنىڭ ماۋزۇسى ئىدى. ئۇ ساغىمباي توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ساغىمبايدىن يېزىۋېلىنغان تېكىستلەرنى ئوقۇپ چىققان ھەربىر ئادەم ئۇنىڭ سۆز بايلىقىغا، سۇرەتكارلىقىغا، شائىرلىق تالانتىغا قايىل بولماي تۇرالمايدۇ... قىرغىز سەنئىتىنىڭ بارلىق ئۇلگىلىرىنى يالغۇز ساغىمبايلا ئۆز دىلىغا سىغدۇرۇپ تۇرغاندەك سېزىلىدۇ».

ئايتماتوف ساغىمبايدىن كېيىنكى مەشھۇر ماناسچى ساياقباي قارالايېف بىلەن 70 ـ يىللارغىچە بىللە ئىشلىگەن. ئۇ، بۇ ماناسچىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن «ماناس»نى ئاڭلاپ، بىللە كۈلۈپ، بىللە يىغلاپ ئاتا بىلەن بالىدەك مۇناسىۋەت تۇرغۇزغان. ئايتماتوف «ئۇ ئۇكياندەك ‹ماناس›نىڭ مىليون مىسراسىنى يادقا بىلىدۇ» دېگەن ماقالىسىدە ساياقباي قارالايېفنىڭ پورترېتىنى جانلىق سىزىپ «قارالايېف ‹ماناس› ئېيتىۋاتقاندا ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزەلمەي، كىرپىكىنىڭ مىدىرلىغىنىدىن تارتىپ، قولىنىڭ ھەرىكىتىگىچە جور بولۇپ ئاڭلايتتۇق. ئۇنىڭ ئاۋازىغا، تالانتىغا ھەيران قالاتتۇق...» دەپ يازىدۇ. بۇ ماناسچىنىڭ ۋاپاتىدا ئايتماتوف مەخسۇس تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ: «دۇنيادا يەككە ـ يېگانە بولغان بۇ ئۇلۇغ تالانت ئاسماندىن كۆچكەن يۇلتۇز كەبى ۋاللىدە قىلىپ ئۆچتى... ئۇ بىر تەكرارلانمايدىغان مۆجىزە ئەمەسمىدى... ئەلۋىدا ئۇلۇغ تالانت... ئەلۋىدا ئاتا!» دەپ ھەسرەت چەككەن.

ئايتماتوف جۇڭگو قىرغىزلىرىدىن چىققان ئۇلۇغ ماناسچى يۇسۇپ مامايغىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلغان ۋە يۇقىرى باھالىغان، ئۆزىنىڭ كۆرۈشۈش ئارزۇسىنى كۆپ قېتىم ئىپادىلىگەن، ئۇنى «تىرىك ھومىر» دەپ مەدھىيىلىگەن. مەلۇمكى، «ماناس» ئېپوسى قەدىمدىن تارتىپ شېئىرىي شەكىل ئارقىلىق ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېپوس. ئۇنى دىلىدا ساقلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلار (ماناسچىلار) تالانتلىق شائىرلاردۇر. ئايتماتوفنىڭ «ماناس» ئېپوسى ۋە ماناسچىلارغا بولغان ئىشتىياقىنى مەلۇم مەنىدىن خەلقنىڭ شېئىرىي ئەسىرى ۋە شائىرىغا بولغان ئىشتىياق ۋە مۇھەببەت دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.


ئايتماتوف «ماناس» ئېپوسىنى ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئۆزبېك شائىرى مىرتۆمۈر بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئاپىرىن ئوقۇغان، رۇس شائىرى ۋە سولوخىن ئايتماتوفنىڭ ھاۋالىسى بويىچە «ماناس»نى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىۋاتماقتا. ئۇ چەت ئەللەردە يۈرگەندە مۇخبىرلارنىڭ «سىز قەيەرلىك؟» دېگەن سوئالىغا «ماناس يارالغان، ئاۋەزوف تۇغۇلغان جايدىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ بىر قېتىم ۋ.كوركىن دېگەن كىشىنىڭ «سىز ‹ماناس›نى ئاڭلىغان چاغلىرىڭىزدا يىغلاپ باققانمۇ؟» دېگەن سوئالىغا «ماناسنى ئاڭلىغاندا يىغلىمىغان قىرغىز بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. قازاقىستاننىڭ مەشھۇر شائىرى مۇختار شاخانوف بىلەن ئايتماتوف ئەڭ يېقىن ئاكا ـ ئۇكا دوستلار بولۇپ، «شەخسىي مەخپىيىتى» توغرىسىدىكى سىرداشقان سۆھبەتلىرىنى «تاغ قىرىدىكى ئوۋچىنىڭ زارى» ناملىق كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. ئايتماتوف مۇختار شاخانوفنىڭ «توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغۇچە بولۋاستەك بىر يىل ياشا» ناملىق داستانىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ، كۆپ قېتىم ئاپتورنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتۇپ ئاڭلىغان.

دېمەك، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بىر يازغۇچىنىڭ ھەربىر پائالىيىتى، ئىجادىيىتىدىكى خاھىشلىرى ھەر دائىم كىتابخانلارنىڭ ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولمايدۇ. مەن ئايتماتوۋنىڭ ئەسەرلىرىدىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللاردىن شېئىرغا بولغان ھەقىقىي مەنىدىكى مۇئامىلىسىنى ھېس قىلىپ قالىمەن. بۇ ماقالە ئەنە شۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىمنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر.

www.uyghurkitap.com



# بۇ زېمىندا يەنە بىر سودا جېڭى كەسكىنلەشمەكتە



(ئەدەبىي ئاخبارات)

ۋەلى كېرىم

## رىقابەت قانداق كېلىپ چىقتى؟

بۇ خاسىيەتلىك زېمىن نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۆز قوينىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرگە قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ چاقنىغان سۇزۇك مارجانلارنى بەخش ئەتكەن. ئۇ بولسىمۇ، جەننەت مېۋىسى ھېسابلانغان، ھەرقانداق شېرىنلىكلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بېشىل ياقۇت ـ ئۈزۈم.

ھەرقانداق بىر يۇرت بېيىمەن دەيدىكەن، مەملىكەت بازىرى ۋە دۇنيا بازىرىغا كىرەلەيدىغان داڭلىق مەھسۇلاتقا تايىنىشى كېرەك. ئادەتتە داڭلىق مەھسۇلات دېيىلسە، سانائەت مەھسۇلاتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. لېكىن بىر يۇرت بار، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىغا تايىنىپ دۇنياغا تونۇلۇۋاتقان، بۇ يەردە «دېھقان بولماق تەس» دېگەن مودا سۆز ئاقمايدۇ. كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن، باي تېپىك دېھقانلار تۈركۈمى بۇ يەردە بار، بۇ يەردە بېيىمەن دېگەن ئادەم يېزىغا يۈگۈرەيدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بۇ يەردە بارلىق شېرىنلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان جەننەت مېۋىسى بار...

ئۈزۈم تۇرپان خەلقىنى دۇنياغا تونۇتتى، ئۈزۈم بېيىتتى. نەزەر دائىرىسىنى كەڭ قىلدى؛ ئۈزۈم بولغاچقىلا تۇرپان بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلالىدى. باشقا يۇرتلارنىڭ ئالدىغا ئۆتەلىدى، ئۆزىنى تونۇتالىدى؛ ئۈزۈم ـ تۇرپان خەلقىنىڭ ھاياتى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسىنىڭ ئاساسى بولدى؛ تۇرپان خەلقى نەپەس ئالسىمۇ ئۈزۈم پۇرىقى ئارىلاشقان ھاۋادىن نەپەس ئالدى، ئۈزۈم بىلەن ياشىدى، ئۈزۈم بىلەن روناق تاپتى؛ تۇرپان خەلقىنى ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللىك كامالىتىگە يەتكۈزگەن خاسىيەتنىڭ ھەممىسى ئۈزۈمنىڭ ئۆزىدە.


ئۈزۈم باشقا يەرلىك مېۋىلەرگە ئوخشاش پىشقاندىن كېيىن قاتناش ۋە جۇغراپىيىلىك ئورۇنىنىڭ، يۆتكەش، ساقلاشنىڭ چەكلىمىلىكىگە ئۇچراپ تۆكمە بولۇش، سېسىپ كېتىش، ئىستېمالدا تويۇنۇپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچرىمايدۇ. قۇرۇتۇلغاندىن كېيىنلا خۇددى زاۋۇتتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەندەك سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلىنىدۇ. ساقلاش، يۆتكەش، ئوراش، قاچىلاش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، ئەزەلدىن رايونىمىز تەۋەسىدە نامى بار تۇرپان، پىچاننىڭ كىشمىش قۇرۇق ئۈزۈمى ۋە پىچان قوغۇنى قەنت تەركىبىنىڭ يۇقىرىلىقى، تەمىنىڭ شېرىنلىكى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە، ھەتتا خەلقئارا بازارلاردا بىردىنلا بازار تېپىپ داڭق چىقاردى. بۇ مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياج يىلدىن- يىلغا شىددەت بىلەن ئېشىپ، ئىشلەپ چىقىرىلغان مەھسۇلات بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان؛ تۇرپاندا بولسا كىمنىڭ ئۈزۈملۈكى كۆپ بولسا، كىم قوغۇننى كۆپ تېرىسا شۇ تويۇقسىزلا بېيىپ كېتىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۇرپان تەۋەسىدە ئىمكانىيەت يار بەرگەنلىكى ئائىلە ئېتىزلىرىغا كەڭ كۆلەمدە تەك تىكىدىغان، تەك مېۋىگە كىرىپ جانغا ئەسقاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا تەك ئېرىقلىرى ئارىسىدىكى بوش قالغان يەرلەرگە قوغۇن، تاۋۇز تېرىيدىغان، دېھقانلار بۇ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىشتا يەرلىك پەن- تېخنىكا بىلىملىرىگە تولىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايدىغان، قەيەردە يېڭى، ئۈنۈملۈك تېخنىكا بولسا ئۇنى چاقماق تېزلىكىدە قوللىنىدىغان، ئومۇملاشتۇرىدىغان جۇشقۇن كەيپىيات شەكىللەندى. ھەتتا ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلىگەن، ئېڭى ئېچىلغان بەزى دېھقانلار ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى، پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمدەمدە بولۇشى بىلەن نەچچە يۈز مو

كېلىدىغان قاقاسلىق سايلارنى ئۈزۈمزارلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئالدىن بېيىغان دېھقانلارنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى، پىچان ناھىيە لەمجىن بازىرىدىكى دېھقان مىليونېر ئىسمايىل قۇربان ئەنە شۇ ئالدىن بېيىغان دېھقانلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى.

ئىلگىرى، تۇرپان ۋادىسىدا ئۇزۇن تالالىق پاختا، قوغۇن، ئۈزۈم قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تەڭ نىسبەتتە ئىشلەپ چىقىرىلاتتى. قوغۇن، ئۈزۈمنىڭ، بولۇپمۇ قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ بازىرى شىددەت بىلەن ياخشىلانغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتمۇ يېتىزلارنى ئۈزۈمزارلىققا ئايلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. دېھقانلارمۇ ئاكتىپلىق بىلەن يېتىزلىرىغا تەك ئۆستۈردى. بىرنەچچە يىلغا قالمايلا تۇرپاندا ئۈزۈم ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدىغان يېزا - كەنتلەر غايەت زور كۆلەمدىكى ئۈزۈملۈكلەرنى بەرپا قىلدى. قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ مەھسۇلات مىقدارىمۇ ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە غايەت كۆپ ئاشتى. بىرنەچچە يىلغا قالمايلا ئىقتىسادىي جەھەتتە بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ، يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە تەڭلەشتى ياكى بەزى ئەۋزەل تەرەپلەردىن ئېشىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن پىچان ناھىيىسى بىلەن تۇرپان شەھىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىقتىسادىي كۈچ جەھەتتە يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ناھىيىلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

90 - يىللارغا قەدەر تۇرپاندا دېھقانلارنىڭ قۇرۇق ئۈزۈمنى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى تاشقى سودا ئىدارىلىرى سېتىۋېلىپ بىر تەرەپ قىلاتتى. ئەلۋەتتە، ئۆز ئالدىغا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىپ ئۈزۈم سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ بار ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ سودىسىنىڭ دائىرىسى ئانچە كەڭ ئەمەس ئىدى. ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «بوش كەلمە، تۇرپانلىق» ناملىق ھېكايىسىدىكى قۇرۇق ئۈزۈم سودىگىرى نىياز شۇ چاغدىكى تۇرپاندىن ئىچكىرىگە بېرىپ ئۈزۈم سودىسى قىلغان سودىگەرلەرنىڭ تىپىك ئوبرازى ئىدى.



قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋېلىش - سېتىش شىركەتلىرى

تۇرپاندا يىلدىن - يىلغا ئېشىۋاتقان ئۈزۈم مەھسۇلاتىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي بېسىمى تۈپەيلىدىن، 90 - يىللارغا كەلگەندە ئۈزۈم بازىرى ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاسىتە كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن بازارغا يۈزلەندى. قۇرۇق ئۈزۈم سودىگەرلەر تەرىپىدىن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى بازارلىرىغا ۋە خەلقئارا بازارلارغا سېتىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن چاقماق تېزلىكىدە ئۈزۈم سودىسىدا رىقابەت باشلاندى ۋە تېزلا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئۈزۈمنىڭ باھاسىمۇ يىلدىن - يىلغا ئۆسۈپ باردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۇرپان تەۋەسىدە قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋېلىش، سېتىش شىركەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى، رىقابەت كەسكىنلەشتى. پەقەت تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپ چىقىرىدىغان نۇقتىلىق ئورۇن - پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن بازىرىدىلا 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 42 قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتى قۇرۇلدى ۋە قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە بەس - بەستە ئۈزۈم سېتىۋېلىشقا باشلىدى. دېھقانلار ئەمدى ئۈزۈمگە خېرىدار چاقىرمىسىمۇ، بازارغا ئېلىپ كىرمىسىمۇ، ئۈزۈم سېتىۋالغۇچىلار چۈنچىلەرگىچە ماشىنىلىرى بىلەن بېرىپ ناھايىتى ئاكتىپلىق بىلەن ئۈزۈم سېتىۋالىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، قۇرۇق ئۈزۈم سودىسى شىنجاڭدىكى، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەڭ قىزىق سودا تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، شۇنداقلا ئىسلاھاتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر سودىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

**● ئۈزۈم بازىرىدىكى ناتوغرا رىقابەت**

**● قاتلامۇ قاتلام قويمىچىلىق ئەۋج ئالماقتا...**


**● دېھقانلار يىل بويى جاپالىق ئىشلەپ ئاخىرى تېزىنى قۇچاقلاپ قالدى**

**● ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش كۆلەم شەكىللەندۈردى، بازار كۆلەم شەكىللەندۈرەلمىدى**

**رىقابەت، قويمىچىلىق، تېڭىرقاش...**

www.uyghurkitap.com





شىددەت بىلەن كۆپەيگەن، دېھقانلارنىڭ ئۈزۈم مەھسۇلاتى يىلدىن - يىلغا قاتلىنىپ ئېشىۋاتقان، قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش مۇئەييەن كۆلەم شەكىللەندۈرۈۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئۈزۈم سودىگەرلىرى ئارىسىدا بىردىنلا ناتوغرا رىقابەت خاھىشى شەكىللەندى: ئۈزۈم سودىگەرلىرى دېھقانلارنىڭ قۇرۇتۇپ تەييار قىلغان قۇرۇق ئۈزۈملىرىنى باشقا ئىقتىسادىي كۈچى كۈچلۈك ئۈزۈم سودىگەرلىرىگە ئوخشاش ناھايىتى ئاكتىپلىق بىلەن سېتىۋېلىپ، پۇلنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى بېرىپ، قالغىنىنى «بىر ھەپتىدىن كېيىن...» ، «بىر ئايدىن كېيىن...» دەپ ئاساسەن نېسىگە ناھايىتى كۆپ ئۈزۈم سېتىۋالدىغان، ئۇنى ئىچكىرىگە، ئۈرۈمچىگە ياكى تۇرپانغا ئېلىپ بېرىپ پايدىسىغا سېتىپ پايدا ئېلىپ بولۇپمۇ، دېھقانلارنىڭ نېسى قالغان پۇلنى بەرمەيدىغان ياكى ئۇمۇ كۆپ پايدىنى كۆزلەپ ئىچكىرىدىكى ياكى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىرەر سودىگەرگە نېسىگە بېرىپ قويۇپ نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە يۈز دېھقاننى زار قاقشىتىدىغان ئېچىنىشلىق ئەھۋال باش كۆتۈرۈپ قالدى. ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا تۇرپان رايونىدىكى ئۈرۈمچى دېھقانلارنىڭ ئۈزۈم سودىگەرلىرىگە نېسىگە ئۈزۈم بەرمىگەنلىرى، ئۇ سودىگەر سودىدا قويۇلۇپ كەتسە، بىر يىللىق كىرىمى ساندا بار، ئەمەلىيەتتە يوق ھالەتتە تىزىنى قۇچاقلاپ قالغانلىرى يوق دېيەرلىك ئىكەن.

تۇرپان - ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئىقتىسادىي زىرائەت ئەڭ كۆپ تېرىلىدىغان، باشقا رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز رايونلارنىڭ بىرى. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قاتلاممۇ قاتلام قويمىچىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى سەۋەبتىن، دېھقانلار قان - تەر ئاققۇزۇپ مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىپ ساتسىمۇ قولى پۇل كۆرمەيدىغان، شۇ سەۋەبتىن تۇرمۇشى يىلدىن - يىلغا ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان ئەھۋال ناھايىتى روشەن بولماقتا.

دەسلەپكى ئۈزۈم سودىسىدا بازار ئېچىش، يۆتكەپ سېتىش، باھا ئۇچۇرى مۇكەممەل بولمىغاچقا، مال ئىگىسى خېرىدار تاپالمايدىغان، خېرىدار مالنى تاپالمايدىغان ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىدىكى ھايانكەشلەر، پۇرسەتپەرەسلەر بازارنى قالايمىقانلاشتۇردى، ھوقۇقدارلارنىڭ بىنورمال ئارىلىشىشلىرى، نورمال بازار قانۇنىيىتىگە قارىغاندا مۇناسىۋەتنىڭ ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىشى، نېسى سودا ئەۋجىگە چىقتى. ئۈزۈمنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنىڭ ئەكسىچە، مەھسۇلاتنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ بولۇپ بېسىلىپ قېلىشى مال ئىگىلىرىنىڭ بانكىدىن ئالغان قەرزلىرىنىڭ تەخىرسىزلىكى، پۇرسەتپەرەس ئۈزۈم سودىگەرلىرىنىڭ باھا جېڭىگە، سودا مونوپوللۇقىغا، مالنى ئىزدەپ تېپىشقا ماھىرلىقى قاتارلىقلار ئۈزۈم سودىسىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

بىز ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۈزۈم سودىگەرلىرىنىڭمۇ كۆپىنچىسى ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان، قارا قورساق، قارام، تەۋەككۈلچىلەردىن ئىبارەت. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلاردا ئۆز مەنپەئەتچىلىك كۆزقارىشى ناھايىتى ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىپ قالغان. سودا قانۇنىيىتىنى، سودىسىنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلىمايدىغان بۇ بىر توپ كىشىلەر دېھقانلار بىلەن سودا قىلغاندا ھەممىدە يىغىۋالغان قۇرۇق ئۈزۈملىرىنى سېتىپ چىقارغاندا قارا قويۇق تەۋەككۈلچىلىك قىلىدىغانلىقتىن، ئۇنىڭ پايدا ئېلىشى ۋە قاتتىق زىيان تارتىپ كېتىشىنى بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتىدۇ، بازار سەرخىللىشىۋاتىدۇ، سودا نازۇكلىشىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ بىر توپ تەۋەككۈلچى سودىگەرلەر بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ھالدا سودىسىدا يەنە قارا قويۇق تەۋەككۈلچىلىق قىلىۋەرگەچكە، كۆپىنچىسى يالغان - ياۋىداق سۆزلەرگە، قۇرۇق ۋەدىگە، ئۆزى بىلەن مۇئامىلىدە بولغان ئىچكىرىلىك باي خوجايىنلارنىڭ قۇرۇق مەرتىۋىسىگە، «مەردلىكىگە» ، كۆزنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدىغان يۇقىرى تۇرمۇش ئىستېمالىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ قېلىپ، دېھقانلارنىڭ نېسىگە يىغقان ئۈزۈمنى قوش قوللاپ بۇ كاززاپ خوجايىنلارغا تۇتۇپ بېرىپ، ئاخىرىدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك سودىدا موللاقچىلاپ چۈشۈپ، ئۆزىنىمۇ، ئۇنىڭغا ئۈزۈم سېتىپ بەرگەن دېھقانلارنىمۇ زار - زار قاقشىتىۋاتماقتا. يېقىنقى

يىللاردىن بۇيان، ئۈزۈم سودىگەرلىرى ئىچىدە ئۆزگە ئىشنىپ، مەيدىسىگە مۇشتلاپ، ھۆركىرەپ يۈرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرىدىن چىققان سودىگەرلەر تەرىپىدىن قويۇۋېتىلگەن. شۇ سەۋەبتىن، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ئىقتىسادىي دېلولارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۈزۈم سودىسى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا ئۆتكەن يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن بازىرىدىكى 42 قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋېلىش - سېتىش شىركىتىدىن ئاران 5 - 6 سىلا ئۈزۈم سېتىۋالالىغان ھەم كۆپىنچىسى زىيان تارتقان. ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى يىللاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىچكىرىدىكى سودىگەرلەرگە ھەر خىل شەكىلدە قويۇلۇپ، گەدىنىگە نەچچە ئون يىل، ھەتتا بىر ئۆمۈر تۆلىگۈدەك قەرزنى ئارتىۋالغان. پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن بازىرى تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە ئىقتىسادىي كۈچ جەھەتتە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان بولۇپ، 1996 - يىلى ۋىلايەت تەرىپىدىن «ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن بازار» بولۇپ باھالانغان. 1997 - يىللىق دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە يىللىق ساپ كىرىمى 2007 يۈەنگە يەتكەن. ھالبۇكى، ئۈزۈم سودىگەرلىرىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئۈزۈمىنى نېسىگە ئېلىۋېلىشى، كېيىن باشقا بىرىگە قويۇلۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن نۇرغۇن دېھقاننىڭ كۆڭلى ئارانلا ئۆتتۈۋاتماقتا. لەمجىن بازارلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ بىر مەسئۇلى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بازىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە كوپېراتىپىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ۋىلايىتىمىزدىكى، ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقانداق بىر يېزا ئىگىلىك ئورنىغا قارىغاندا ياخشى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەمما راست گەپنى ئېيتقاندا، بازىرىمىز ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 20% ئاھالىسى ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا قەرز ئالماي ئۆتىدۇ. 60% ئاھالىسى قەرز ئېلىپ ئاندىن يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. 20% ئاھالە قەرز ئالسىمۇ تۆلىيەلمەيدىغان دەرىجىدە ياشايدۇ».

ئۈزۈم تۇرپاننىڭ كۆزنەر مەھسۇلاتى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئون نەچچە يىلدىن بۇيان دېھقانلارنى ئۈزۈمزارلىق بەرپا قىلىشقا، ئېتىز - ئېرىقلارنى باغ - ۋارانلاشتۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ كەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تۇرپان ۋادىسى ھازىر ئىسمى - جىسمىغا لايىق «ئۈزۈم ماكانى» بولۇپ قالدى. ۋىلايەت تەۋەسىدە بۇ يىللا ئۈزۈملۈك 90 مىڭ مو كۆپەيتىلدى. ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش كۆلەملەشتۈرۈلدى، مو بېشى مەھسۇلاتى ئاشۇرۇلدى. غايەت زور مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشى كۆلەملەشتۈرۈلدى، ئەمما بازار كۆلەملەشتۈرۈلمىگەنلىكتىن، دېھقانلار «نېسى سودا» قىلغۇچى بىر تۈركۈم ئۈزۈم سودىگەرلىرىگە ئالدىنىپ كېتىپ، ئۈزۈمىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، تېڭىرقاپ قالدى.

ھازىر تۇرپانغا مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ، مەملىكەتكە، خەلقئاراغا ئېچىۋېتىلگەن بىر «قۇرۇق ئۈزۈم بازىرى» قۇرۇش تەخىرسىز تېما بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلغاندىلا، دېھقانلار ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتىنى ئالدانماي نەق پۇلغا ساتالايدۇ، بۇ، ھۆكۈمەتكىمۇ، دېھقانلارغىمۇ ناھايىتى پايدىلىق ئىش.


ناھايىتى زور كۆلەمدىكى قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا نېمە ئۈچۈن بازار قۇرۇپ بېرىلمىدى؟ ئۈزۈم بازىرى نېمشقا تەرتىپكە سېلىنمايدۇ؟ ئىچكىرىگە قويىمچىلىق يولى بىلەن ئېقىپ كېتىۋاتقان غايەت زور مەبلەغ نېمشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئويلاندۇرمايدۇ؟...

## بەختسىزلىككە يولۇققان ئىككى ئۈزۈم سودىگىرىنىڭ ھېكايىسى

سودا - سودىگەردىن كۈچلۈك رىقابەت ئېڭى، سەگەكلىك، ئالدىن كۆرەرلىكنى، ئېھتىياتچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. قۇرۇق ئۈزۈم سودىسى قىلىۋاتقان سودىگەر تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. تۇرپان تەۋەسىدە شەكىللەنگەن نېسى ئېلىپ، نېسىگە «پايدا» ئېلىپ تىجارەت قىلىۋاتقان، شۇ سەۋەبتىن قويۇلۇپ كېتىپ ئەسلى - ۋۇسلىدىن ئايرىلىپ قالغان، دېھقانلارنى قاقشىتىپ قويغان ئۈزۈم سودىگەرلىرىمۇ ئاز ئەمەس. تۆۋەندە ئوقۇرمەنلەرگە بۇ ھەقتە ئىككى ھېكايە سۆزلەپ بەرمەكچىمىز.

I

ئارخىپى: ئىسمايىل xx، 35 ياش، پىچان ناھىيە لەمجىن بازىرى قۇم مەھەللىسىدىن. 80 - يىللاردا



ئۇششاق تىجارەت قىلىش بىلەن بىرگە كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئەمگەكچان، جاپادىن قورقمايدىغان بولغاچقا، تىجارىتى تېزلا روناق تېپىپ پۇلدار بولۇپ قالغان. 90 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قۇرۇق ئۈزۈم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1993 - يىلى كۈزدە 50 ئائىلىنىڭ 250 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئۈزۈمىنى نېسىگە ئېلىپ، تۇرپان شەھىرىدىكى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى نامىدىكى بىر شىركەتكە 40 مىڭ يۈەننى ئالدىن ئېلىپ، قالغىنىنى نېسىگە ساتقان. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ قويۇلۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن. ھازىر دەۋادا.

يىز ئىسمايىل xx بىلەن كۆرۈشكىنىمىزدە، ئۇ تولىمۇ چۈشكۈن ئىدى. ئۇنى چاقىرتىشىمىزدىكى مەقسىتىمىزنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى قىسقىلا سۆزلەپ بولدى قىلدى. قارىغاندا ئۇنىڭ ئىچىدىكى گەپلىرىنى، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىككە دۇچار بولغىنىنى سۆزلىگۈسى يوقتەك قىلاتتى. بىزمۇ ئۇنى ئارتۇقچە قىستاپ تۇرۇۋالمىدۇق.

بۇنىڭدىن بىر كۈن ئىلگىرى ئىسمايىل xx نىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ھەم ئاغىنىسى، «تۇرپان گېزىتى»دە ئىشلەيدىغان مۇھەممەت ھېكىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئىسمايىل xx نىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىۋالغانىدۇق.

ـ ئالدامچىغا قويۇلۇپ كەتكەن ئالتە يىلدىن بۇيان ـ دېدى مۇھەممەت ھېكىم سالماق ئولتۇرۇپ،ـ ئىسمايىل پۇلنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كۆپ چاپتى. تۇرپان شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى، ھەتتا تۇرپان ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىلىرىدىمۇ ئىسمايىلنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلدى. دېلونى ئىشلىدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇنىڭ ئەرزىنى ئون قېتىمغا يېقىن قوبۇل قىلدى. ئەمما ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىدىغان چاغدا، «پۇلنى كىم بېرىدۇ؟» دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە ھۆكۈم چىقىرالماي توختاپ قالدى. قارىغاندا ئۇ قويمىچىنىڭ ئالاقە تورى ناھايىتى كۈچلۈك ئوخشايدۇ، بۇنىڭغا ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىنمۇ بىرنەچچىسىنىڭ چېتىشلىقى بار ئوخشايدۇ، دېگەن گەپلەرمۇ بار. بۇنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان، بۇنىسى تېخى قاراڭغۇ.

ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋالاشتۇردى:

ـ ئىسمايىل قويۇلۇپ كەتكىلى ئالتە يىل بولدى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ تارتقان ئازابلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولدى، ھەتتا ئائىلىسىمۇ بۇزۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. ئاڭلىسام، ئۇ كوچىدا ماڭسىمۇ ئارامىدا ماڭالمايدىكەن، ئۈزۈمنى نېسىگە بېرىپ قويغانلار ئۇنى ئۇچۇقتىن ئوچۇق تىللايدىكەن، ھەتتا ئۇرغانلارمۇ بوپتۇ. ئۇنى ئەرز قىلغانلارمۇ ئاز ئەمەسكەن. بۇ بىرنەچچە يىل جەرياندا ئۇ ئۈزۈم ئالغان دېھقانلار بەزىسى ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۆيىدە پۇلغا يارىغۇدەكلا نەرسە بولسا ـ گىلەم، ئېغىلدىكى قوي، قول تراكتورى، تېلېۋىزورلىرىنى ئەپچىقىپ كەتكەن. بۇنىڭدىكى ھەممە سەۋەبلىكنى ئىسمايىلدىنلا كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇمۇ ياششى كىرەك ـ تە؟ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۈزۈم پىشقاندا قەرز ئىگىلىرى ئۇنىڭ ئۈزۈملۈكىدىكى ئۈزۈملەرنى تويۇقسىز كېلىپلا ئۈزۈۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. ئۈزۈمى قۇرۇسا، چۈنچىسىگە ئۆز ئالدىغا قولۇپ سېلىۋالغان. ئۇ بولۇۋاتقان ھەممە ئىشقا قول باغلاپ سۈكۈت قىلغان. كېيىن ئۇ كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈپ: «ئۆزۈڭلار كۆردۈڭلار، ئەھۋالىم مۇشۇ، مەن سىلەرگە پۇلۇڭلارنى بەرمەيمەن دېمىدىم، چوقۇم بېرىمەن، ماڭىمۇ ئىمكانىيەت بېرىڭلار» دېگەن. شۇندىلا ئەھۋال بىرئاز ياخشىلانغان. بۇ ئىش ھەل بولمىغانچە ئۇنىڭ پىغانى ئۆرلىدى. بىرنەچچە قېتىم بۇ ئىشنى نىيىتىنى بۇزۇپ بىر تەرەپ قىلماقچىمۇ بولدى. ھازىر ئۇ «بۇ پۇلنى قەتئىي ھەل قىلمىسام بولمايدۇ» دېگەن قارارغا كەلدى. يەنە توختىماي بۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چېپىۋاتىدۇ. ئاڭلىساق، يېقىندا بۇ ئىش ھەل بولماقچى ئىكەن، كېيىن قانداق بولىدۇ، بۇنىڭغا كەسكىن بىرنەرسە دېمەك تەس.

II

ئارخىپى: ئۆمەر xx ، 60 ياش ئەتراپىدا، ئىلگىرى پىچان ناھىيە لەمجىن بازارلىق تەمىنلەش كوپېراتىپىدا 40 يىلغا يېقىن مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ، بۇ جەرياندا تىرىشىپ ئىشلەپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، كوپېراتىپنى يىلدىن ـ يىلغا روناق تاپقۇزغان. كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوپېراتىپ بولۇپ باھالانغان. ئۆمەر xx 1995 ـ يىلى پېنسىيىگە چىقىپ، ئىلگىرى ئۆزى كوپېراتىپتا ئىشلەۋاتقان چاغدىكى خېرىدارلىرى ۋە تەسىر كۈچىگە تايىنىپ قۇرۇق ئۈزۈم تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. شۇ يىلى خېلى كۆپ پايدا ياراتقان. دېھقانلارغىمۇ پۇلنى نەق بەرگەن. 1996 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچلىك بولۇپ قالغان بۇ جىڭجۇلۇق سودىگەرلەر بىلەن 11 مىليون 140 مىڭ يۈەنلىك سودا قىلغان. سودىنىڭ دەسلېپىدە ناھايىتى ياخشى بولغان. كېيىن بۇ ئىچكىرىلىك كاززاپ سودىگەرلەر پۇلنى كېيىن بېرىدىغان قىلىپ 1 مىليون 280 مىڭ يۈەنلىك ئۈزۈمنى قويۇۋېتىپ تىكىۋەتكەن. شۇندىن كېيىن دەۋادا.

ئۆمەر ئاكىنى ئىزدەپ بارغىنىمىزدا، ئۇ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىز ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇ بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ



بەردى:

— مەن 40 يىلغا يېقىن ھۆكۈمەتتە ئىشلەپ، خېلى ياخشى تەسىر قالدۇرغان. ئىناۋىتىممۇ خېلى يۇقىرى ئىدى. 1995-يىلى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، جىم ئولتۇرغاندىن كۆرە سالامەتلىكىم يار بەرگەندىكىن ئازراق ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇشنى ئويلىدىم. بىزنىڭ بۇ لەمجىندە ئۆزۈم دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كاپالىتى. مەن كوپېراتىپتا ئىشلىگەن چېغىمدا ھۆكۈمەت نامىدىن ئۆزۈم سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئىچكىرىگە، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىپ ساتقاندۇق. قىسقىسى، مەن بۇ تىجارەتنى قىلىپ كۆرگەن، ئېپى - جېپىنى ئوبدان بىلەتتىم. مەيلى ئۈرۈمچىدە بولسۇن ۋە مەيلى ئىچكىرىدە بولسۇن، نۇرغۇن خېرىدارلىرىم، ئالاقە تورۇم بار ئىدى. شۇڭا دەم ئېلىشقا چىقىپلا بۇ ئىشنى باشلىدۇق. شۇ يىلى خېلى كۆپ پايدا ياراتتۇق. دېھقانلارغىمۇ نەق پۇل بەردۇق. 2 - يىلغا كەلگەندىمۇ دەسلەپتە ياخشى بولدى، جېڭجۇدىن كەلگەن خېرىدارلىرىمىز پۇلنى نەق ساناپ تۇردى. شۇنداق بولغاچقا كاللام شۇ چاغدا ئىشلىمىدىمۇ، ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىنى بىلمەي قاپتىمىز. ئۇلار بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىدە بىر - بىرىمىزگە ئىشەنچ تۇرغۇزۇلدى، دەپ 12 - ئايغا كەلگەندە 1 مىليون 128 مىڭ يۈەنلىك ئۆزۈمنى نېسىگە بېرىپ قويدۇق. ئۇلار «پۇلنى چاغاننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن كېلىپ بېرىۋېتىمىز» دېدى. ئۇلار شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. 3 - ئايدا بىز قويۇلۇپ كەتكەن ئۈچىمىز جېڭجوغا باردۇق، ئەمما ئۇ: «ۋاي، بىر ئايدىن كېيىن، ئىككى ئايدىن كېيىن...» دەپ ئاز - ئازدىن پۇل تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. شۇندىن كېيىن جېڭجوغا كۆپ قاتىردۇق، پۇلنىمۇ كۆپ خەجلىۋەتتۇق، ئانچە ئۈنۈمى بولمىدى. مەن نۇرغۇن ئائىلىنىڭ، دېھقاننىڭ بىر يىللىق كىرىمىنى قويىمچىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. ئىلگىرى تەسىر كۆچۈم، ئابرويۇم بولغاچقىمۇ، باشقىلارغا ئوخشاش كوچىلارغا چىقسام تىل - دەشنامغا قالمىدىم. ئەمما مەن شۇلارنىڭ ئالدىدا خىجىل، بۇ ئىشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ چىقىشقا تىرىشىۋاتىمەن. ئۆزۈممىزنى قويۇۋالغۇچىلار 3 - ئايدا بارساق «5 - ئايدا ئالدىڭلارغا بارىمىز» دەيدۇ؛ 5 - ئايدا بارساق «7 - ئايدا بارىمىز» دەيدۇ، كەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سوتقا ئەرز سۇندۇم. ئۈچ دەۋاگەر 1 مىليون 128 مىڭ يۈەن پۇلغا قويۇلغاندۇق. ھازىر 800 مىڭ يۈەن ئەتراپىدىكى پۇل شۇلارنىڭ گەدىنىدە تۇرۇپتۇ. ھازىر بەزى ئىشەنچلىك ئادەملىرىم يېنىمغا كېلىپ: «خېرىدارىڭ كۆپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈم سېتىشقا ياردەم بەرسەڭ بولمامدۇ» دېيىشىدۇ. ئۆزۈمنىڭ گېپى چىقسىلا نېرۋام چىچىلىپ كېتىدۇ، بۇ ئىشتىن چىقىپ كەتكەندەك تۇرىمەن. «قويۇڭلارچۇ، ماۋۇ ئىشنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىۋېتىپ ئاندىن قىلسام قىلىمەن» دەيمەن، بۇ يىل قارىساق ئۆزۈمنىڭ بازىرى يەنىلا بىرئاز كاساتتەك تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشىمىزنىڭ قۇيرۇقى كېسىلسىلا، يەنە خېرىدار تېپىپ كېلىپ دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتەرمەن، دېگەن ئويغا كېلىپ تۇرۇۋاتىمەن.

مېنىڭ تەجرىبەم: نەق سودا قىلغان ياخشىكەن، ئۇنىڭدىن باشقىسى بىكاركەن. بۇ زاماندا ئىشەنچلىك ئادەممۇ كۆپقۇ، ئەمما مانا مەن ئادەمگە زىيادە ئىشىنىپ كېتىشنىڭ زىيىنىنى تارتىۋاتىمەن.

**● بىر سودىگەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خېرىدارلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىشتىنمۇ ئارتۇق ئامەت بولمايدۇ. مەن سودىغا كىرىشكەن 15 يىلدىن بۇيان كەيپ - ساپاغا بېرىلمىدىم، كۈندۈزى سودا قىلسام، كەچلىرى سودىغا دائىر كىتاب - ماتېرىياللارنى كۆرۈپ بىلىمىمنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ باردىم. باشقىلاردىن ئاز، ئەرزان ئېلىپ ساتساممۇ نەق سودا قىلدىم. مېنىڭ خېرىدارلىرىمنى ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بىلىپ، سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىم ۋە نەق سودا قىلىش پرىنسىپىم مېنى ھەددەممۇ روناق تاپقۇزدى.**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# قاراڭ، بۇ سودىگەرگە!

بىز بۇ قېتىم زىيارەت قىلغىلى كەلگەن كىشى ماخمۇت مەترېھىم زامانىۋى سودا ئېڭىغا ئىگە، سودىدا يېڭىلىق يارىتىش روھى كۈچلۈك، نەق سودا قىلىپ زىيان تارتىپ باقمىغان، تۇرپان تەۋەسىدىكى گىگانت ئۈزۈم سودىگەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ بىزنىڭ كېلىش مەقسىتىمىزنى ئۇققاندىن كېيىن ئـۆزى، ئۈزۈم سودىسى ۋە ئۈزۈم سودىسىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا توختىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى:

ـ مەن ئىلگىرى تىككۈچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئاستا ـ ئاستا بازارغا يۈزلىنىپ تىككۈچىلىك دۇكىنى ئاچتىم. كېيىن قوشۇمچە رەخت ئېلىپ كېلىـپ ساتتىم. ئېلىم ـ بېرىمدا ئادىل، مېتىر، تارازىدا ساختىلىق قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن تىجارىتىم كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىشقا باشلىدى. 90 ـ يىللارغا كەلگەندە كىشىلەرنىڭ مـەندىن رەخت، توي بۇيۇملىرىنى نېسىگە ئالىدىغانلىرى كۆپىيىپ قالدى. پۇلنى سورىۋېتىشتىن كەلگەندە «ئۈزۈمنىڭ پۇلى كەلگەندە بېرىمىز» دېيىشتى. بۇنداق ئىش ناھايىتى كۆپ كىشىلەردە تەكرارلاندى. مەندە: «ئۈزۈم سودىسى زادى قانداق سودىدۇ؟ خەقنىڭ ئۈزۈمنى نېسىگە ئېلىۋېلىپلا بەرمەيدىغان، نـەق سودا قىلسا بولمامدۇ؟» دېگەن ئوي شەكىللەندى. شۇ جەرياندا خېلى كۆپ ماللىرىمىز نېسىگە بېرىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىرنەچچە ئۈزۈم سودىگىرىنى تېپىپ: «نېمىشقا دېھقانلارنىڭ پۇلىنى ۋاقتىدا بەرمەيسىلەر؟» دەپ سـورىـدىـم. ئـۇلار: «ئۈزۈم سودىسى دېگەن مۇشۇنداق سودىكەن، بىزنىڭ ئورنىمىزدا سەن قىلساڭمۇ شۇنداق قىلماي ئامالىڭ يوق، قېنى سەنمۇ قىلىپ باق، بىز كۆرىمىز» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا ئاچچىقىم تۇتۇپ قالدى: «توختاپتۇر، مەن قىلساممۇ مۇشۇنداق بولىدىغان قانداق سودىكەن ئۇ، نەق ئېلىپ، نەق ساتسام بولمامدىكەن، نېمىشقا ئۇنداق قىلغىلى بولمىغۇدەك؟» دېگەن ئويغا كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن 1992 ـ يىلى سىناق تەرىقىسىدە، 1993 ـ يىلى رەسمىي بۇ سودىنى قىلدىم. ئەسلىدە ئىش باشقا ئۈزۈم سودىگەرلىرى ئېيتقاندەك ئەمەسكەن. ئەينى چاغدا مېنىڭ بىرمۇ خېرىدارىم يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن دېھقانلار بىلەن نەقمۇ ـ نەق سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتىم. شۇ يىلى بۇ «يېشىل ياقۇت» مېۋە ـ چېۋە شىركىتىنى قۇردۇم. باشقا ئۈزۈم سودىگەرلىرىگە قارىسام دېھقانلاردىن ئۈزۈمنى سېتىۋالىدىكەن، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سۇپەت ئۆتكىلىنى ئۆتكۈزمەيلا تۇرۇپلا ناچىرى بىلەن ياخشىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، قارا قويۇق ئىش تۇتىدىكەن، سۇپەتكە قـەتئـىـي دىـقـقـەت قىلمايدىكەن. مەن بۇنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن: «سۇپەت ئۆتكىلى چىڭ تۇتۇلمىغان مـەھسـۇلات قـانداقمـۇ بـازار تاپالايدۇ؟ بۇ سودىغا بىرنەچچىدىن مەبلەغ جىق كەتسە؛ ئىككىچىدىن، ئۈزۈمنىڭ سۈپىتى ناچار تۇرسا، بۇنىڭدا قانداقمۇ بازار ئىگىلەپ، خېرىدار جەلپ قىلغىلى، پايدا ياراتقىلى، روناق تاپقىلى بـولسـۇن؟» دەپ ئـويلـىـدىـم. شۇنىڭ بىلەن پىچان نـاھـىـيـلـىـك تـاشقى سودا ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ، بۇ سودىنى «ئاز قىلسامىمۇ، سۇپەتلىك قىلاي» دېـگـەن نـىـيەتكە كەلدىم. شۇندىن كېيىن مەبلەغنى تۈجۈپلەپ ئىشلىتىپ، ئۈزۈمنى سۇپەتلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۈزۈمنىڭ ياخشىسى بىلەن ناچىرىنى ئىلغاشنى پىچان ناھىيىسى بويىچە تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويدۇم. بـۇنىڭغا نۇرغۇن ئادەم كۈچى، مەبلەغ، ۋاقىت سەرپ قىلدىم. ئەمما ئۈزۈمنى سۇپەتلىك قىلىشتا ئىزچىل چىڭ تۇردۇم، ئۇنى يۇقىرى سۇپەت ئۆلچىمىگە توشقۇزۇپ، ئۆلچەملىك يەشىكلەرگە قاچىلاپ تەييار قىلىپ قويدۇم. شۇ چاغقىچە خېرىدارىممۇ يوق ئىدى. ئەمما سۇپەتلىك، يـاخشـى ئـۈزۈمگـە چـوقـۇم خېـرىدار كېـلـىـدىـغـانلـىـقىغا قەتئىي ئىشىنەتتىم. دەسلـەپتە مەن بۇ ئۈزۈملەرنىڭ ھەر بىر كىلوگرامىنى 2 مودىن 3 موغىچە پايدىسىغا سـاتتىم، پايدا ئاز بولدى، لېكىن مېنىڭ بـىردىنبىر سودا پرىنسىپىم: بىر كىلوگرام ئۈزۈمنى ساتسامىمۇ نەق پۇلغا سېتىش ئىدى. ساتقان مالنىڭ پۇلىنى نەق ئالماي تۇرۇپ ئۇنى شىركەت دەرۋازىسىدىن چىقارمىدىم. بىردىنبىر دەيدىغان گېپىم: مېلىمنى ئەرزان ئالساڭمۇ مەيلى، لېكىن پۇلىنى نەق ئالىمەن. مۇشۇ سودا پرىنسىپى بويىچە ئىش تۇتۇپ، ھەرقانداق بىر كىشىگە بىر جىڭ ئۈزۈمنىمۇ نېسىگە بەرمىدىم. «مەنمۇ دېھقانلاردىن نەق



پۇلغا ئالدىم، ئالغۇڭ بولسا نەق پۇل ساناپ ئال» دېدىم. مۇشۇنداق قاتتىق سودا تۈزۈمى ئورنىتىپ سودا قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئىشىم روناق تېپىپ قالدى. 1994 - يىلغا بارغاندا مېنىڭ سودا قىلىش يولۇم، تۈزۈممىنىڭ سۈپەتلىك بولۇشى، خېرىدارىمنىڭ كۆندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقى ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىدىكىلەرنى قىزىقتۇرۇپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەن بىلەن 20 تونىنا سۈپەتلىك قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋېلىش توغرىسىدا توختام تۈزدى. مەن پۇلۇمنىڭ يېتىشچە دېھقانلاردىن ئۈزۈم ئېلىپ، 40 تونىنغا يېقىن ئۈزۈمنى ئىلغىتىپ، ئۆلچەملىك يەشىكلەرگە قاچىلاپ تەييار قىلىپ قويدۇم.

ئۈزۈمگە خېرىدار كېلىپ قالسىكەن دېگەن ئۈمىدتە كۈتۈپ تۇراتتىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنىڭ بېشىمغا تۇيۇقسىز ئامەت قۇشى كېلىپ قوندى. بىر كۈنى شىركەت ھويلىسىغا بىرنەچچە پىكاپ قاتارلىشىپ كىرىپ كەلدى - دە، تىزىپ قويۇلغان ئۈزۈملەرنىڭ يېنىدا توختىدى. پىكاپتىن بىرنەچچە چەت ئەللىك چۈشۈپ ئۇدۇل باردى - دە، يەشىكلەرگە قاچىلانغان ئۈزۈمنى ئېلىپ كۆرۈپ بېقىپ، بۇ ئۈزۈمنىڭ باھاسىنى سورىدى. مەن ئۈزۈمنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسىنى 15 يۈەن، دېدىم. بۇ باھا ئەينى چاغدا خېلىلا يۇقىرى ھېسابلىناتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار «مۇشۇ ئۈزۈمنى ئالىمىز» دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا خۇددا ئورۇنلاشتۇرغاندەكلا يەنە بىر چەت ئەللىك ئۈزۈم سودىگىرىمۇ كېلىپ قالدى. ئىككىسى بۇ ئۈزۈمنى تالىشىپ قالدى. ئەسلىدە بۇ چەت ئەل سودىگەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىقتىساد- سودا نازارىتىگە كېلىپ، «ئۈزۈمنىڭ چىققان يېرىنى كۆرۈپ باقايلى» دەپتۇ. نازارەتتىكىلەرنىڭ پىچان ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىسى بولغاچقا، ئۇلارنى پىچانغا ئېلىپ كەلگەنىكەن. ئۇلار يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، شىركىتىمنىڭ ھويلىسىغا يەشىكلەرگە قاچىلىنىپ تىزىپ قويۇلغان ئۈزۈملەرنى كۆرۈپ كىرگەنىكەن. مەن ئۇلارغا: «قايسىڭلار نەق پۇل بېرەلىسەڭلار، مەن شۇنىڭغا ئۈزۈممنى بېرىمەن» دەپ ئېيتتىم. ئۇلاردىن بىرى 1 مىليون يۈەن ئېلىپ كېلىپ: «ماڭا 150 تونىنا مۇشۇنداق سۈپەتلىك قۇرۇق ئۈزۈم لازىم. ئەگەر 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە تەييار قىلالىساڭ، ھەر كىلوسىنى 14.8 يۈەندىن ئالىمەن، ئەگەر 1 - ئاينىڭ 15 - كۈندىن بۇرۇن تەييار قىلساڭ 15 يۈەندىن ئالىمەن، ئەگەر ئۇ ۋاقىتقىچە تەييار قىلالماي 2 - ئايلارغا سوزۇۋەتسەڭ ھەر كىلوسىنى سەككىز يۈەندىن ئالىمەن» دېدى. مەن بۇنىڭغا قوشۇلدۇم. ئارىمىزدىكى توختامىمۇ شۇ بويىچە تۈزۈلدى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۈزۈم سېتىۋېلىش ۋە ئۇنى كارانتىن قىلىش، سۈپەتلىك ئوراش - قاچىلاشقا كىرىشىپ كەتتىم. شۇنداق ئالدىراش ئىشلەپتىمەنكى، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. شۇنداق قىلىپ بۇ 150 تونىنا ئۈزۈمنى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تاپشۇرۇپ بولدۇم. ئۈزۈمنىڭ سۈپىتىنى ئۇلارنىڭ مەخسۇس بىر ئادىمى ئۇدۇللۇق تەكشۈرۈپ تۇردى. مەن بۇ سودىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ بىراقلا خېلى كۆپ پايدىغا ئېرىشتىم. شۇندىلا ئۈزۈم تۇتقان سودا يولىنىڭ نەقەدەر يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ ۋاقىتتىكى قۇرۇق ئۈزۈم چېكىمىسۇ ئۇرۇلمىغان، تېز قۇرۇتۇش دورىسىغا چىلانمىغان تەبىئىي ئۈزۈم ئىدى. چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ كاللىسىدا: «مۇشۇ يەردە ئۈزۈمنى سۈپەتلىك ئىشلەيدىكەن» دېگەن ئوي شەكىللىنىپ قالغان چېغى، ئۇلار كېلەر يىللىقىمۇ كەلدى، ئاندىن كېلەر يىللىقىمۇ كەلدى. لېكىن كېيىن ئۇلار دېگەندەك تەبىئىي قۇرۇغان، خىمىيۋى دورا ئىشلىتىلمىگەن ئۈزۈم بۇ يەردە يوق بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا بۇ تەۋەدە ئۈزۈمگە چېكىمىسۇ ئۇرىدىغان، تېز قۇرۇتۇش دورىسىغا چىلايدىغان ئىش بىراقلا ئومۇملىشىپ كەتكەنىدى. چەت ئەللىكلەر «بۇنداق ئۈزۈمنى ئالالمايمىز» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن چەت ئەللىك خېرىدارلاردىنمۇ ئايرىلىپ قالدۇق.

بىر سودىگەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خېرىدارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىشتىنمۇ ئارتۇق ئامەت بولمايدۇ. مەن ئۈزۈم سودىسى قىلغاندىن بۇيان، دېھقانلارغا يالغان ۋەدە بەرمەي، نېسىگە ئىش تۇتمىغانلىقىم ئۈچۈن، دېھقانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋالدىم. باشقا ئۈزۈم سودىگەرلىرى دېھقانلارنىڭ ئۈزۈمىنى نېسىگە ئېلىۋېرىپ زار - زار قاقشىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈپ، دېھقانلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن قالغان ئەھۋال ئاستىدا، دېھقانلار يەنىلا ماڭا ئىشەنچ باغلىدى. مەنمۇ ئۇلارغا ئىشەنچ باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئۈزۈمىنى بىرەر قېتىممۇ نېسىگە ئېلىپ باقمىدىم. دېھقاننى قاقشىتىپ باقمىدىم. باشقا سودىگەرلەر ئۆزگىنىمۇ قىلدى، خەقنىڭ ئىشەنچىسىدىنمۇ قالدى. نېسى ئۈزۈم ئالغان سودىگەرلەر ئۆزلىرى دېھقاندىن نېسىگە ئۈزۈم ئېلىپ، باشقا سودىگەرلەرگىمۇ «كۆپ پايدا»سىغا نېسىگە سېتىپ، قۇرۇق پايدىنى كۆزلەپ، نۇرغۇنلىرى قويىمچىلارغا قويۇلۇپ ۋەيران بولدى.

قۇرۇق ئۈزۈم بازىرىنىڭ كاسات بولۇپ قېلىشىدا سۈپەت مەسىلىسىمۇ بار، تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۈزۈمگە چېكىمىسۇ ئۇرۇش بىلەن تېز قۇرۇتۇش دورىسىغا چىلاش ئىشى ئۈزۈم بازىرىنى كاساتلاشتۇرۇپ قويدى. بۇ ئىش تەشۋىقات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن تەشۋىق قىلىنغاندىن كېيىن ئۈزۈم بازىرىغا تېخىمۇ تەسىر

يەتتى. بۇ يىل ئۈزۈمنىڭ بازىرى قانداق بولۇپ كېتىدۇ؟ بۇنىسى تېخى قاراڭغۇ، لېكىن مېنىڭچە سۈپەتتە كاپالەتلىك قىلىنسىلا، ئۈزۈم بازىرىدا يەنىلا ئۈمىد بار، دەپ قارايمەن.

بىز ئەنئەنىۋى شەكىل بويىچىلا ئۈزۈمنى قۇرۇتۇش، ھۆل ئۈزۈم سېتىش بىلەنلا ئۈزۈمچىلىكىمىزنى راۋاجلاندۇرىمىز، بازار ئىگىلەيمىز، باي بولىمىز، دەپ ئۇخلاپ ياتمىساق بولاتتى. چۈنكى بىز ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلار ــ مەيلى ھۆل ئۈزۈم ياكى قۇرۇق ئۈزۈم بولسۇن، بەرىبىر خام ئەشيا. بىر چاغلاردا ھۆل ئۈزۈمدىن ئۈزۈم كونسېرۋاسىمۇ ئىشلەنگەنىدى، لېكىن كونسېرۋا ئىشلەش بىلەنلا كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىلىۋاتقان مەھسۇلاتنى بىر تەرەپ قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئىي سوغۇق ئىچىملىك قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش، زاۋۇت قۇرۇپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. لېكىن بىز يەنىلا نامرات، ھۆكۈمەت بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ. مەن قىلاي دېسەم، بىر زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور مەبلەغ كېرەك بولىدۇ. مەن 4 ـ 5 مىليون يۈەن ئازغىنە پۇلۇم بىلەن «يالغۇز ئاتنىڭ دېڭى چىقماس، دېڭى چىقسىمۇ چېڭى چىقماس» دېگەندەك ئەھۋالدا قالدىم.

مەن ئۆتكەن يىلى ئازراق زىيان تارتقاندىن كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ نۇرغۇن شەھەر ـ بازارلاردا تەكشۈرۈشتە بولدۇم، بازار ئەھۋالىنى كۆزەتتىم، تەتقىق قىلدىم. بىر قانچە چەت ئەل دۆلىتىگە چىققىنىمدىمۇ شۇنداق قىلدىم، ئېڭىم ئېچىلدى. زامانىۋى سودىغا نىسبەتەن ئىشەنچىم ئاشتى. «خەق قىلغاننى نېمىشقا بىز قىلالمايمىز؟» دېگەن سوئال ھەر ۋاقىت كاللامدىن كەتمىدى. شۇ جەرياندا مەن گۇاڭجۇدىكى سودىگەر ھەققەمسايىلىرىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شيامېن شەھىرىدىكى بىر سوغۇق ئىچىملىك زاۋۇتى بىلەن ئالاقىدە بولدۇم. ئۇ يەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم ھەم ئۇلارغا ئۈزۈمنىڭ سودا ئەھۋالىنى ۋە يۇرتىمىزنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكى، ئالاھىدە مەھسۇلاتنى تونۇشتۇرۇپ، ھەققەمسايىلىرىمنىڭ كاپالەت بېرىشى بىلەن ئۇلار بىلەن شېرىكلىشىپ، شىنجاڭدا بىر شۆبە زاۋۇت قۇرۇش ئويۇمنىڭ بارلىقىنى بىلدۈردۈم. ئۇلارمۇ شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتى، مەھسۇلاتلىرىنى تەپسىلىي سوراپ ياخشى ئىپادىدە بولدى. خۇدايىم بۇيرۇسا 10 ـ ئايدا ئۇ زاۋۇتنىڭ باشلىقلىرىنى پىچانغا تەكلىپ قىلىپ چىقىپ، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى، مەھسۇلاتلىرىنى كۆرسىتىمەن. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلىمەن، چوقۇم زاۋۇت قۇرۇپ، ئۈزۈمدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى مەملىكەت ئىچىگە، دۇنياغا تونۇتۇشقا تىرىشىمەن. بۇ زاۋۇت فۇجيەن، جياڭشى، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۈچ ئۆلكىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سوغۇق تەبىئىي ئىچىملىك ياسايدىغان، چەت ئەل بىلەن شېرىكلەشكەن، ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ 40 پىرسەنتىنى چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىدىغان، جۇڭگو تەۋەسىدىكى 36 شەھەردە ۋاكالىتەن سېتىش نۇقتىسى بار، مەملىكەت بويىچە چوڭ كارخانىلارنىڭ بىرى ئىكەن. مەن ئۇلارغا يۇرتىمىزنىڭ ئۈزۈم، قوغۇنلىرىنىڭ بازىرىقى ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردۇم، ئەگەر بۇ ئىش ھەل بولۇپ قالسا، ئىش ئوڭغا تارتقان بولىدۇ، يۇرتىمىزنىڭ ئۈزۈمىنى ھۆل پېتى يېرىمىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتەلەيدىمۇ، قالغان يېرىمى قۇرۇتۇلسا بازاردا قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالىمۇ ئازىيىدۇ، بازار ئەھۋالىمۇ ياخشىلىنىدۇ. بۇ ئىشقا چىڭ تۇتۇش قىلىۋاتىمەن، ئەمەلگە ئېشىپ قالسا تولىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى...

**● ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ ئۈزۈم بازىرى تەۋرەپ قالدى**

**● 1 مىليون يۈەنلىك ئېلاننىڭ ئۈنۈمى كىشىنى خۇشال قىلالمايدۇ**

**● كىشىلەر گاڭگىراپ قالدى**

**● ئۈزۈم سودىسىنىڭ چىقىش يولى ــ تېخنىكىلىق سۈپەت ئۆلچىمى، ئوراش، قاچىلاش، زىننەتلەش، ئېلان...**

## تۇرپان ئۈزۈمىنىڭ شورلۇق قىسمىتى قاچان ئاخىرلىشار؟

«يېپەك يولىدىكى مەرۋايىت ــ تۇرپان ئۈزۈم، مېۋە-چېۋە ماكانى، مۇنبەت تۇپراق، سۈپسۈزۈك سۇ تۇرپان ئۈزۈمىنى تاتلىق، ئۆزگىچە قىلغان». كىشىلەر 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 7 ـ قانىلىدا ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم بۇ يارقىن ئېلاننى كۆرەلەيدۇ. بۇ، تۇرپان ۋىلايىتى 1 مىليون يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا يەرلىك دېھقانلارنىڭ مېۋە-چېۋە سېتىشى ئۈچۈن ئىشلەپ بەرگەن ئۆزگىچە ئېلان.

تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، پىچاننىڭ قوغۇنى دۇنياغا داڭلىق بولسىمۇ، ھۆكۈمەت نېمە ئۈچۈن يەنە 1 مىليون يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئېلان ئىشلەتتى؟ تۇرپان ۋىلايىتى بۇ يىللا ئۈزۈمزارلىقنى 90 مىڭ مو، قوغۇنلۇقنى 80 مىڭ مو كېڭەيتكەن، لېكىن قۇرۇلمىنى تەڭشەش بىلەنلا دېھقانلارنى پايدىغا



ئېرىشتۈرگىلى بولمىغاچقا، ھۆكۈمەت 1 مىليون يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئېلان ئىشلىتىپ، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ تونۇشلۇقىنى كېڭەيتىشنى قارار قىلغان. تۇرپان بىلەن بازار ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق مەملىكەتتىكى، ھەتتا چەت ئەللەردىكى خېرىدارلارنىڭ سوپەتلىك ئۈزۈم، قوغۇن سېتىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەكچى بولغان.

ھالبۇكى، ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ تۇرپان دېھقانلىرىنى ئىقتىسادىي كىرىم بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كېلىۋاتقان قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ بازىرى بىردىنلا چىقماي قالدى. باھاسى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا، 1998 - يىلى ۋىلايەت بويىچە سېتىلماي بېسىلىپ قالغان قۇرۇق ئۈزۈم 5 مىڭ توننىغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى توڭلىتىش ئىسكىلاتلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قۇرۇق ئۈزۈم 2 مىڭ توننا ئەتراپىدا، تۇرپان شەھىرى بىلەن پىچان ناھىيىسىدىكى ئۈزۈم سودىگەرلىرىنىڭ قولىدا بېسىلىپ ياتقان قۇرۇق ئۈزۈم 3 مىڭ توننا ئەتراپىدا ئىكەن. سېتىلماي قالغان قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ 45 پىرسەنتى كىشمىش ئۈزۈم بولۇپ، ئۇنىڭ 40 پىرسەنتى كارانتىن قىلىش ماشىنىلىرىدا پاكىز قىلىپ ئىشلەنگەن، 40 پىرسەنتى ئادەم كۈچى ئارقىلىق پاكىزلانغان، 20 پىرسەنتى پاكىزلانمىغان. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بەزى ئۈزۈم خېرىدارلىرىنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، تۇرپان ئۈزۈمگە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم جايلاردا «تۇرپاننىڭ ئەخلىتى» دەپ قالپاق كىيدۈرۈلگەن.

قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ بازىرى نېمىشقا بىردىنلا كاساتلىشىپ كېتىدۇ؟

تۇرپاندىكى كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش، تەھلىل قىلىشلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە بولغان:

1. ئۆتكەن يىلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان زور كەلكۈن ئاپىتى خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن؛

2. مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان يېڭىچە ئىسلاھات دولقۇنى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش، ئۆي ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىششى، ئىستېمال بازىرىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغان؛

3. قۇرۇق ئۈزۈم ھازىرمۇ خام ئەشيا پېتىچە بازارغا سېلىنىۋاتىدۇ، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان زاۋۇتلارنىڭ ناھايىتى ئاز، تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشى سەۋەبىدىن، ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالماي سېتىلماي قالغان.

قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ ئۆتكەن يىلدىكى شورلۇق قىسمىتى ھەممە كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدى: ئەھۋال مۇشۇ پېتى كېتىۋېرەمدۇ؟

كىشىلەر تېگىرقاش ئىچىدە ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا دىققەت قىلماقتا. «ئىش مۇشۇ پېتى كېتىۋەرمەس» دەپ ئۆز كۆڭلىنى توق تۇتۇپ، ئۈمىدۋار ياشاۋاتقانلارمۇ، بىراقلا ئۈمىد ئۈزۈپ چۈشكۈنلىشىپ كەتكۈچىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. تۇرپان ۋىلايىتى 1 مىليون يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بېرىلگەن ئېلان قوغۇن بازىرىنى ئازراقمۇ جانلاندۇرالمىغاندەك قىلىدۇ. بۇ يىل تۇرپان دېھقانلىرى تېرىغان 80 مىڭ مو يەردىكى قوغۇننىڭ باھاسى بىراقلا چۈشۈپ كېتىپ، كىشىنى چۆچۈتەرلىك دەرىجىگە بېرىپ قالدى. ئەمدى كۈزلۈككە قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ بازىرى قانداق بولار؟

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ بۇ يىل 22 - ئاۋغۇست سانىغا بېسىلغان «تۇرپان ئۈزۈمنىڭ تەمى كەتتىمۇ؟» سەرلەۋھىلىك ماقالە كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغان بىرمۇنچە سوئاللارغا جاۋاب بەردى:

تۇرپان ئۈزۈمى شېرىن تەم ئېلىپ ۋايىغا يېتىپ پىشىدىغان ئالتۇن پەسىلدە رېئال بىر مەسىلە، تۇرپان ئۈزۈمدىن پەخىرلىنىدىغان شىنجاڭلىقلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى پىشقان پەسىلدە تۇرپان ئۈزۈمنى خەلقئارا بازارلارغا ئېلىپ كىرىشنى نىيەت قىلغان ئۈزۈم سودىگەرلىرىنىڭ ئۈزۈمنىڭ خەلقئارا بازارلاردا بازىرى چىقمىغانلىقىدىن بېشى قاتتى. تۇرپان ئۈزۈمى سېتىلماي قالدى، شىنجاڭلىقلار بۇنىڭدىن ئېغىر خۇرسىندى: تۇرپان ئۈزۈمنىڭ تەمى كەتتىمۇ؟!

بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە ئالماشتۇرۇش مەركىزى شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم ئۈزۈمچىلىك ئىشلىرى جەھەتتىكى بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلىرىنى ئامېرىكىغا چىقىرىپ، ئامېرىكىنىڭ ئۈزۈم يېتىشتۈرۈش مەركىزىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن كالىفورنىيە شتاتىدا ئۇلارنىڭ يېڭى ئۈزۈم سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئەھۋالى ۋە ئۈزۈم ھەققىدىكى تەتقىقات خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈردى. كالىفورنىيە شتاتلىق ئۈزۈمچىلىك كومىتېتى، ئامېرىكا قوشما شتاتلىق ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەتقىقات مەركىزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە كالىفورنىيە شتاتلىق يېڭى ئۈزۈم سورتلىرى تەجرىبە پونكىتىنى كۆرۈپ، پەن - تېخنىكىنى كەڭ كۆلەمدە تەدبىقلىماسلىق، بازار ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يېتەكلىمەسلىك - شىنجاڭنىڭ ئۈزۈمى بازار تاپالماسلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، سىياسىي كېڭەش تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ تيەنۋېن مۇنداق دېدى: ئامېرىكىلىقلار كىننو ئۈزۈمىنى قۇرۇتۇلىدىغان ئاساسلىق ئۈزۈم سورتى قىلىپ بېكىتىپ، كۆلىمىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىكەن. كىننو ئۈزۈمىنى يېتىشتۈرۈش شىركىتى قۇرۇپ، شۇ ئۈزۈمنىڭ تېلىنى تاۋارلاشتۇرۇپ تەمىنلەشكە مەسئۇل قىلغان؛ كېيىن ئۈزۈمنى ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىنىدىغان ئاساسلىق سورت قىلىپ بېكىتىپ، كېيىن ئۈزۈم سورتى تەجرىبە پونكىتى قۇرغان، بۇ پونكىت ئۈزۈم تېلى يېتىشتۈرۈش، ئۆستۈرۈشكە، ئۈزۈمگە رەڭ، تەم كىرگۈزۈش، ئۈزۈمنى ھۆل پېتى ساقلاش، توشۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تەجرىبە - تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل قىلىنغان. ئەمما ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۈزۈم تېلىنى كۆپەيتىش تېخنىكىسى قەلەمچە تىكىپ ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي باسقۇچتىلا تۇرۇۋاتىدۇ. مەلۇم بىر خىل ئۈزۈم سورتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئۈچۈن مۇناسىپ ئاپپارات تەسىس قىلىش دېگەندەك ئىشلاردىن سۆز ئېچىش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس.

ھەرقانداق ئىشلەپچىقىرىش بازارغا قاراپ ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئامېرىكىلىقلار ئۈزۈمچىلىكتە ئۈزۈمنىڭ سېتىلىش مىقدارى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئىنكاسىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىكەن، ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۈزۈم تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى، ئۈزۈمنىڭ تەمى، رەڭگى، دانىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە سورتىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، بازارنى باشلامچى قىلىپ ئۈزۈمچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغان. مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مو بېشى مەھسۇلاتىغا بولغان تەلەپ يۇقىرى بولمايدىكەن، ئادەتتە مو بېشى مەھسۇلاتى 800 كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدىكەن. ئۈزۈمنى ھۆل پېتى ساقلاش ۋە يۆتكەش ئىشىنى 65 مىڭ كۇب مېتىر مەھسۇلات ساقلاش ئىقتىدارىغا ئىگە «فوش» شىركىتى ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ ئۈزۈمچىلىكىمىزدە قارىغۇلارچە ئىش قىلىش ئەھۋالى نىسبەتەن ئېغىر ئىكەن، ئىشلەپچىقىرىشتا بازارنى باشلامچى قىلمايدىكەنمىز، قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ ياخشىسىنىمۇ، يامىنىنىمۇ رەڭگىگە قاراپ ئايرىيدىكەنمىز.

ئۆلچەملىك ئۆستۈرۈش ئامېرىكىنىڭ ئۈزۈمچىلىكىدىكى يەنە بىر چوڭ ئالاھىدىلىك ئىكەن، ئۇلار يەرنى تۈزلەپ ئۈزۈم تېلى يېتىشتۈرۈپ مېۋىسىنى يىغىۋالغانغا قەدەر بولغان پۈتكۈل جەريانىدا ماشىنا بىلەن مەشغۇلات قىلىدىكەن. ئۈزۈم تېلى ئېرىقلىرى تاناپتەك تۈز، كەڭ - تارلىقى ئوخشاش، ئۈزۈم تېلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەكشى ھەم رەتلىك ئىكەن. بىر مەيداندا پەقەت بىر خىل سورت ئۆستۈرۈلىدىكەن. شىنجاڭنىڭ ئۈزۈم تېلى يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى بىر قەدەر يىرىك، ئۈزۈم سورتلىرىمۇ ئارىلاش ئۆستۈرۈلىدۇ. قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ دانىسى، رەڭگى بىر خىل ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا ئۈزۈمنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قىيىن بولۇۋاتىدۇ.

ۋاڭ تيەنۋېن مۇنداق دېدى: كالىفورنىيىنىڭ ئۈزۈم تېلى يېتىشتۈرۈش شارائىتىغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغىنى شۇكى، ئۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى مۆتىدىل، تۆۋەن تېمپېراتۇرا 0 دىن يۇقىرى 8 گرادۇس بولۇپ، ئۈزۈم تاللىرىنى قىشتا كۆمەيدىكەن، شىنجاڭدا ئۈزۈم تاللىرىنى كۆممىسەڭ توڭلاپ قالىدۇ. پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى جەھەتتە بىزدە مەبلەغ يېتەرسىز، يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈشتە كۆلەم شەكىللەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بىز يەرلەرنى تۈزلەش، ئۈزۈملۈكلەرنى رەتلەش، سورت تاللاش، ئۈزۈم تاللىرىنى رەتلەش قاتارلىق ئىشلاردا تەدرىجىي كۆلەم شەكىللەندۈرەلەيمىز. ئۈزۈم تىجارىتىدە بازارنى باشلامچى قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈشنى تەتقىق قىلىپ، ئۈزۈمچىلىكنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك شارائىتىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۈزۈمىمىزنىڭ بازارلاردىكى ئورنىنى ئۆستۈرەلەيمىز.

## ئۈمىد شامى پىلدىرلىماقتا

ئۈزۈم سودىسىنىڭ چىقىش يولى قەيەردە؟ خۇلاسىلىغاندا، ئۈزۈم سودىسىنىڭ چىقىش يولى - تېخنىكىلىق سۈپەت ئۆلچىمى، ئوراش - قاچىلاش، زىننەتلەش، ئېلانغا ئەھمىيەت بېرىش بولۇپ قالدى.

دۇنيا ئۆزگىرىۋاتىدۇ، كىشلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ، سودا نازۇكلىشىۋاتىدۇ. قۇرۇق ئۈزۈم بازىرىنىڭ بىردىنلا كاساتلىشىپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرىمۇ، ئۈزۈمچى دېھقانلار بىلەن ئۈزۈم سودىگەرلىرىنىڭ سانىغا، مىقدارغا ئەھمىيەت بېرىپ، سۈپەتكە، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىگە يېتەلمىگەنلىكىدىن، ماسلىشالمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا، تۇرپاندا قۇرۇق ئۈزۈم پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرى ناچار، پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، پىششىقلانغان ئۈزۈمنىڭ رەڭگى تۇتۇق، تۈرى ئاز، قاچىلىنىشى ئاددىي بولۇپ، قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ سۈپىتى ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەي قالغان؛ ھەرقايسى قۇرۇق ئۈزۈم سېتىش بازارلىرىنىڭ تازىلىقى بەك ناچار، توپا - چاڭ، ئەخلەتلەر ئۈزۈم سېتىش بازارلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا دۆۋىلىنىپ كەتكەچكە، ئۈزۈم خېرىدارلىرىنىڭ ئۈزۈم سېتىۋېلىش ئاكتىپلىقىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەن.

ئۈزۈم - تۇرپاننىڭ كوزىر مەھسۇلاتى. تۇرپان قۇرۇق ئۈزۈمى پەقەت تۇرپانغىلا خاس بولغان ئالاھىدە كىلىمات ۋە تەبىئىي شارائىت ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا بىر مەزگىللىك بازارنىڭ كاساتلىشىپ قېلىشىدىن بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئىقتىسادىي قىممىتى بار بولغان مەھسۇلات ھامان ئىستېمالچىلار تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈپ قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ، ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدۇ. ھازىرقى ئۈزۈم بازىرىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىدىن قارىغاندا، تۇرپان دېھقانلىرى ۋە ئۈزۈم سودىگەرلىرى كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، مەھسۇلاتىنى بازار ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرمىسا بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. كىشمىش قۇرۇق ئۈزۈم تۇرپانغىلا خاس ئۈزۈم سورتى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئۆستۈرۈلۈشى ھەرقانداق ئۈزۈم سورتىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇ ئاساسەن قۇرۇتۇلىدۇ. مۇشۇنداق غايەت زور مىقداردىكى ئۈزۈمنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىمۇ ھۆل پېتى بىر تەرەپ قىلىنماي، قۇرۇتۇلۇۋەرگەچكە، بەزىدە بازار ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىكى تەبىئىي ئەھۋال. داڭلىق ئۈزۈم سودىگىرى ماخمۇت مەترېھىم ئېيتقاندەك، ھازىر ھەرقايسى ئائىلىلەردە توڭلاتقۇ ئومۇملىشىۋاتقاچقا، كىشلەرنىڭ ئىستېمالى تەبىئىي ھالدا سوغۇق ئىچىملىكلەرگە مايىل بولىدۇ، شۇڭا ئۈزۈمدىن ئېسىل سوغۇق ئىچىملىك تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش، بۇ ئارقىلىق ئىشلەپ چىقىرىلغان ئۈزۈملەرنى ھۆل پېتى خېلى كۆپ مىقداردا بىر تەرەپ قىلىۋېتىش، قالغانلىرىنى قۇرۇتۇپ بازارغا سېلىش - بۇ، ئەڭ ئاقىلانە تەدبىر ھېسابلىنىدۇ. مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق، بىردىنبىر قۇرۇق ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا تېخىچە بىرلىككە كەلگەن، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا ئېچىۋېتىلگەن، سۈپەت ئۆتكىلى چىڭ تۇتۇلغان بىر چوڭ كۆلەمدىكى بازارنىڭ قۇرۇپ بېرىلمىگەنلىكى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بۇ ئىشقا ھۆكۈمەت تېزدىن كۆڭۈل بۆلمىسە بولمايدىغان ھالغا يەتتى.


ئۈزۈم بازىرىدا ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ داۋالغۇش كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۈمىد شامى يەنىلا پىلدىرلىماقتا. مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتا سۈپەت ئۆتكىلى چىڭ تۇتۇلۇپ، قۇرۇلما تەڭشىلىپ، مەھسۇلات بازار ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلسا، تۇرپاننىڭ كوزىر مەھسۇلاتىنىڭ قايتا مىسلىسىز جانلىنىپ كېتىشىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ.

ئۈمىد شامى پىلدىرلىماقتا. ئۈزۈمچى دېھقانلار بازار ئۇچۇرىغا دىققەت قىلىۋاتقان، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئىچكىرىدىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ خېرىدار تەكلىپ قىلىۋاتقان بۇ پەيتتە، ئۈزۈم سودىسىنىڭ ئىستىقبالىدىن بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى تۇرپان دېھقانلىرى ئۈزۈم سودىسى ئارقىلىق بېيىغان، بۇندىن كېيىنمۇ بۇ ھەقىقەت ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.



(سۈرەتلەرنى **ئابلىز غوجامنىياز** تارتقان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تېيىپجان ھەققىدە تىلغا ئېلىنمىغان ھېكايىلەر

تۇرسۇن ئېلى

بۇ يىل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرى، جامائەت ئەربابى تېيىپجان ئېلىيوپ ۋاپاتىغا ئون يىل بولدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ شائىرنى قايغۇلۇق ھېسسىياتى بىلەن ئەسلىمەكتە. مەن تېيىپجان ئېلىيوپنى ھەر مىللەت خەلقىگە ئوخشاشلا ناھايىتى زور ئېتىقاد بىلەن ھۆرمەتلىگۈچىلەرنىڭ بىرىمەن. دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك نەرسە ئەمەلىي ھەرىكەتتۇر. ئەڭ كۈچلۈك تەربىيە ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىشتۇر. ئادەملەر ئۆزىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ھامان ئۆز مەنپەئىتىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەن ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ھالال نىيىتىدىن، راست سۆز، ئۈمىدۋار ۋە تىنىم تاپماي ئەمەلىي ئىشلەش روھىدىن ھەم ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش ئىرادىسىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەنىدىم. تۆۋەندە مەن ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بىر قىسىم ئىش ـ ئىزلىرىنى ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن.

## ئۈمىدۋار ئادەم

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئىسمى ماڭا كىچىكىمدىنلا تونۇش ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى، ماقالىلىرىنى ۋە ھاياتى ھەققىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىنى ئاڭلاپ يۈرۈپ، مەندە ئۇ كىشىگە نىسبەتەن بىر خىل ھۆرمەت ۋە ئېتىقاد تۇرغۇزۇلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ھەرقانداق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇنىڭ شېئىرىنى كۆرۈپ قالسام دەرھال ئوقۇپ چىقاتتىم، يادقا ئېلىۋالاتتىم. كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتىم. شۇ ئىش ھېلىمۇ ئېسىمدە. 1962 ـ يىلى ماي ۋەقەسىدىن كېيىن «ۋەتەننى سۆيۈش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەشۋىقات دۆيى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، يېزىلارغا ئەۋەتىلدى. مەن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»نى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگىنىمدە دېھقانلار قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇلار تەسىرلىنىپ تېيىپجان ئېلىيوپقا ئاپىرىن ئوقۇشتى. نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭدىن بۇ شېئىرنى يېزىۋالدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇنىڭ بۇ غەزىلى نۇرغۇن كىشىلەرنى چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلغان، غەزەلنىڭ رولى ھەرقانداق تەشۋىقات سۆزلىرىدىنمۇ چوڭ بولۇپ، ئاممىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى، ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرغانىدى.

1973 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۇ غۇلجا شەھىرىگە كەلگەندە، كىشىلەر ئۇنى قولدىن قولغا تەگمەي مېھمان قىلىشىپ كەتتى. شۇنداق سورۇنلارنىڭ بىرىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشتىم. مەن بۇ سورۇندىكى نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن بۇرۇن ئانچە تونۇشۇپ كەتمىگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر كۆرۈشۈشنى ئارزۇلاپ يۈرگەن تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇكېرىم خوجىلار بۇ سورۇندا بولغاچقا، سەل قورۇنۇپ، تارتىنىپراق ئولتۇرغانىدىم. ئۆي ئىگىسى ھەممىمىزنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئولتۇرۇش تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ چاقچىقى بىلەن باشلاندى. ئۇ ئولتۇرۇشتىكى ھەممە كىشىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. كەمتەر پوزىتسىيە تۇتاتتى. ئۇ مېنىڭ تارتىنىپ تۇرغانلىقىمنى بايقاپ، مېنى كۆپرەك چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلاتتى. ئەھۋالىمنى، تارىخىمنى، ئىشلىگەن

ئــورۇنلىرىمنى سورايتتى. گەرچە بۇ ئولتۇرۇشتىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن ئانچە تونۇشۇپ كەتمىگەنلەر بولسىمۇ، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇكېرىم خوجىلارنىڭ قىزغىن پاراڭ، چاقچاقلىرى ئارقىلىق بۇ سورۇن بىردەمدىلا ناھايىتى قىزىپ كەتتى. تېيىپجان ئېلىيوپ بىردە دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتسا، بىردەم چاقچاق قىلاتتى. بىردەم كۆپچىلىكنىڭ تەلپى بويىچە شېئىر ئوقۇپ، باشقىلارغا رومكا سۇناتتى. مەن بۇ ئاجايىپ قىزغىن ئولتۇرۇشتىن تەسىرلىنىپ قولۇمدىكى بىر رومكا ھاراقنى تېيىپجان ئاكىغا سۇنماقچى بولۇپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ سۆز باشلىدىم. سۆزۈمدە بۇ ئولتۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇكېرىم خوجىلار بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىمنى ۋە ئۇلارنىڭ مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئاخىرىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر چىن زىئاڭنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇدۇم:

ئالدىمدا كۆرمىدىم قەدىمكىلەرنى،
كەينىمگە قارىسام كېلەر ئادەم يوق.
ئويلىسام بەركەتلىك مۇشۇ دۇنيانى،
ياشلىرىم تۆكۈلەر قايغۇلۇق، مۇڭلۇق.

تېيىپجان ئېلىيوپ مەن سۇنغان رومكىنى «رەھمەت سىزگە» دەپ ئېلىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ماڭا جاۋابەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇدى:

بېشىڭغا ئېغىر كۈن كەلگەندە،
ئۆتۈپ كېتەر دېبان، سەۋر قىل،
پەلەك ئىشىن بىلىپ تۇر،
شۇڭا لايىق تەدبىر قىل.

ئولتۇرۇش بىرئاز قىزىغاندىن كېيىن بىر ياش شائىر ھەدەپ ئۆزىنى ماختىغىلى تۇردى. ئارىلىقتىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇمۇ تېيىپجان ئاكىغا بىر رومكا ھاراق سۇنۇپ، رومكىنى بىر كۇپلېت شېئىر بىلەن قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇ چاغدا تېيىپجان ئېلىيوپ ئۇنىڭ تەلپىنى قوبۇل قىلىپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇپ بەردى:

زامانىمىز بەختىنىڭ تېگى،
قۇياشقا ھەتتا ئەۋلادىمىز بار.
مەغرۇرلانماڭلار بوگۇنكى ئەۋلاد،
بۇ تارىخنىڭ بېتىدە بىز بار.

1983 - يىلى كۈزدە يازغۇچى ۋاڭ مىڭ بىلەن بىز بىر سورۇندا بولغىنىمىزدا، ۋاڭ مىڭ تېيىپجان ئېلىيوپ بىلەن مۇڭدىشىپ مۇنداق دېدى:

- سىز مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بەكمۇ كۆپ جاپا تارتتىڭىز، لېكىن ھەممىگە بەرداشلىق بەردىڭىز. ئەمما سىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىڭىزدىنمۇ ۋاپا كەلمىدى. بۇ سىزگە ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر كەلدى.

بۇ سۆزگە تېيىپجان ئېلىيوپ:

- راست ئېيتتىڭىز، ئۆزى قىزغىن سۆيىدىغان كىشىلەردىن چىققان ئادالەتسىز ئەيىبلەشلەر ئاچچىق بولىدىكەن، لېكىن كەڭ قورساقراق بولسىڭىز بۇنىڭغىمۇ چىدىغىلى بولىدىكەن. چۈنكى ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كېتىدىكەن، - دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

مانا بۇنىڭدىن بۇ ئادەمنىڭ قانچىلىك ئۇمىدۋار، كەڭ قورساق كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## سەنئەتنى خەلققە يېقىنلاشتۇرۇش

تېيىپجان ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلققە يېقىنلاشتۇرۇش، خەلقنى سەنئەتكە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېزا، قىشلاقلارغا بېرىپ مەدەنىيەتكە ئاساس سېلىش لازىم دەپ ئويلايتتى ۋە بۇ ئىشقا ئۆزى باشلامچىلىق قىلاتتى.

مەن غۇلجا شەھىرىنىڭ خەنبىڭ يېزىسىدا پارتكوم شۇجىسى بولۇپ تۇرغان مەزگىلىمدە، ئۇ مۇشۇ ھەقتىكى ئويلىرىنى ماڭا ئېيتىپ، مۇشۇ يېزىدا بىر ئىجادىيەت پونكىتى قۇرۇپ، يازغۇچىلارنىڭ دېھقان، چارۋىچىلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ تۇرمۇش ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىش، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلققە يېقىنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئاممىنى يېتەكلەش پىلانىنى ئېيتقانىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ ئويىنى تامامەن قوللايدىغانلىقىمنى، دېھقانلارمۇ بۇنىڭدىن خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. 1982 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل ئەھمەد، شارشېبېك ۋە ئىلىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بۇ يېزىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانىدا، تېيىپجان بۇ پىلانىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويدى. ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ بۇنى قىزغىن قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ يېزىغا ئۈرۈمچىدىن بىرقانچە يولداشلارنى باشلاپ كېلىپ بىر ئورۇننى تاللاپ سېتىۋېلىپ، ئىجادىيەت پونكىتى قۇردى ۋە 1983 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۆزى بۇ ئورۇندا بىر ئۆينى رېمونت قىلدۇرۇپ بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە تۇرۇپ، ناھايىتى گۈزەل قىلىپ باغچە ۋە گۈللۈكلەرنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە بۇ يېزىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نۇرغۇن ياردەم بەردى.

www.uyghurkitap.com



ئۇ، بۇ يەردە تۇرغان مەزگىللەردە دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە، خامانلارغا، ئېتىزلارغا، باغلارغا پىيادە باراتتى. نۇرغۇن دېھقانلار بىلەن سىرداشىپ، مۇڭدىشىپ يېقىن دوست بولۇشۇپ كەتتى. كەچلىرى تېيىپجان ئاكىنى يوقلاپ كەلگەنلەر قورۇ، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا تولۇپ كېتەتتى. تېيىپجان ئېلىيوپ ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ چاقچاق قىلىشاتتى. بىرنەچچە قېتىم ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە ئاساسەن دۇتار چېلىپ ناخشىمۇ ئېيتىپ بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئورۇن بارا - بارا دېھقانلارنىڭ ھېكايە ئېيتىپ، شېئىر ئوقۇپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان مەدەنىيەت سورۇنىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ سورۇندىن قايتقان كىشلەر ئەتىسى ئېتىزلاردا، تېيىپجاننىڭ كەمتەرلىكى، سەممىي، ئاق كۆڭۈللۈكلىكى، تالانتلىقى ھەققىدە تەرىپىنى قىلىشىپ بۇ ئادەم بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنىپ ئۆزىنى خۇشال قىلاتتى.

بىر كۈنى بۇ يېزىدىكى كىشلەر مەندىن تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ دوكلات بېرىشىنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلدى، مەن بۇ تەكلىپنى تېيىپجان ئېلىيوپقا يەتكۈزگىنىمدە، ئۇ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ يېزىدىكى 300 كىشلىك يىغىن زالىنى راسلىدۇق. بۇ خەۋەر تارقىلىپ كەتكەچكە، دوكلات بولىدىغان كۈنى زالغا ناھايىتى كۆپ ئادەم يىغىلىپ كەتتى. بىز تېيىپجان ئاكىنى باشلاپ زالغا كىرگىنىمىزدە زالغا پاتماي قالغان كىشلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىپ ئۇنى قارشى ئالدى. ئۇ سەھنىگە چىقىپ كۆپچىلىككە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەرگىنىدە كۆپچىلىك تېخىمۇ گۈلدۈراس چاۋاكلارنى چېلىپ، بۇ كىشىگە ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇ كۈنى تېيىپجان «ئانا ۋەتەن» دېگەن تېمىدا سۆزلەپ يۇگوسلاۋىيە، تۈركىيەلەردىكى زىيارەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئاخىرىدا «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» بىلەن «ئارچا» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى.

ئۇ بىر كۈنى بۇ ئىجادىيەت پونكىتىغا بىر رېزىنكە چاق ئېلىپ كېلىپ ھارۋا شوتىسى ياساتتى. مەن بۇ ئىشنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— سىزنىڭ چۈشىدىغان ماشىنىڭىز تۇرسا، يازغۇچىلار بۇ يەرگە كەلسىمۇ تۆۋەنگە بېرىش ئۈچۈن ماشىنىلار تۇرسا يەنە نېمە ئۈچۈن بۇ ھارۋىنى ياساتتىڭىز؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ:

— ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە، دەپتىكەن. بۇ ھارۋىغا بىر ئېشەكنى قېتىۋالساق، ئۆزىمىزمۇ دېھقان بولىمىز دەڭا، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئوڭاي سىڭىپ كېتىمىز، ماشىنا بىلەن ئايلىنىپ يۈرسەك ئۇلارنى ئۈركۈتۈۋېتەمىزمۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— بۇ ھارۋىغا ئېشەك ئالمىساقمۇ بولىدۇ، ئۆزىڭىز بولغاندىكىن، - دېدىم. چۈنكى ئۇنىڭ لەقىمى «ئۆكۈز» ئىدى. ئۇ:

— شوتىسىنى كىچىكرەك قىلىپ قويۇپتۇ دەڭا، بولمىسا ئېشەك ئالىدىغان پۇلنى دېھقان ئاغىنىلەرگە خەجلەپ بېرىپ، ئۆكۈز ھارۋىسى قىلىۋالساممۇ بولاتتى، — دېۋىدى، ھەممىمىز كۈلۈپ كەتتۇق.

لېكىن، كېيىنكى ئىشلار تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئارزۇسىدەك بولماي «بۇ ئىجادىيەت پونكىتى شەھەرگە يىراق» دېگەن باھانە بىلەن بۇ يېزىغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىلدى. 1985 - يىلدىن ئېتىبارەن بۇ ئورۇن تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن «خەنبىڭ يېزىلىق مەدەنىيەت مەركىزى» بولۇپ قۇرۇلۇپ، ياشلارنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەت ئورگىنى بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى بۇ ئىشنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولۇپ قالغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالغىنىمىزدا ئۇ ماڭا مەنىلىك قاراپ:

— ھازىر خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تەشنالىقى كۈچەيمەكتە. ئامما ھەقىقەتەنمۇ ئويغاندى، لېكىن بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىز بۇنى چۈشىنىپ يەتمەيۋاتىدۇ. تۆۋەننى يېتەكلەش جەھەتتە ئاز - تولا تىرىشچانلىق بولسىمۇ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى كەمچىل، شۇڭا سەنئەتنى خەلققە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاش كېرەك ئىكەن، — دېدى.

تېيىپجان ئېلىيوپ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا كەمتەرلىك ھەققىدە يېزىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىمۇ بۇ جەھەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. بوتۇلكا يېرىم بولسا شالاقشىيدۇ. كۈچلۈك ئادەملەرلا ھەممىشە ئاددىي - ساددا بولىدۇ. مەن بۇ ئادەمدىن مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ خىسلەتنى دائىم دېگۈدەك ھېس قىلىپ تۇراتتىم.

بىر كۈنى ئۇ ماڭا:

— تۆۋەننى ئارىلاپ كەلمەيمىزمۇ، — دېدى. مەن ماقۇل بولدۇم ۋە:

— ماشىنا بىلەن بارىمىزمۇ، قانداق؟ — دېۋىدىم.

— ياق، پىيادە بارىمىز، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— يول ئۇزۇن، ھېرىپ قالارسىزمىكىن، — دېسەم، ئۇ:

— سىز بىرىنچىدىن ئۈركۈپ تىكىۋەتمىسىڭىزلا، مەن ئېتىز ئارىلاپ ئوتلاپ كېتىۋېرىمەن، — دەپ كۈلۈپ كەتتى.

بىز بۇ يېزىنىڭ باشكۆۋرۈك كەنتىنىڭ سابىق ياچېيكا شۇجىسى روزاخۇن ئاكىنى يوقلاپ بارغىنىمىزدا، ئۇ ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ بىزنى ئۈزۈم، شاپتۇل ۋە ئەتكەن چايلار بىلەن كۈتتۈۋالغان بولسىمۇ يەنە كۆڭلى ئۇنىماي ماڭا:

— سىز بۇرۇنراق خەۋەر قىلىپ قويماي يامان سەت ئىش بولدى. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن، — دېگەندە، تېيىپجان ئۇنىڭغا:

— سىز ناھايىتى ياخشى كۈتتۈۋالدىڭىز، خىجىل بولماڭ. مەن تېخى سىلەرنى قۇرۇق يوقلاپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن خىجىل بولۇۋاتىمەن. مەن بۇگۈنكىدەك بۇنداق ئۇزۇقلىنىشنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن. شەكىلۋاز زىياپەتتىن بەكمۇ سەسكىنىمەن، — دېدى ۋە بۇ ئائىلە بىلەن مۇڭدىشىش ئارقىلىق روزاخۇن ئاكىنىڭ بەختلىك ئائىلىسىنى كۆرۈپ تەسىرلىنىپ ماڭا قاراپ:

— بىزمۇ مۇشۇنداق قېرىيمىزمۇ؟ نۇرغۇن ياشلار بۇنى ئويلىمايدۇ، ۋاپادارلىق مۇھەببەتنىڭ دائىمىي ئارزۇسى، — دېدى.

بىز بۇ يەردىن چىقىپ دۆڭمەھەللە كەنت ئەزاسى توختى ماموتنىڭ ئائىلىسىدە بولدۇق. ئۇ بۇ ئائىلىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن ئىلگىرى نامرات ئۆتكەنلىكىنى، ئۇ چاغدا شۇنچە ئەمگەك قىلسىمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلالماي رەھبەرلەرگە، گۇڭشېغا نارازىلىق سۆز قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن «كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» ۋاقتىدا «ئىشچىلار» كۇلۇبىدا كۈرەش، پىپەن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغانلىقى، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنلا بېيىغانلىقى، قالپاقتىنمۇ قۇتۇلغانلىقى، 1980 - يىلى يەنە شۇ ئىشچىلار كۇلۇبىدا 10 مىڭ يۈەنلىك ئائىلە بولۇپ تەقدىرلەنگەنلىكى، ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە نەمۇنىچى دېھقان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، «پەشتاختا» دەپ بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇدى. كېيىن بۇ شېئىر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئامما ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى تەسىر قوزغىدى.

ئۇ 1988 - يىلى كۈزدە ئىلدا ئېچىلغان «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي تەرجىمە» يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەندە، يەنە خەنبىك يېزىسىدا بولدى. ئۇ خەنبىك يېزا تەرەققىيات كەنتىنىڭ يېزا راۋىقىغا يېزىلغان:

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.


دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ ماڭا قاراپ:

— سىلەر بۇنى بۇ يەرگە يازمىساڭلارمۇ بولغانىكەن. چۈنكى مېنىڭ ئۇنداق تۆردىن ئورۇن ئېلىش لاياقىتىم يوق ئىدى، — دېدى. مەن:

— تېيىپجان ئاكا، بۇنى مەن يازدۇرۇپ قويىمەن. بۇ يەردىكى ئاممىنىڭ تەلىپى بىلەن بۇ كەنتتىكىلەر سىزنى ئەسلەش ئۈچۈن يازدۇرغان بولۇشى كېرەك، — دېۋىدىم، ئۇ ماڭا قاراپ چاقچاق ئارىلاش دەررۇ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

چىقىۋالسام راۋاققا،
قانداق قارايمەن باغقا.
يايراپ يۈرەتتىم پەستە،
چۈشۈپ ئېگىز - پەس ياقتا.
... ...

خەلقنىڭ سۆيۈشىگە سازاۋەر بولۇش يازغۇچى، شائىر ئۈچۈن ئالىي شان - شەرەپ، ئەلۋەتتە. مۇنداق ئالىي شان - شەرەپكە ھەممىلا ئادەم سازاۋەر بولالمايدۇ. پەقەت خەلقنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى قەيسەرلىك بىلەن ئىپادىلىگەن، خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دېيەلىگەن، خەلقنىڭ كۈلكىسىنى كۈلۈپ، يىغىسىنى يىغلىيالايدىغان كىشىلەرلا خەلقنىڭ سۆيۈشىگە نائىل بولالايدۇ. تېيىپجان ئېلىيوپ ئەنە شۇنداق شائىر ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئەمما ھەر قېتىم ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمدا بىر ئۈمىد ئۇچقۇنى كۆڭۈل كۆزۈمدىن نېرى كەتمەيدۇ. ئۇ مېنىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ ياشاشنىڭ بىر ئۈلگىسى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ پاك قەلبى، خۇشخۇي چىرايى، تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن جاپالىق مىنۇتلىرى كۆز ئالدىمدا تېخىمۇ قەدىرلىك بولۇپ خاتىرىلىنىدۇ.



www.uyghurkitap.com




## مۇقەددىمە ئورنىدا

بەزىلەر، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ستۇدېنتلار بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ستۇدېنتلىرى ئوخشاش بىر دەۋر، ئوخشاش بىر دۆلەتتە ياشىسىمۇ ئۇلارنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلىرى، ئۇلارنىڭ تەقدىرى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنداقمۇ ئەمەس.

ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇ ستۇدېنتلار ئۆزلىرىنى «بىلىملىك يېڭى بىر ئەۋلاد» ستۇدېنتلار، بىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندە جەمئىيەتنىڭ بىزگە نەقەدەر ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمىز، ئۆز قەدىر - قىممىتىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگۈسىگە خوجايىن بولىمىز؛ بىز مۇستەقىل ئىگىلىك تىكلىگۈچى، ئىگىلىك ياراتقۇچىلارمىز؛ بىز ۋەتەننى قۇتقۇزىدىغان بولغۇسى ياش، قابىل كارخانىچىلارمىز، دېگەندەك شوئارلار ئاستىدا پۈتكۈل جۇڭگو مىقياسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن «ستۇدېنتلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئويغىنىش ھەرىكىتى»نى قوزغاپ، ئادەمنى تاڭ قالدۇرارلىق ئەمەلىي ئىشلارنى قىلماقتا. بىزنىڭ ستۇدېنتلىرىمىزچۇ؟ ئۆگىنىشتە ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپنىڭ ھەيدەكچىلىكى بويىچىلا ئۆگىنىدىغان، تەقسىماتتا بىر تۇتاش تەقسىماتقىلا بېقىنىپ جەمئىيەتنىڭ ئىختىساسلىقلار ئېھتىياجى دائىرىسىگە كىرەلمەيدىغان ئەھۋاللار ئاساسىي سالماقنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئىچكىرىدىكى ستۇدېنتلاردەك ئۆز ئىقتىدارىنى ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇش شارائىتىدىلا يېتىلدۈرۈپ، مەنىۋى بايلىق بىلەن ماددىي بايلىقنىڭ ماس مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىۋاتقان، ئوقۇش بىلەن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئىگىلىك تىكلەشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقىۋاتقان، ئۆز - ئۆزىنى ھەرقايسى ئەمەلىيەت داۋامىدا تاۋلاپ يېتىلدۈرۈۋاتقان ستۇدېنتلىرىمىز يوقمۇ ئەمەس.

بىز بۇ ئەسىرىمىزدە مەكتەپتىكى چېغىدا ئۆزىنى بازار ئەھلىگە لايىقلاشقان ئىختىساس ئىگىسى قىلىپ تەربىيىلىگەن ستۇدېنتلارنىڭ ھايات يولىنى، ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى جاپالىق كەچۈرمىشلىرىنى سىپلىشتۇرما تەرىقىسىدە كىتابخانلىرىمىز ھۇزۇرىغا سۇنماقچىمىز.

### 1

### ئوكۇشسىزلىق ئىچىدىمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ستۇدېنتكا

**ئارخىپى:** جاڭ جۈن، قىز. 1992 - يىلى نەنياڭ شەھىرى بويىچە ئەڭ يۇقىرى نومۇر بىلەن چىڭخۇا داشۆنىڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. كۆپ قېتىم فىزىكا-ماتېماتىكا پەنلىرى بويىچە مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. مەكتەپتىكى ئوقۇش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغان. ئۇنىڭ ئاسپىرانتلىققا ئوقۇغۇسى بولسىمۇ بەزى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بېيجىڭدىكى مەلۇم بىر ئىستراخوۋانىيە شىركىتىدە ئىشلىگەن. كەسپچانلىقى ئالاھىدە كۈچلۈك بولغاچقا، كېيىن سودا گۇرۇپپىسى ئورگىنىنىڭ، سودا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلىقىغا تەيىنلەنگەن. يېقىندا

ئۇ ئىدارىسىدىكى دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ خارۋارد داشۆسىنىڭ سودا شۆبىۋەنىدە ئوقۇش ئىمتىھانىغا قاتنىششقا تەييارلىق كۆرمەكتە.

جاڭ جۈن ۋېجىك، ئاۋاق بولسىمۇ ئىرادىلىك قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئارانلا سەككىز كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كىچىككىنە خانىسىغا كىرسىڭىز، كىتاب جاھازىسىدىن تارتىپ ھەتتا كارىۋىتىغىچە ساپلا كىتاب - ماتېرىياللار بىلەن تولغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

ئۇ كىچىكىدىن تىرىشچان، ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى ئىدى. ھەرقايسى پەنلەر بويىچە ھەر خىل مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ كۆپ قېتىم مۇكاپات ئالغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى قوللايتتى، ئۇنىڭ كەيپىياتى ئوبدان بولسىلا مۇسابىقىلەردە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىش تەسكە چۈشمەيتتى. ئۇ بىر قېتىم پۈتۈن مەملىكەت بويىچە فىزىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ بىرىنچى بولدى. ھالبۇكى، مۇسابىقىگە قاتنىشىمەن، دەپ بېيجىڭ داشۆنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدى. 1992 - يىلى تەبىئىي پەن بويىچە ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدا ئۈچىنچى بولدى. ئۇ، نەنياڭ شەھىرى بويىچە بىرىنچى بولۇپ چىڭخۇا داشۆنىڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپىگە ئوقۇشلۇق ھالدا قوبۇل قىلىنغاندا، بۇنىڭدىن ئىپتىخارلانغان ۋە كەلگۈسىدە ئۆزىنى قانداق قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان كۈچلۈك ئىشەنچى ھەرقانداق ئىشتا مۇتلەق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىۋېرىدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. شۇڭىمۇ باشقا ساۋاقداشلىرى ئۇنى «سەن دېگەن تەلەيلىك، مۇۋەپپەقىيەت ساڭا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدۇ» دېيىشەتتى.

ئۇ، چىڭخۇا داشۆدە ئۆتكەن ھەر بىر كۈنلىرىدە ئۆز- ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، روھىنى تولدۇرۇپ باراتتى، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنەتتى، باشقىلار بىلەن ئۇچۇق - يورۇق پىكىرلىشەتتى، ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆز تەجرىبىسىدىن، ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزەتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىگە بولغان ھەر تەرەپلىمە ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەپ مەكتەپنىڭ سەنئەت ئۆمىكىگە ۋە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرىگە، ئىلمىي مۇھاكىمىلەرگە قاتنىشىپ يۈرۈپ ئاخىر سىنىپتىن تەسىرىنى مەكتەپكىچە كېڭەيتىپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ئۇنىڭ داشۆدىكى ۋاقتى بەكمۇ ئالدىراش ئۆتەتتى. شۇنداق بولغاچقىمۇ ئۇ، ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى دەسلەپتە ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلمىدى. دەرسلەر ئېغىر، جىددىي ئىدى. جاڭ جۈننىڭ بىر ياقتىن پۈت - قولى يەرگە تەگمەي ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە ۋە دەرس ئوقۇشقا توغرا كەلسە، يەنە بىر ياقتىن ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ، زىيادە ئالدىراشلىقتىن نەچچە قەۋەت ئېتىدىن چۈشۈپمۇ كەتتى.

شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بىرىنچى يىلى بىرىنچى دەرىجىلىك ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ كۆپلىگەن پائالىيىتىگە قاتنىشىپ ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

ئىككىنچى يىلى مەكتەپنىڭ مەملىكەت بويىچە ستۇدېنتلار ئارا ئىلمىي ماقالە ئوقۇش مۇكاپاتلىق مۇسابىقىسىگە قاتنىششقا تاللاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ توپتوغرا بىر مەۋسۇم دەرسكە قاتناشماي دېگۈدەك تەييارلىق قىلدى. نەتىجىدە ئوقۇش نەتىجىسى بىراقلا چۈشۈپ كەتتى، ھەتتا ئۇ، ماتېماتىكىدا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قايتىدىن ئىمتىھان بېرىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق ھار كەلدى، زەربە بولدى. سەۋەبى، ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ شۇ چاغقىچە نەتىجىسى ئىزچىل ياخشى بولۇپ كەلگەن، ھەتتا بىرەر قېتىم سىنىپ بويىچە ئالدىنقى ئۈچىنچى ئوقۇغۇچى قاتارىغا چۈشۈپمۇ قالمىغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا چىڭخۇا داشۆ ئىگىلىك باشقۇرۇش شۆبىۋەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئاساسلىق خادىم بولۇپ قالدى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى خىزمەتتە بارا - بار كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىشى، نورغۇن ئىجادىي، يېڭى پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى.

ئۇنىڭ ۋاقتى يەتمىگەچ كۈتۈپخانىغا كىرىدىغان قېتىم سانى ئازلاپ، دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ سۈپىتىمۇ چۈشۈپ كەتتى.

جاڭ جۈننىڭ ئەمدى ئۆزىنى سەگىتمىسە بولمايدىغان ۋاقتى كېلىپ قالغانىدى. مەكتەپنىڭ قائىدىسى بويىچە ئادەتتە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىنى ئىشلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى ياخشىلىرىنى تاللاپ، ئۇلارنى ئىمتىھان ئالمايلا ئاسپىرانتلىققا يوللاپ بېرەتتى. داشۆنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققاندا، ئۇنىڭ ئىشلىرى خېلى ئوڭۇشلۇق بولدى. نەتىجىسى خېلىلا يۇقىرىلاپ، 80 گە يەتتى. ھالبۇكى، بۇ نومۇر ئاسپىرانتلىققا يوللاپ بېرىشكە كۇپايە قىلمايتتى، ئۇنىڭدىن يۇقىرى نومۇر ئېلىش كېرەك ئىدى. ئۇ، تەشكىلىي يوسۇندا ئاسپىرانتلىققا يوللاپ

بىرىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، مەكتەپ ئاسپىرانتلىققا يوللاپ بېرىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سانىنى ئازايتىش، مۇبادا بىرەر پەندىن لاياقەتسىز بولۇپ قالغان بولسا ئۇنى قەتئىي ئويلاشماسلىق پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك ئۇستى - ئۇستىلەپ زەربە بولدى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى مەكتەپ رەھبەرلىرىگە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلىپ باققان بولسىمۇ ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىنمىدى، ئۇمۇ بۇنداق بولۇشنى خالىمايتتى.

بۇ قېتىمقى بەختسىزلىكتىن جاك جۇننىڭ بۇرنىغا سۇ كىردى، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويمىدى. چۈنكى يەنە بىر يىل ۋاقىت بار ئىدى، بۇ، ئۇنىڭ چىڭ تۇتىدىغان ياخشى پۇرسىتى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىشنى ئويلىدى. بىراق ئۇنىڭ تىزىملاتقىنى كومپيۇتېر كەسپى بولۇپ، ئەسلىدىكى ئوقۇغان كەسپى بىلەن ئارىلىقى خېلىلا چوڭ ئىدى. ئۇ، چۈشكىچە زېھنى ئوچۇق ۋاقىتنى ئاساسەن كومپيۇتېرغا ئائىت دەرسلەرنى ئاڭلاش، ئەمەلىي مەشغۇلات قىلىش، پروگراممىا تۈزۈش بىلەن ئۆتكۈزەتتى؛ ئۆزىنىڭ كەسپىي دەرسلىرىگە بولسا چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتنى ئاجرىتاتتى.

جاك جۇن پىلانلىق هالدا تازا ئوگۈشلۇق ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى. دەل شۇنداق ۋاقىتتا كۈتۈلمىگەن بىر كېلىشمەسلىك يۈز بەردى: ئۆيىدىن دادىسىنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ خەتەرلىك هالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. دادىسىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى يۈرەك كېسىلى بار بولۇپ، يۈرەك سوقۇشى نورمال ئەمەس ئىدى. ئۇ تېخى ئەمدىلا 53 ياشقا كىرگەنىدى...

جاك جۇن ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كەلگەن جىددىي تېلېگراممىغا ئاساسەن ئۆيىگە قايتتى. ئۇ، جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆستىدىكى دادىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ قولى هېچ ئىشقا بارمىدى، ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىنىڭ ئىشىنى ئويلاشقىمۇ ھەپىسىلىسى يوق ئىدى. دادىسىنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئاي ۋاقتى دادىسىنىڭ كېسەل كارىۋىتى يېنىدا ئۇنى بېقىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. دادىسى قىزىنى مەكتەپكە قايتىپ بېرىپ ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى. جاك جۇن روھىنى چۈشۈرمەستىن يەنە شۇ ئىمتاسلىققا، خاتىرجەملىككە چۆمگەن ئانا مەكتەپ قوينىغا قايتتى.

ئۇ كېلىپلا قاتتىق ئۆگەندى، بوش ئۆتۈپ كەتكەن ئىككى ئاي ۋاقىتنى تولدۇرۇۋالمىسا بولمايتتى. شۇغىنىسى، شۇ يىلى يىلنىڭ ئاخىرىدا، يەنى ئۇنىڭ ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىغا ئۈچ ھەپتە قالغاندا دادىسى قازا تاپتى...

ئۇ ئاخىر ئۆيىگە قايتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆرگىنى دادىسىنىڭ ئاللىقاچان سوۋۇغان يۈزى، مەڭگۈ ئېچىلماسلىققا يۇمۇلغان كۆزى بولدى. ئۇ ئۆيىدە بىر ھەپتە تۇردى. ئۇنىڭ ئازابلىق هالىتىنى كۆرۈپ چىدىمىغان ئانىسى ئۇنى مەكتەپكە قايتىپ ئىمتىھانىنى بېرىشكە زورلىدى. بۇ قېتىمقى ئىمتىھان ئۇنىڭ ھاياتىدىكى، ئۇنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەمما ئېچىنارلىق، شۇنداقلا ئەڭ كۆڭۈلسىز بەرگەن ئىمتىھان بولدى. ھە دېسىلا دادىسىنىڭ سىماسى ئۇنىڭ كاللىسىغا سىغدىلىپ كىرىۋېلىپ ئارام بەرمەيتتى، دادىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلسىلا ئىچ - ئىچىدىن يىغا تۇتۇپ كېتەتتى... بەلكىم ئۇ بۇنداق زەربىلەرگە كۆپ ئۇچرىمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، دادىسىنىڭ دەردىدە مىجەزى پەسلەپ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتەتتى.

جاك جۇن ئىمتىھاننى تۈگەتتى - دە، نەتىجىسىنىڭ چىقىشىنىمۇ كۈتۈپ ئولتۇرماستىن ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ يالغۇز قالغان ئانىسىغا ھەمراھ بولدى. ئاتىسى باشقارما دەرىجىلىك كادىر، ئانىسى بولسا كېسەللىك سەۋەبىدىن پېنسىيىگە چىققان كادىر ئىدى. جاك جۇن نەتىجىسىنى بىلمەي تۇرۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش ئارزۇسىنىڭ كۆپۈككە ئايلانغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغانىدى. ئۇ ئەمدى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن بىر خىزمەت تېپىشى كېرەك ئىدى. مانا شۇندىلا نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەر، جۈملىدىن، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسى ھەل بولاتتى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا ئاز بولمىغان ئىدارىلەر ئۇنى تالاشتى، بۇ ئىدارىلەر ئارىسىدا چىڭخۇا سىگۇڭ، موتورولا، ستوڭ، لىيەنشاڭغا ئوخشاش داڭلىق شىركەتلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىش ئورنى ياخشى بولسىمۇ جاك جۇن ئۇلارغا قىزىقمىدى.

ئوقۇش پۈتكەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇشتىن باشقا مۇناسىۋەتسىز پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ ۋاقتىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋەتكىنى ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈندى. ئۇ چاغلاردا ھەتتا بىرەر پارچە كىتابنى ئوقۇپ تۈگەتكۈدەكمۇ ۋاقىت ئاجرىتالماي ئاۋارە بولۇپ كەتكەن ئەمەسمىدى. ئۇ كىتابقا قايتىپ كەلدى، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئۆز بىلىملىرىنى تولۇقلاپ باردى.

شۇنداق قىلىپ، جاك جۇن ئاخىر ئىستراخوۋانىيە شىركىتىنى تاللىۋالدى. چۈنكى ئۇ يەرنىڭ خىزمىتى يۇقىرى كىرىمگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ئەڭ مۇھىمى خەتەرلىك دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، كۆپ تەۋەككۈلچىلىك

روھى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارنى ئاساس قىلدىغان ئورۇن ئىدى.

گەرچە بۇ ئۇنچىۋالا ئارزۇلاپ كەتكۈدەك خىزمەت بولمىسىمۇ تاپقان پۇلىنىڭ بېرىلىدىغان پىرسەنتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇزاق قالمايلا ئۇ نورغۇن پۇل يىغالايتتى.

1996 - يىلى ئۇ ئەپسۇسلۇق ۋە ھەسرەت ئىلكىدە چىڭخۇا داشۆدىن ئايرىلىپ، جۇڭگو ئىستراخوۋانىيە شىركىتى بېيجىڭ تارماق شىركىتىگە كىرىش ئالدىدا. مەكتەپتىن ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك يەنە «چوقۇم قايتىپ كېلىپ بىلىم ئاشۇرىمەن» دەپ نىيەت قىلدى.

جاڭ جۇن سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىگەن دەسلەپكى ئۈچ ئېيىدا 400 يۈەندىن ئىش ھەققى ئالغان بولسىمۇ ئۈچ ئايدا تاپقان ئومۇمىي سۇغۇرتىسى ھەققىنىڭ 50% شېرىنكانە تەرىقىسىدە ئۇنىڭغا قايتۇرۇلدى. شۇنداقلا ئۇ رەسمىي خادىم قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

ئۇنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەندە، ئالغان مائاشى ئۆزىنىڭ نورمال تۇرمۇشىنى قامداشقا ئارانلا يېتەتتى. بىراق ئۇ دەسلەپكە ئۈچ ئاي ئىچىدىلا شىركەتكە بىر مىليون 700 مىڭ يۈەن تېپىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا بۇ خىزمەتنى داۋاملىق قىلىش ئىشەنچىسى تۇغۇلدى.

ئەمما بۇنداق ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۆپ پۇل ئوڭاي قولغا كەلمىدى. دەسلەپكى بىر ئايدا، ئۇ بىرمۇ ئابونت تاپالمىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا ئىشلەشكە باشلىغانلار ئىچىدە ئۇنىڭ نەتىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، 440 يۈەنلىك ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمدە بېرىلىدىغان تۇرمۇش پۇلىنى ئارانلا ئالالىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈزى تۆكۈلگەندەك بولۇپ ، روھى بەك چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ھەتتا بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈشنىمۇ ئويلىدى. ئۇ، بۇ خىزمەتنىڭ تولىمۇ قىيىنلىقىنى، ئۆزىدە بولسا ناتونۇش خېرىدارلارنى جەلپ قىلىدىغان بىرئازمۇ ئىقتىدار يوقلۇقىنى ھېس قىلدى.

سودا بۆلۈمىدىكى يېڭىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن مەسئۇل كىشى قويۇلاتتى، مەسئۇل كىشىنى مۇنداقچە ئېيتقاندا «يېتەكلىگۈچى مۇئەللىم» دېيىشكىمۇ بولاتتى.

جاڭ جۇننىڭ يېتەكلىگۈچىسى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭ مەسىلىسى ھەققىدە كۆيۈنۈپ سۆزلىدى. ئۇ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: «بىز بۇ مەسىلىنى بىرلىكتە ئامال ئىزلەپ ھەل قىلايلى» دېدى.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. جاڭ جۇن ئۇنىڭ سەممىي ياردىمى ئارقىسىدا ئاستا - ئاستا بۇ ئىشقا كىرىشىشكە باشلىدى. ئۇ ئابونتلار بىلەن ئۇچراشقاندا، سۆزلەۋاتقان چۈشەندۈرۈشلىرىنى يېتەكچىسى بىر ياندا كۆزىتىپ تۇراتتى. ئىدارىگە قايتىپ كەلگەندە ئۇلار ئويچە مەشىق ئېلىپ باراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشاتتى.

ئىككىنچى ئېيىنىڭ بىرىنچى ھەپتىسىدە ئۇ، ئىستراخوۋانىيىگە قاتنىشىش تالونىدىن ئاران بىرىگە قول قويدۇرۇپ كەلدى. ئۇ پېنسىيىگە چىققان بىر پروفېسسورغا سەۋرچانلىق بىلەن سۆزلەپ يۈرۈپ تەسىرلەندۈرگىنىدىن بولغانىدى. ئۇ، بۇ قىزغا شۇنداق دېدى:

— قىزىم، مەن پۇل مۇئامىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئادەممەن، ئىستراخوۋانىيە ھەققىدە مۇنچىلىك چۈشەندۈرۈپ كەتمىسىڭىزمۇ بەش قولدەك ياخشى بىلىمەن. بۇ توختامغا قول قويۇشۇم ھەرگىز باشقا بىرى ئۈچۈن ئەمەس، سىزنىڭ جاسارىتىڭىز ۋە تىرىشچانلىقىڭىزدىن تەسىرلەنگىنىمدىن بولدى. ياخشى ئىشلەڭ، سىز چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغۇدەكسىز.

بۇ بىر پارچە توختام ئۇنىڭ كېيىنكى تىرىشچانلىقى ئۈچۈن تۈرتكە بولۇپ قالدى.

جەمئىيەت كۆپ قۇتۇپلۇق ئۇنىۋېرسال گەۋدە، ئۇ ئەمدى چىڭخۇا داشۆسىدىكىدەك ئۆزىنى خالىغانچە نامايان قىلىۋېرسە بولمايتتى. نىشان ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ بۇ مۇرەككەپ جەمئىيەتنى ئىگىلىدى.

ئۇنىڭ مەكتەپتە ئۆگەنگەنلىرى پۇختا بولسىمۇ ئىستراخوۋانىيە بىلىملىرىنى تولۇقلىمىسا بولمايتتى، ئۇ تاش مېجەز بولغاچقا قىسقا مۇددەتتىلا مال سېتىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ بولدى.

يېتەكچىسىنىڭ كەسپىي روھى ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىدىكى سودا روھىنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان نورمال مۇناسىۋىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ «خىزمەتدىشىمىزدىن بۆلەك ھەممە كىشى خېرىدارىمىز» دېيىدىغان قاراش بويىچە مۇئامىلە قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇچراشمىغان ئادەملىرى، خېرىدارلىققا ئۇندىمىگەن ئادەملىرى ئاز قالدى. ئۇ، بۇ ئارقىلىق جۇڭگودا ئادەمنىڭ، ئۇنىڭ خېرىدارلىرىنىڭ ھەقىقەتەن كۆپلۈكىنى، خىزمەتداشلىرىنىڭ بەكمۇ ئازلىقىنى بىۋاسىتە ھېس قىلىپ يەتتى.« شۇنچە نۇرغۇن خېرىدارلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دوستلىرىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىدىن قورقىمەن» دەپ ئويلىغان جاڭ جۇن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرنىڭ ئىشىكىنى قورقماستىن چەكتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇ ھەر بىر خېرىدار ئالدىدا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سەممىيەت ئارقىلىق ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قەلب ئىشكىنى چېكەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ مۇشۇ خىل تىرىشچانلىق، مۇشۇ خىل جان پىدالىق بىلەن ئىشلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئىشقا كىرىشكەن ئىككىنچى ئېيىدا ئىستراخوۋانىيىگە قاتنىشىش توختامىدىن يۈز مىڭ يۈەنلىك تارقىتىپ بولغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەيلا قالدى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئۇنۇمگە ئېرىشىپ، ئىدارە بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا قول قويمىغان، ئۇنىڭغا ھەيران بولمىغان ئادەم قالمىدى.

ئۇنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەشكە باشلىغان ئۈچىنچى ئېيىدا ئۇ، ناھايىتى چوڭ بىر ئىشنى قىلدى، يەنى يەنشەن خىمىيە سانائىتى كارخانا گۇرۇھىنىڭ بارلىق خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ھەممىسىنى كوللېكتىپ ھالدا ئۆمۈر سوغۇرتىسى ئىستراخوۋانىيىسىگە كىرگۈزۈشتەك زور ئىشنى ئورۇندىدى. مۇشۇ بىر ئىش بىلەنلا ئىستراخوۋانىيە شىركىتىنىڭ شۇ بىر يىللىق ئاساسىي ۋەزىپىسى ئورۇنلانغان بولاتتى.


ئەلۋەتتە، ئۇ بۇنداق ياخشى پۇرسەتكە تاسادىپىي ئېرىشىپ قالمىغانىدى. يەنشەن خىمىيە سانائىتى كارخانا گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى جاڭ جۈنىڭ يېقىندىن تەرەققىي قىلدۇرغان ئابونتى ئىدى. ئۇ كىشى بۇ قىزنىڭ قىزغىن، سەمىمىي مۇئامىلىسىدىن، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدىن تەسىرلەنگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىدارىسىدىن ھەقىقەتەن رازى بولغانىدى. شۇڭا ئۇ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىدارىدىكى 12 مىڭ كىشىنى ئۆمۈر سوغۇرتىسى ئىستراخوۋانىيىسىگە قاتناشتۇرۇشقا ھەمكارلاشتى.

بۇ بىر ئىستراخوۋانىيە تارماق شىركىتى ئۈچۈن ھەقىقەتەن كىچىك تۆھپە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ ئىشتىن كېيىنلا سىناق خادىمدىن رەسمىي خادىملىققا قوبۇل قىلىندى.

جاڭ جۈن ئۆزىنىڭ ئابونتلىرىنى، بولۇپمۇ تۇنجى ئابونتى بولغان ھېلىقى پېشقەدەم پروفېسسورنى ھەرگىز ئۇنتۇمايتتى، ھېيت - بايراملاردا ئۇنى ئالاھىدە يوقلاپ تۇراتتى. شۇ جەرياندا ئۇ يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا پېشقەدەم پروفېسسورلار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولدى.

بازارنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئۇنىڭدا كەسپىي جەھەتتە يۈكسىلىش بولدى. بۇنىڭ بىلەن شىركەتتىكىلەر ئۇنىڭ ئورنىنى يېتەكچىلىككە ئۆستۈردى.

يېڭى كەلگەنلەرنى يېتەكلەش، ئۇلاردا ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش ھەقىقەتەن تەس ئىش ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ



ئۇ يېتەكلىگەن بىرنەچچە يېڭى خادىملار ستوك لىفاڭ شىركىتىنىڭ ئۆمۈر سوغۇرتىسى توختامىنى قولغا كەلتۈردى.

جاڭ جۈن ئالتە ئاي ئەنە شۇنداق جاپالىق ئىشلەپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى مېۋىسىنى كۆردى: بىرىنچى بولۇپ سانتانا — 2000 ماركىلىق كىچىك ماشىنا، ئىنادىن بىر يۈرۈش ئۆي سېتىۋالدى. ئۇ يېتەكچى بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا كىرىدىغان شېرىنكانە زور دەرىجىدە كۆپەيگەنىدى.

شىركەت سودا بۆلۈمىنىڭ تاپاۋىتى ئىزچىل تۇردە ياخشى بولغاچقا، ئۇ ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا شىركەت قارىمىقىدىكى خەيدىڭ رايونىنىڭ سودىغا مەسئۇل دىرېكتورى، شۇنداقلا جۇڭگو ئىستراخوۋانىيە شىركىتى بېيجىڭ تارماق شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. ئۇنىڭ ھازىرقى يىللىق مائاشى 200 مىڭ يۈەن.

ئۇ ئىككى يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىستراخوۋانىيە كەسپىنىڭ چەكسىز ئىستىقباللىق كەسىپ ئىكەنلىكىنى تونۇش بىلەن بىرگە، ئىشلىگەنچە ئۇنىڭدا بىر خىل كرىزىس تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەن پۇل مۇئامىلە ئىستراخوۋانىيە دەرسلىكى ھازىرقى ئىستراخوۋانىيە ئەمەلىيىتىدىن كۆپ يىراقتا قالغانىدى. ئىستراخوۋانىيە شىركىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن چوڭقۇر، كەڭ دائىرىلىك بىلىم بولۇشى، ئۇنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇ، بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن ھە دېسە

كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەت يېتىلدۇردى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىلىمنى تېخىمۇ بېيىتىش ئۈچۈن ئىدارىدىن ئۈچ ئايلىق رۇخسەت سوراپ GMAT ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، خارۋارد سودا شۆبىسىدە ئاسپىرانتلىقتا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىستراخوۋانىيە ئىنژېنېرلىقىدا ئوقۇش ئارزۇسىدا يانماقتا.

جاڭ جۇن ئۆزى تېخى ئەمدىلا 25 كە كىرگەن بىر قىز بولسىمۇ ئەنە شۇنداق زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھالبۇكى، ئۇ ئۆزىنى تېخى «مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم» دەپ قارىمايتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى بىلىم ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچ-قۇدرەتكە تولدۇرۇشى، چەت ئەلگە چىقىپ بىلىم ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە «پەقەت كۈچلۈك، غالىب ئادەملا بۇ دۇنيادا ياشاپ قالالايدۇ، پەقەت غالىب، كۈچلۈك ئادەملا جەمئىيەتنىڭ، رېئاللىقنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماس ھالدا ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارالايدۇ» . ئۇ ئۆزى ھەققىدە توختىلىپ: «ئەگەر مەن چەت ئەلدە ئوقۇماي بىكىنمىچىلىك بىلەن مۇشۇ بىلىمىم، مۇشۇ سەۋىيەمنى ساقلاپ ئۆتۈۋەرسەم بەش يىلغا قالمايلا كېرەكسىز بىراك مالغا ئايلىنىپ قالىمەن» دەيدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ، كۈندە سەھەردە ئىشقا چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە شۇ كۈنلۈك خىزمەت پىلانى بولىدىغانلىقىنى، كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە شۇ پىلانلىرىنىڭ بىرمۇ بىر ئورۇنلانغىنى، كۈنلۈك ھوسۇلغا ئېرىشكىنى ئۈچۈن ئۆزىدە بىر خىل ئىشەنچ ۋە رازىمەنلىك، خۇشاللىق تۇيغۇسىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، مانا بۇ ئادەت ئۆزىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن بىر شوتا بولۇپ بەرگىنىنى ئېيتىدۇ.

ئۇ يەنە شۇنداق دەيدۇ:

تونۇگۈنكى كۈن ئۆتۈپ كەتتى، بىراق بۈگۈننى چىڭ تۇتۇش مۇۋەپپەقىيەت شوتىسىنى تۇتقانلىق بىلەن ئوخشاش.

بۈگۈننى چىڭ تۇتساڭ، كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىدىغان بىر جۈپ قاناتقا ئېرىشكەن بولىسەن.

ئەتىنى چىڭ تۇتساڭ، سەن پەرۋاز قىلماق بولغان بىپايان ئاسمانغا ئېرىشكەن بولىسەن!

## 2

## ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا ئىگىلىك تىكلەشكە كىرىشكەن ستۇدېنتلار

**مۇخبىر ئىزاھى:**

ئۇلارنىڭ شىركىتى سىرتى ئەينەك بىلەن بېزەلگەن ھەشەمەتلىك بىناغا جايلاشقان بولۇپ، 70 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان قوبۇلخانىغا كىرسىڭىز، ئىككى مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى كىتاب جاھازىسىنىڭ ھەر تۈرلۈك كىتابلار بىلەن تولغانلىقىنى، گېزىت جاھازىسىدا ئون خىلچە گېزىتلارنىڭ رەتلىك تىزىلغانلىقىنى كۆرىسىز.

قوشنا ئىشخانا كەسپىي بۆلۈم بولۇپ، ئون يېرىمچىلىق شىرەسى قويۇلغان، ھەر بىر شىرەدە بىردىن تېلېفون. بۆلۈمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر شىرەدە ئىككى فاكس، سول تەرەپتىكى شىرەدە ئىككى كومپيۇتېر، تېلېفون، خەت باسقۇ (پرىنتېر)، نۇسخا ئالغۇ (ساۋمياۋيى)، كومپيۇتېرنىڭ ياڭراتقۇسى، Modem ... زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر. بىراق دىرېكتور ليۇ جۇنگە قارىسىڭىز تېخىچە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ پۇرىقى كەتمىگەن.

بۇ شىركەتنى ئىككى ستۇدېنت داشۆدىكى چاغلىرىدىلا بىرلىكتە ئاچقان...

ئۇلار خەلق داشۆسىنىڭ 1998 - قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرى.

**مۇخبىر:** سىلەر ئىككىڭلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بەش ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا بۇ شىركەتنى قۇرۇپ چىقىپسىلەر، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭ جەريانىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ، جۈملىدىن مەن سىلەرنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە ئايلىق كەچۈرمىشىڭلارنى تەپسىلىي ئاڭلاشقا قىزىقىۋاتىمەن. ئىككىڭلار ئامال بار كونكرېت، تەپسىلىيرەك بىرنىمە دەپ بەرگەن بولساڭلار.

**ليۇ جۇن:** مەن خەلق داشۆسىنىڭ مالىيە پۇل مۇئامىلە شۆبىسىدە، چيەن جۇن بولسا سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش شۆبىسىدە ئوقۇغان. بىز ياخشى دوستلاردىن. داشۆگە چىقىپ تۆتىنچى يىلىنىڭ ئالدىنقى مەۋسۇمىدە، بىز بەزى تۈرلەرنى ئويلاشقانىدۇق. بىراق بۇ تۈرلەر بىز ئۈچۈن تازا تونۇشلۇق ئەمەس ئىدى. ئۆزىمىزنىڭ قول سېلىپ ئىشلىگۈمىز بولسىمۇ، ئالدىنقى بىر مەۋسۇملۇق ۋاقتىمىز باشقا بىر دوستىمىزنىڭ يېنىدا پراكتىكا قىلىش، ئۆگىنىش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. شۇ مەۋسۇم ئاخىرىدا ئىككىمىزنىڭ كاللىسىدا بۇرۇن ئايدىڭ بولمىغان بەزى تۈرلەر ئايدىڭلاشتى، بۇنىڭ بىلەن بەزى تۈرلەرنى ئىشلەشنى مۇقىملاشتۇردۇق. باھار بايرىمى مەزگىلىدە بىز مۇدەتتىن بۇرۇن قايتىپ كېلىپ، بۇ تۈرلەر بويىچە دەسلەپكى قەدەمدە ئىش باشلىدۇق. بۇ چاغدا بىز شائىخەيدىكى بىر دوستىمىزنىڭ مەلۇم نىسبەتتىكى ئىقتىسادىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈردۇقتە، شىركەتنى رويخەتكە ئالدۇرۇشقا كىرىشتۇق. بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ئۆتۈلىدىغان دەرسلىرىمىز بىرمۇ قۇر ئۆتۈلۈپ تۈگىگەن بولۇپ، بوش ۋاقىت خېلى كۆپ چىقاتتى. بىز ئىككىمىز

www.uyghurkitap.com



شۇنچە چوڭ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ يىرىمىنى ئايلىنىپ قېزىۋەتتۇق، شىركەتكە مۇۋاپىق يەر تاپالماي ئاخىر مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇق. بۇ يەرنىڭ ئىجارىسى بەك ئۆرە. باشقا تەرەپتىنمۇ ئەرزان يەرلەرمۇ چىقاتتى، بىراق بىزنىڭ مەكتەپكە بولغان مېھرىمىز چوڭقۇر بولغاچقا، مەكتەپتىن يىراقلاپ كەتسەك چوڭ بىر يۆلەكمىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك، مەغلۇپ بولىدىغاندەك تۇيۇلدى. رويخەتكە ئالدۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى خەلق داشۆسىدىكى بىر مەكتەپداش دوستىمىز 20 كۈندەك قاتراپ يۈرۈپ بېجىرىپ بەردى. بىز دەسلەپكى كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالىمىز دەپ ئالدىراشلىقتا پۇت ـ قولىمىز يەرگە تەگمەي قالدى.

**چيەن جۈن:** بىز ئىش باشلىغاندا بۇ چوڭ ئىشخانىدا ئەمەس، ئون نەچچە كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كىچىك ئىشخانىدا ئىدۇق. ئىش ئۈستىلىمىز، ھەتتا ئورۇن سافالىرىمىزغىچە ھەممىسىلا كونا نەرسىلەر بولۇپ، بىر شىركەت كۆچۈپ كېتىدىغاندا 500 يۈەنگە سېتىۋالغانىدۇق. بۇ نەرسىلەر كونا بولغىنى بىلەن پۇختا ئىدى. شۇ چاغدا قولىمىزدا ئاران 30 مىڭ يۈەنلا پۇلىمىز بار ئىدى. ئىجارىنىڭ ئۆزىگىلا 10 مىڭ يۈەندەك پۇل كېتەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن شۇ چاغدا 12 مىڭ يۈەننى ئاپىرىپ ئىجارىگە تاپشۇرىدىغاندا ئۇلارنىڭ كاسسىرى ماڭا ئىنتايىن ئىچ ئاغرىتىپ:

– بۇ پۇلنى ئىككىڭلار بىر ئۆمۈر يىغىپ ئاران تاپقان بولغىيدىڭلار، ئوقۇغۇچىلارغا ئاسان ئەمەستە! ـ دېگەنىدى.

بۇ پۇللارنى راستىن ئېيتقاندا بىز ئۆمۈر بويى يىغمىغان بولساقمۇ، بىز ئۇچۈن بەك تەستە تېپىلغانىدى. بىراق بىز بۇ چاغدا يەنىلا خۇشال، روھىمىز كۆتۈرەڭگۈ ئىدۇق. خەققە بىز پۇل بېرىۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى بىز پۇل تېپىۋاتقاندەك يەنىلا خۇشال تۇيغۇدا ئىدۇق.

ئىشخانىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن بىز ئىككىمىز ئىشلارنى بۆلۈشۋالدۇق. ليۇ جۈن شىركەتنىڭ قالدى رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش بىلەن، مەن رەڭلىك باسما ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدۇق.

**ليۇ جۈن:** ئەينى چاغدا، ھەر خىل كېرەكلىك چىقىمنىڭ ئۆزىلا 20 مىڭ يۈەندىن ئاشاتتى. بانكىدىكى ئاچقان ھېسابات نومۇرى ئۈچۈن 8 مىڭ يۈەن كېتەتتى. بىز بىرىنچى ئېيىدا سالغان مەبلىغىمىزگە قازان قاينىمايتتى. ئىككىنچى، ھەتتا ئۈچىنچى ئېيىدىمۇ شۇنداق بولدى. شۇڭا ئامالسىز چىشىمىزنى چىشىمىزغا چىشلەپ ئۆتۈۋاتاتتۇق. بىز سولغىمۇ، ئوڭغىمۇ، ئارقىمىزغىمۇ قاراشتىن قورقاتتۇق. پەقەت ئالدىمىزدىلا ئازغىنە ئۈمىد نۇرى باردەك تۇيۇلاتتى.

**چيەن جۈن:** داشۆگە كەلگەندە، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ چوڭلۇقىدىن بىر يەرنى ئىزلەپ تېپىشمۇ ئاسان ئەمەسكەن، دەپ ئويلىغانىدىم. خېرىدار تېپىشقا توغرا كېلىۋىدى، قارىسام، بېيجىڭ شەھىرىمۇ ئۇنچىۋالا چوڭ ئەمەستەك تۇيۇلدى. 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ھەر ـ ھەر جايلارنى ئوقۇۋاتقاندا كۆرۈپمۇ باقماپتىكەنمىز، مانا ئەمدى شۇنچە باس ـ باس ئاپتوبۇسلارغا ئولتۇرۇشقىمۇ كۆزىمىز قىيمايدۇ، ئايلىق ئاپتوبۇس بېلىتىنىڭ ئىككىمىزگە كۆپ ياردىمى تەگدى.

**ليۇ جۈن:** بىزنىڭ بازاردىن بەش يۈەنلىك تەييار تاماقنى يېگەن چاغلىرىمىزمۇ بار، بىراق قېتىم سانى بەكمۇ ئاز. سىرتتىن تاماق يېيىشكىمۇ كۆزىمىز قىيمايدۇ. بىر قېتىم، بىر خېرىدارنى ئىزلەپ بارغانىدىم، ئۇ يىغىن ئېچىۋېتىپتۇ، چۈش بولاي دېدى، تاماق ئېتىپ يەيدىغانغا قايتىپ كېتەي دېسەم، ئارىلىق يىراق، بېرىپ ـ كېلىشكە گۈڭ كۆتۈرمەيدۇ، ئىشىم ئاقماي چۈشتىن كېيىنگە قالدى. چۈشتە ئۇندا ئايلىنىپ ـ بۇندا ئايلىنىپ ئاخىر بىر ئاكسىيە سودىسى زالىغا كىرىپ بىر ئورۇنغا جايلاشتىم ـ دە، ئېكرانغا قاراپ ئولتۇرۇش بىلەن شۇ كۈنلۈك بىر ۋاخ تاماق ئىشتىھاسىنى ئەتەي بېسىپ ئولتۇردۇم. مېنىڭ تاماق يېيىشىمگە بولمايتتى، چۈنكى مەن چۈشكىچە بىر قاچا تاماققا تۇشلۇقمۇ ئىش قىلالمىغانىدىم.

**چيەن جۈن:** شۇ چاغلاردا بىز ھېرىپ ھالىمىزدىن كېتەتتۇق، كۈندۈزى خېرىدار تېپىش بىلەن، كەچتە ھەر خىل ھۆججەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتۇق. شۇنداقتىمۇ روھىمىز كۆتۈرەڭگۈ، خۇشال ئىدۇق. ئىشتىن چۈشۈپ ئىككىمىز ھەر كۈنى بىر سائەت سۆزلىشەتتۇق، نېمىدە قىيىنىلىۋاتقىنىمىز، قانداق بوشاڭلىق بولۇۋاتقىنى، بىزدە قانداق روھىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتقىنى ھەققىدە پىكىرلىشەتتۇق. پىكىر ئالماشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئەمدىكى مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىشنى ئويلىشاتتۇق. بۇنىڭ بىلەن ئەتىسىدىكى ئىشلىرىمىز خېلىلا ئوڭۇشلۇق بولاتتى. ئىگىلىك يارىتىشتا ياخشى ماسلىشىدىغان بىرىنىڭ بولۇشى بەك مۇھىمكەن. غەرب ئاقىللىرى «ئازابىڭنى تارتىشىپ بېرىدىغان بىرىنىڭ بولۇشى بەخت» دەپ بىكار ئېيتماپتۇ. بىسىم مەلۇم مەنىدىن ئادەمگە بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولىدۇ، بىراق بۇنداق بېسىم ئېشىپ كېتىۋەرسە، يېنىڭدا كۆڭلۈڭدىكىدەك، سېنىڭ كەمچىلىكىڭنى تولۇقلىغۇدەك بىر ھەمراھىڭ بولمىسا، بۇ بېسىم ئادەمنى نابۇت قىلىپ تاشلايدۇ. ئەگەر ئۇ يالغۇز بولۇپ قالغان بولسا، ياكى ئۇ بولماي مەن يالغۇز بولۇپ قالغان بولسام، بۇ بېسىمغا بەرداشلىق بېرىش مۇشكۈل ئىدى.

بىز دىسلەپتە تۇتقان تۇر 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئىشلىتىدىغان بارلىق ئەسلىھەلىرىمىزنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ ئىدى، بىز كۆپ تەرەپتىن چەكلىمىگە ئۇچرايتتۇق، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىز ھالەتتە ئىدۇق. ھەپتە ـ ھەپتىلەپ باش كۆتۈرمەي ئىشلەيتتۇق، ئاخىر ئۇ تۇرنى تۈگىتىپ، ئۇھ دېگەن كۈنى سەھەر سائەت تۆت بولغانىدى. بىز شەرقىي قوۋۇقتا بېرىپ باسما ماتېرىيالنىڭ ياڭزىسىنى چىقاردۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن باسما زاۋۇتقا يوللىدۇق. شىركەتكە قايتىپ كەلگەندە ئاللىقاچان كەچ سائەت سەككىز بولۇپ قالغانىكەن، خۇايۇەنسۈن (گۈلستان) كەنتىدىكى ئۆتۈشمە كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قارىساق، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلارنىڭ چىراغلىرى جىرىلىشىپ قالغانىدەك، ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلارمۇ بىزنى ھاياجانغا سېلىۋاتقاندەك بولدى. گەرچە، شۇ چاغدىكى بانكا ھېسابات نومۇرىمىزدىكى پۇللار باسما ھەققىگىمۇ چىقىش قىلمىسىمۇ، بىز شۇ مىنۇتتا پۈتكۈل دۇنيا بىزنىڭ قولىمىزدىكىدەك، بېيجىڭ شەھىرى بىزگىلا تەئەللۇقتەك ھېس قىلىشتۇق. بىرىنچى تۇر تۈگىگەندە قارىساق، كىرىمى بىزنىڭ مۆلچەرىمىزدىكىدىن ياخشى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خادىملارنى كۆپەيتتۇق. بىزنىڭ ئادەم ئېلىش پرىنسىپىمىز، كۆپ خىزمەت تەجرىبىسى بولمىسىمۇ، مۇھىمى، قىزغىنلىقى ۋە چىداملىقلىقى بولۇش ئىدى. بىز خادىم قوبۇل قىلىش ئېلانى چاپلىغاندا، «بىز خادىم ئالمايمىز، بەلكى ياخشى ھەمكارلاشقۇچى ئالىمىز» دەپ يازغانىدۇق. شۇڭا بىرىنچى تۇركۇمدىكى، ھەتتا ئىككىنچى تۇركۇمدىكى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ستۇدېنتلار بولدى.

**مۇخبىر:** بۇنى مەنمۇ كۆردۈم، ئۇلار شۇنداق ياش، تېخى ئوقۇغۇچىلىق پۇرىقى كەتمىگەن باللار ئىكەن. سىلەرنىڭ قۇرامىڭلار ئوخشاشكەن، بىراق باشقۇرۇش جەھەتتە قانداق قىلىۋاتقىنىڭلارنى بىلمىدىم.

**لىيۇ جۈن:** بىزنىڭ بۇ خىزمەتداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا ئۇنداق داڭلىق داشۆلەرنى پۈتتۈرگەن ئەمەس. بىراق ئۇلارنىڭ ساپاسىغا داڭلىق داشۆلەرنى پۈتتۈرگەنلەرمۇ يېتەلمەسلىكى مۇمكىن. ئىگىلىك يارىتىش شەكلىنى ئالغان بۇنداق بىر شىركىتىمىز ئۇلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەر جەھەتتىن پايدىلىق. بىرىنچىدىن، ئۇلار نوپۇسنىڭ تاللاش چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. بۇ تەرىپى بەك مۇھىم. ئوقۇش پۈتتۈرسە، كەسىپلەرنى تاللايدىغاندا ئوقۇغۇچىلارغا نوپۇسنىڭ تەسىرى بولىدۇ. بېيجىڭدا قېپقالالمىغانلىرى بۇ يەردە بىر ئىش تېپىپ ئىشلەش ياكى ئىگىلىك يارىتىشنىڭ پېيىدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە نوپۇسنى پەقەت كەسىپ ۋە ئىدارىلا مۇۋاپىق تەڭشىيەلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار داڭلىق داشۆلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدۇ، ھەر بىر قەدەمنى ئويلىشىپ پۇختا باسىدۇ، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى باشقا ئوقۇغۇچىلار ھامان يۇقىرى بولىدۇ. بىزگە قايسى داشۆنى پۈتتۈرگەن، نېمە كەسىپ ئوقۇغان، قانچىلىك تەجرىبىسى بارلىقى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنىڭ قانداقلىقى مۇھىم ئەمەس، ئىش دېگەننى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ، تۇرلەرنى ئېپى بار كىشىلەرگە تۇتقۇزۇش مۇھىم. شۇڭا تەجرىبىسىنىڭ بولماسلىقىدىن قورقماي، قىزغىنلىقىنىڭ، تىرىشچانلىقىنىڭ بولماسلىقىدىن قورقىمىز. باشقۇرۇش يېقىدىن ئالغاندا، شىركىتىمىزنىڭ تۈزۈمى ئۇنچىۋالا چىڭ ئەمەس، يەنىلا ئۇلارغا ئادىمىي تۇيغۇدا بولۇۋاتىمىز. تېخى نۇرغۇن تۈزۈملىرىمىز مۇكەممەل شەكىللىنىپ بولالمىدى.

بىز بۇ تۇتقان ئىشنىڭ ئىستىقبالى پارلاق بولىدىغىنىغا ئىشىنىمىز، بۇرۇن ئۇلارنىڭ مائاشى يۇقىرى بولمىغان بولسىمۇ بۇنى بىر خىل ياخشى تەييارلىق باسقۇچى دېيىشكە بولىدۇ... بەلكىم پات ئارىدا بىز يۇقىرى مائاش بېرەلىشىمىز مۇمكىن. بۇ ھالەتتە ئېرىشىشىمىز تامامەن ئۇلارنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى ۋە ئىزلىنىشىگە باغلىق. بىز ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئاڭلىق يوسۇندا «كەسپىي دائىرە» بەلگىلەپ، ھەر بىر دائىرىدىكى ھالقىلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى مۇستەقىل ئىشلەش، ئېچىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردۇق.

شىركىتىمىزنى ئاددىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، تۇرلەر شىركىتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ، مانا شۇ تۇرلەرنىڭ خوجايىنى. شىركەت بىلەن تۇر ئوتتۇرىسىدا پاي تۈزۈمى ئەمەلىيلەشكەن...

بىز «مۇقىم بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايمىز، بەلكى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىمىز» دەپ يۈرۈپ باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدۇق، بۇمۇ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ياخشى ئۈنۈم بەردى.

**مۇخبىر:** ئەمدى داشۆدىكى ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇشىڭلارنى سۆزلەپ بەرگەن بولساڭلار، چۈنكى سىلەر ئىككىڭلار تېخى داشۆنى پۈتتۈرۈپ بولماي تۇرۇپلا شىركەت ئاچقان، قانچىلىك روھىي تەييارلىقىڭلار بار ئىدى ۋە ئىككىڭلارنىڭ قەلب تارىخىڭلار قانداقراق ئىدى، بۇنىسى بەك مۇھىم.

**چيە جۈن:** ئوتتۇرا مەكتەپتە دەرستە ياخشى ئىدىم، بىرقەدەر ئەلا دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا، داشۆ دېگەننىڭ قانداق بولىدىغىنىنى بىلمەيتتىم، ئۇنى بەكلا مۇقەددەسلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە «بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرسىلا باشلىق بولىدىغۇ»

www.uyghurkitap.com



دەپ ئويلايتتىم. ئوقۇشقا بارىدىغاندا، ئارزۇيۇم بويىچە تاللىغان كەسىپلەر خەلق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش ۋە خەلقئارا پۇل مۇئامىلىگە ئوخشاش كەسىپلەر ئىدى. كېيىن بىلسەم، سانائەت ئىگىلىكى ئۆلمەس كەسىپكەن. شۇڭا سانائەت فاكۇلتېتىدا ئوقۇدۇم.

مەكتەپ بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولغاچقا تۇرمۇم چىڭ ئەمەس، يەنە كېلىپ مەكتەپتىمۇ بىر خىل سودا كەيپىياتى قويۇق ئىدى. 1992 ـ 1993 ـ يىللىرى قورال كىتابلارنى ۋاكالىتەن سېتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوشۇمچە تۇرمۇش ياردەم پۇلى تاپىدىغان بىر ياخشى ئۇسۇلى بولۇپ قالغانىدى. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار كىتاب سېتىپ يۇرۇپلا كېيىن بەرپا قىلماقچى بولغان شىركەتلىرىنىڭ مەلۇم ئىقتىسادىي ئاساسىنى سېلىۋالالايتتى.

مېنىڭ تۇنجى قېتىم تاپقان پۇلۇممۇ شۇ يول بىلەن كەلگەنىدى. ئۇ چاغدا، مەن بىر ياتاقدىشىمغا ياردەملىشىپ بىر ئاسپىرانتنىڭ كىتابلىرىنى ۋاكالىتەن سېتىپ بەرمەكچى بولغانىدۇق، بىز ئىككىمىز پۇتكۈل بېيجىڭنى بىر ئايلىنىپ چىقتۇق. نەتىجىدە ئارانلا ئىككى كىتابنى ساتالىدۇق. بىرى بۇ كىتاب ئۈچۈن 298 يۈەن چەك يېزىپ بەردى، مەكتەپكە كەلگۈچە يول بويى مېنىڭ خۇشاللىقىمنى تەسۋىرلەپ بېرىش قىيىن ئىدى. مەن ئۇ چەككە ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، يېنىش ـ يېنىش قارايتتىم.

ئوتتۇرا مەكتەپتە بەك جىمغۇر ئۆتۈپ كەتكەچكىمۇ داشۆگە كېلىپ، تەشكىلىي خىزمەتلەرگە قىزىقىپ قېلىپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاتناشتىم. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ، يامان تەرىپىمۇ بار ئىكەن. ياخشى تەرىپى، تەشكىللەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، مۇناسىۋەتكە ماھىر بولۇش جەھەتلەردە كۆرۈلىدىكەن. يامان تەرىپى، ئالدىراش ئۆتىدىكەن، ئۆگىنىشكە تەسىر يېتىدىكەن. يېرىم يىلغا بارا ـ بارمايلا مەن ئۇنىڭدىن چېكىنىپ چىقتىم. مەن ئۇ چاغلاردا بىرى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم، ئۇنىڭ بىزگە تەسىرى چوڭ ئىدى. ئۇ ھازىر سىنگاپورنىڭ گولى داشۆسىدە. ئۇنىڭ تۆرتكىسى بىلەن بىز بىر تەشكىلات قۇرۇپ، «باش دىرېكتور مۇسابىقىسى» دېگەندەك ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردۇق. مەن كونكرېت ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدىم. يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ مەن بۇ پائالىيەت ئۈچۈن بىر قىسىم ئىئانە يىغدىم. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلەر يىلى ئالدىنقى مەۋسۇمگىچە پائالىيەت قىلىشقا يېتەتتى.

لىۇ جۈن بىلەن بىز مانا شۇ پائالىيەتتە تونۇشۇپ قالغان. ئۇ چاغدا لىۇ جۈن مۇسابىقىدە «باش دىرېكتور» بولغانىدى. شۇ قېتىمقى مۇسابىقىدىن كېيىن بىز ناھايىتى ئىقتىدارلىق نۇرغۇن دوستلارغا ئېرىشكەندۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەرەپ ـ تەرەپكە كېتىپ ئىككىمىزلا قالدۇق.

شۇ چاغلاردا ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغان بىر دوستىمىز بولىدىغان، ئۇ شىركەت قۇرۇش ئۈچۈن رەسمىيەت ئۆتەۋاتاتتى. بىز پات ـ پات ئۇنىڭ يېنىغا باراتتۇق. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىزگە تەسىرى چوڭ بولدى. ئۇندىن باشقا، يەنە مەكتەپنىڭ كەيپىياتى، بىزنىڭ نۇرغۇن مۇئەللىملىرىمىز باشقۇرۇش، سودىغا ئائىت دەرسلەرنى ئۆتۈۋاتقاندا بىزنى ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېقىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى.

ئۇ ۋاقىتتا بىز ئىككىمىز تونۇش بولساقمۇ بىرلىشىپ ئىگىلىك تىكلەش خىيالىدا ئەمەس ئىدۇق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇشى بىلەن ئالدىراش ئىدى، مەن قىرائەتخانىغا چېپىش بىلەن... ئىدىيىمىزدە ئۆزگىرىش تېز بولاتتى، بىرىمىز ھېلى ئۇنداق ئويلىساق، بىرىمىز ھېلى بۇنداق ئويلايتتۇق. داشۆگە چىقىپ ئۈچىنچى يىلى سىنىپىمدىكى ئىككى ساۋاقدىشىم بىلەن «قايتقان قارلىغاچ» نامىدا بىر شىركەتنىڭ گېپىنى قىلىشتۇق. سىرتتىن بىر قەۋەتلىك بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشخانا قىلىش ئارقىلىق، شىركەت قۇرۇشنى سىناپ باقتۇق. بىز يايما ئېچىپ كىتاب ساتاتتۇق، باشقىلارغا ماقالە ئۇيۇشتۇرۇشۇپ بېرەتتۇق. بىز ناھايىتى قىزغىن ئىدۇق. ھالبۇكى، نە تۇزۇك تۇر، نە مەبلىغىمىز بولمىغاچقا ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمىدۇق. شۇنداق قىلىپ دىسلەپكى سىنىقىمىز بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتقا بارغاندىلا توختاپ قالدى. ئۈچىنچى يىلىنىڭ كېيىنكى مەۋسۇمىدە، لىۇ جۈن بىلەن ئىككىمىز بىر دوستىمىزغا ماقالە ئۇيۇشتۇرۇشقا باشلىدۇق. ئۇ دوستىمىزمۇ ئىگىلىك يارىتىش روھىغا باي يول ئاچقۇچى ئىدى، ئۇنىڭ شىركىتى ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە تېز تەرەققىي قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى مول، پىلان ـ لايىھەلىرى ئاجايىپ يېڭى ئىدى. ئۇنىڭ بىز ئىككىمىزگە بولغان تەسىرى ۋە ياردىمى ناھايىتى چوڭ بولدى. داشۆگە كېلىپ ئۈچىنچى يىلىنىڭ كېيىنكى مەۋسۇمى ۋە تۆتىنچى يىلىنىڭ ئالدىنقى مەۋسۇملىرىدە لىۇ جۈن بىلەن نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشلەر ھەمدە خىزمەت مەسىلىلىرى خۇسۇسىدا كۆپ پاراڭلىشاتتۇق.

ئوقۇش پۈتتۈرىدىغاندا مەن كۆپ ئويلاندىم، زادى بېيجىڭدا خىزمەت تېپىپ قېلىش كېرەكمۇ ياكى ئۆيگە كېتىش كېرەكمۇ؟ مەن ئۆيگە قايتتىم. تۆت يىلنىڭياقى ئىككى جايدىكى ئۆزگىرىش بەك زور ئىكەن، مەن يەنىلا «بېيجىڭغا بېرىپ ئۆزۈمنى ئەڭ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرالايدىكەنمەن» دېگەن يەرگە كەلدىم. نوپۇس ئىشىم باشنى ئاغرىتاتتى، بىراق مەن نوپۇسنىڭ چەكلىمىسىگە،

نوپۇسنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچراپ قالسام، قاراپ تۇرۇپ نوپۇسنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتسەم بولمايتتى.

نوپۇس ئۇچۇن كېتىدىغان پۇلنى دەسمايە قىلىپ بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! مەن شۇنداق قىلىشقا بەل باغلىدىم، ۋاقتىنى 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قارا كۆردۈم. مەندە سىياسىي كاللا بار ئىدى، چوڭ بولسام باشلىق بولۇش ئارزۇسىدا ئىدىم. بىر كۈنى «پىزا ـ بازار كارخانىسى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە بېرىپ قالدىم. بۇ ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى مېنى پىزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئاشخانىسىغا باشلاپ ئاپاردى. ئاشخانا خۇددى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاشخانىسىدەك شۇنچە يوغان ئىدى، شۇنچە نۇرغۇن ئادەم بۇ يەردە تىقما ـ تىقماق ھالدا قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تاماققا ئۆچىرەتتە تۇرغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھالىتى مېنى بىر قىسما قىلىپ قويدى. باش مۇھەررىر تېخى: «ئۇلارنى سەل چاغلىماڭ، خالىغان بىرەرسىنى تارتىپ سورىسىڭىز، ئۇ ھېچ بولمىدى دېگەندە يا چۇجاڭ، يا سىجاڭ بولۇپ چىقىدۇ» دېدى. مەن ئازابلاندىم. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ مەندىكى سىياسىيغا بولغان قىزغىنلىق سۇسلىشىپ ئۇنىڭ ئورنىنى سودا بىلەن شۇغۇللىنىش خىيالى ئىگىلىدى.


ليۇ جۇڭگە كەلسەك، ئەگەر ئۇ مەن بىلەن ئىگىلىك يارىتىمەن دېمەيدىغان بولسا، خەقنىڭ ھەۋەسى كەلگۈدەك بىر ئوبدان خىزمىتى بار ئىدى. داڭلىق بىر شىركەت نەچچە مىڭ ئادەم ئارىسىدىن ئۇنى تاللىۋالغانىدى، ئايلىق مائاشمۇ 4 مىڭ يۈەن ئىدى. بۇ جەھەتتىكى تەسىراتنى يەنىلا ليۇ جۇڭ ئۆزى سۆزلەپ بەرگىنى تۈزۈك.

**ليۇ جۇڭ:** بىزنىڭ چېيەن جۇڭ بىلەن تونۇشۇشىمىز خۇددى «باتۇرلار كىچىكىپ تېپىشىپتۇ» دېگەندەكلا بىر ئىش بولدى. شۇنداقتىمۇ يولىمىز بىر بولغاچقا بىللە كېتىۋاتىمىز.

مەن چېگرا رايوندىن كەلگەن، مېنىڭ بېيجىڭغا كېلىپ ئوقۇشۇم ئاسانغا چۈشمىدى. مەنمۇ ئوقۇش پۈتتۈرسەم باشقىلارغا «ئىشلەمچى» بولۇشنى ئويلىغان ـ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ياكى شەخسىي كارخانىلاردا بىرنەچچە يىل ئىشلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇ يەردىن چىقىپ ئىگىلىك يارىتىشقا كىرىشىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداق بولسا كېرەك، داشۆنى تېخى پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا مەن چيە جۇڭ بىلەن بىللە ئۆزىمىزگە تەۋە شىركەتنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئۆتىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ چاغدا مەن تېخى ئەمدىلا 21 ياشقا كىرگەنىدىم.

كىچىكىمدىن ئۆزۈمنى قالتىس چاغلايتتىم، شۇڭا مۇشۇ خىل پسىخىكا مېنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ خادىم تاللاش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا دەۋەت قىلدى. بۇ چاغدا مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك بېكىسى بارلىقىنى، دۆلەت ھالقىغان كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقانلاردىن قېلىشمايدىغان ساپاغا ئىگە ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاش ئويىلا بار ئىدى. مەن غەلىبە قىلدىم، بىرنەچچە قېتىملىق ئىمتىھانغا قاتنىشىش ئارقىلىق ئاخىر S شىركىتىنىڭ چاقىرىقىغا ئېرىشتىم. بىراق مەن تېڭىرقاپ قالدىم.

ئۇ چاغدا مەن ئۆز غايەمنى، ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئويلاپ قالغانىدىم. ئادەمنىڭ بۇنداق مىنۇتلاردا ئۆز ـ ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلمىقى بەك مۇشكۈل ئىشكەن. مەن بىردىنلا ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل شىركىتىنى قۇرۇپ چىقىشقا نىيەت قىلدىم. بەلكىم مەن ھېلىقى شىركەتتە ئىشلىسەم، كېيىن نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشەممۇ يەنىلا قۇرۇق قول قايتىپ چىقىشىم مۇمكىن. مۇبادا، جاپالىق ئىشلەپ مۇستەقىل ئىگىلىك يارىتىشنى تاللىۋالسام، ھازىرقىدەك مشچان بولمايدىغاندىمەن. شۇڭا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئىشىنى تاللىۋالدۇق.



**مۇخبىر:** ئىككىڭلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىڭلار بىرقەدەر ئالاھىدە ئىكەن، قەلب تارىخىڭلارمۇ ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەك مەنىلىككەن، ئەمدى سىلەرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىڭلار ۋە ئىستىقباللار ھەققىدە ئاز ـ تولا

www.uyghurkitap.com



چۇشەنچە بەرسەڭلار قانداق؟

**چيەن جۇن:** بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز خەقنىڭ نەزىرى ئانچە چۈشمىگەن مەھسۇلات. ئۇ مەدەنىيەت مەھسۇلاتىغىمۇ، ئۇچۇر مەھسۇلاتىغىمۇ ياتىدۇ. مەدەنىيەت دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئالاھىدىرەك، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنى كىشىلەر مەھسۇلات دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ھازىر ئېلىمىز مەددەنىيەتنى مەھسۇلات دەپ ئېتىراپ قىلدى. شۇڭا بۇنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇۋاتىدۇ. ئەمدى ئۇچۇرغا كەلسەك، بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشنىڭمۇ ئورنى يوق. ئوپتىكىلىق پىلاستىنكىسمان كىتابلارغىمۇ چەت ئەللىكلەر مەبلەغ سېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا يەنە بىر مەزگىللىك جەريان كېرەكتەك قىلىدۇ.

بىز تۇتقان تۇرلەر مۇشۇنداق يۇزلىنىشكە ئىگە ئىدى، شۇڭا تېز تەرەققىي قىلدى. بىراق قاتتىقراق تەلەپ بىلەن ئېيتساق، بۇ تەرەققىيات يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس، بىز ئىككى يىلغىچە گۈللىنىپ پۇختا ئاساس سېلىۋالمىساق بولمايدۇ. بىز ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىش بىلەن سىرتنىڭ بەزى تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىشىنى، شۇنداقلا بىخەتەرلىك مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى. ھازىرغىچە شاڭخەينىڭ دەسلەپكى كاپىتالىنى قولغا كەلتۈرگەندىن باشقا تۈزۈك ئىش قىلىپ بولالمىدۇق.

**مۇخبىر:** كۆپ نەرسىلەرنى سوراپ كەتتىم، سىلەرنىڭ تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگىنىڭلارغا رەھمەت. ئاخىرىدا ئىككىڭلارنىڭ بىزدەك بارلىق ياشلارغا ئىككى كەلىمە قىممەتلىك سۆز قالدۇرۇشىڭلارنى سورايمەن.

**چيەن جۇن:** بۇ يىل بارلىق زىيالىيلارنىڭ ئۇنتۇلماس بىر يىلى بولدى، بىلىم ئىگىلىكى مەسىلىسى قىزغىن بەس-مۇنازىرە قوزغىدى، ئىلىم - پەن بىخەتەرلىك مەبلىغىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشتى. ليۇ جۇن بىزنى: «بىلىملىك يېڭى بىر ئەۋلادلار» دەيتتى. مېنىڭچىمۇ شۇنداق. بىز كەلگۈسىدە جۇڭگو ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى ئاساسىي تايانچ كۈچلەردىن بولۇپ قالىمىز. جۇڭگو ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى جۇڭگو كارخانىچىلار قاتلىمىنىڭ قۇدرەت تېپىشىنى ئاساس قىلىدۇ. لياڭ شىچاۋ: «ياش - ئۆسمۈرلەر كۈچلەنسە دۆلەت كۈچلىنىدۇ» دېگەنىكەن. بىزنىڭ بۇ «بىلىملىك ياش بىر ئەۋلاد» لىرىمىزدىنمۇ كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر كارخانىچىلار يېتىشىپ چىقىشى كېرەك.

بىزنىڭ ھازىرقى ستۇدېنتلىرىمىزنىڭ يۈرىكى كىچىك، ئۇلار ھە دېسە بىخەتەر، خاتىرجەم ياشاشنى، يۇقىرى مائاش ئېلىشنىلا ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ تەۋەككۇلچىلىك روھى كۈچلۈك ئەمەس، ئىجادىي روھ كەمچىل. بۇنى «بىلىملىك يېڭى بىر ئەۋلاد» لارغا خاس خۇسۇسىيەت دېگىلى بولمايدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئېلىمىزدىن مەڭگۈ بېلگېيتستەك ئەسىر ھالقىغان شەخسلەر چىقمايدۇ. دروك ھازىرقى دەۋرنى «كارخانىچىلارنىڭ دەۋرى» دېگەن. بىز ستۇدېنتلارنىڭ ئويغىنىدىغان ۋاقتى كېلىپ قالدى.

**ليۇ جۇن:** بىز ئىككىمىزنى ئىگىلىك تىكلىگۈچى دېيىشكىلا بولىدۇ، بىراق بىزنىڭ مەقسىتىمىز كارخانىچى بولۇش، چوڭ كارخانىچى، ياش كارخانىچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىش. بىز ھېچقانداق چوڭ سۆزلەش، ماختىنىش دېگەنلەرگە پەرۋا قىلمايمىز. بەزىدە ئۆزىگە بولغان زور ئىشىنىش بىلەن چوڭ سۆزلەشنىڭ قانچىلىك پەرقى بارلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. بىز تېخىمۇ كۆپلىگەن ستۇدېنتلارنىڭ بىزنىڭ سېپىمىزگە قېتىلىشىنى كۈتىمىز.

3

## ئوقۇش پۇتتۇرۇپلا ئىگىلىك تىكلەشكە كىرىشكەن ئۇيغۇر ستۇدېنت

ئۇ، كۈچا ناھىيىسىدە توغۇلۇپ چوڭ بولغانىدى. دادىسى داۋۇت ئاكا كۆپنى كۆرگەن، بىلىملىك، يۇرتتا يۈز - ئابرويى چوڭ، مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە تۆت ئوغۇل بولغاچقا، ئۇلارنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆي - ئوچاقلىق قىلىش ئىشلىرى ئوڭايغا توختىمىدى.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چاقىرىق قەغىزىنى كۈتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، داۋۇت ئاكا تۇيۇقسىز قازا تاپتى...

ئۇ، بۇ كەنجى ئوغلىغا مەندىن كېيىن خارچىلىقتا قالمىسۇن، دەپ ئېزىز ئىسمىنى قويغانىدى. دادىسى ئۇنى بوينىغا مىنگۈزۈپ يۈرۈپ چوڭ قىلدى، ئوقۇتتى، ئۇ، بۇ ئوغلىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ قالتىس چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. ھالبۇكى، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى... ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا:

— ئېزىزجان بالامنىڭ ئوقۇشقا ماڭغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگۈم بار ئىدى... ۋاي ئىست!... — دېگىنىچە تىنىقتىن توختىدى. داۋۇت ئاكىنىڭ مۇراد - مەقسىتى ھەل بولمىغاچ كۆزى ئوچۇق كەتتى...

ئېزىزغا ئاخىر شىنجاڭ داشۆنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتى پەن - تېخنىكا سىنىپىغا چاقىرىق كەلدى. بۇ، 1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى.

شۇ كۈنى ئۇ يىغلىدى، خۇشاللىقتىن يىغلىدى. شۇ كۈنى ئۇ يىغلىدى، قايغۇرۇپ يىغلىدى. چۈنكى دادىسى

ئۇنىڭ مۇشۇ چاقىرىق قەغىزىنى بولسىمۇ كۆرەلىگەن، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىك خۇش خەۋىرىنى بولسىمۇ بىلگەن بولسا كۆزى ئۇنداق ئوچۇق كەتمەس ئىدى...

دادىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئۇ چوڭقۇر چۈشىنەتتى، شۇڭا «دادامنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالمىسام ئادەم بولماي كېتەي» دەپ ئۆز - ئۆزىگە قەسەم بەردى.

دادىسىنىڭ، ئائىلە تۈۋرۈكىنىڭ بۇ ئۆيدىن غايىب بولۇشى شۇنچە چوڭ بۇ ئائىلىنىڭ نورمال تەرتىپىگە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. رەھمەتلىك ھايات چېغىدا تىرىشچان، قولىدىن خېلى ئىشلار كېلىدىغان، قاچانلا قارىسا يېنىدىن پۇل ئۈزۈلمەيدىغان، قولى بەرىكەتلىك كىشى ئىدى.

ئۇ ئوقۇشقا كەلگەن بىرىنچى يىلى نورمال ئۆتتى، ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ دادىسىدىن قالغان پۇللارمۇ تۈگەپ ئائىلىسى قىيىن ئەھۋالدا قالغاچقا، ئۇنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تۆلىمىكىمۇ تەس بولدى. ئۇ تىرىشچان، دەرستە بالىلارنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، كاللىسى ئوچۇق، زېرەك بالا ئىدى. ئېزىز يالغۇز قالغان ئاپىسىغا داۋاملىق ئېغىرىنى سېلىۋېرىش تەندۇرۇس بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق مۇنداق بىر يولنى تاللىۋالدى:

باشقىلاردەك قارا كۈچۈمگە تايىنىپ ئاخشام - ئەتىسى، شەنبە - يەكشەنبە، ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە رېستورانلاردەك يەرلەردە ئىشلىسەممۇ بولىدۇ. بىراق مەن نېمىشقا يەن - تېخىچە تاۋارغا ئايلىنىۋاتقان مۇشۇنداق بىر ھالقىلىق پەيتتىمۇ، يەن -تېخىچە، ئۆز كەسپىمگە تايانمىغۇدەكمەن؟ ئىشنى يەنىلا ئۆزۈم ئەڭ تونۇشلۇق ساھەدىن باشلاي. مەن تىلغا، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشكە بەكلا قىزىقىدىغان تۇرسام، بۇ بىلىملىرىم بولسىمۇ ئەسقاتماسمۇ؟!...

ئۇ ئۈمىدىنى تىلغا باغلىدى. چۈنكى ئۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن كەلگەن بىر كەسپداش ساۋاقدىشى ۋە يۇرتدىشى ئۇنىڭغا «رۇس تىلى ئۆگەنسەڭ، ياخشى بىر بازار بار» دەپ ئەقىل كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ دەۋاتقىنى، شىنجاڭ داشۆنىڭ ئارقا دەرۋازىسىغا قوشنا كېلىدىغان سودا بازىرى ئىدى. بۇ يەردە باشقىلارنىڭ تەرجىمانلىقىغا تايىنىپ خېلى پۇل تاپقىنىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى.

ئۇ ئىنگلىز تىلىنى دەرس قىلىپ ئۆتكەنىدىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ يۈرۈپ ئىككى يىلدىلا ئوبدان ئاساس سېلىپ بولغانىدى. ھالبۇكى، ئۇ ئەمدى رۇس تىلى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزلۈكىدىن رۇس تىلى ئۆگىنىشكە باشلىدى، بىر يىلدىن كېيىن ئۇمۇ قورقماي بۇ بازارغا بۆسۈپ كىردى.

ئۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئېغىزچە، يېزىقچە تەرجىمىسىنى قىلاتتى، ئىنگلىزچە ئۇچرىسا ئىنگلىزچىسىنى، رۇسچە ئۇچرىسا رۇسچىسىنى، خەنزۇچە ئۇچرىسا خەنزۇچىسىنى قىلاتتى. خەقلەر ئۇنىڭغا ئاز ھەق بەرسىمۇ، كۆپ بەرسىمۇ قىلىۋېرەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى، تۇرمۇش خىراجەت پۇللىرىنى... ھەممە، ھەممىسىنى ئۆزى تېپىپ ئاپىسىغا ئېغىرچىلىق چۈشۈرمىدى. گەرچە ئاكىلىرى ئاپىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان بولسىمۇ تېخى ئۆزىدىن ئېشىنىپ، ئاپىسىغىمۇ پۇل ئەۋەتىپ تۇردى.

ئۇ دەرستىن سىرتقى بوش ۋاقىتلىرىنى بىكار ئۆتكۈزمەيتتى، شۇنداق بولغاچقا ئوقۇشى پۈتكىچە تېپىپ خەجلىگەنىدىن سىرت يىغقان پۇللىرىنىڭ ئۆزىلا 50 مىڭ يۈەنگە بېرىپ قالاتتى. ئۇ، بۇ پۇل ئارقىلىق ئوقۇۋېتىپلا بىرەر شىركەت ئېچىشنى ئويلىدى. شۇغىنىسى، ئاپىسى ئۇنى «سەن تېخى كىچىك، تەجرىبىسىز، ئاكىلىرىڭ يېنىڭدا بولمىغاندىكىن ئىشەنچلىك ياردەملىشىدىغان ئادىمىڭ يوق، ۋەيران بولۇپ كېتىسەن» دەپ قايتا- قايتا توسۇپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپلا بۇ نىيىتىدىن ۋاز كەچتى، يەنە كېلىپ ئۆزى يالغۇزلۇق قىلىپ قالىدىغاندەك، يېتىشىپ بولالمايدىغاندەك، پۇلنى دەپ دەرستە ئارقىدا قالىدىغاندەك بىلىنگەنىدى. شۇڭا ئۇ «بىلىم ئىگىلەيدىغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشۇم كېرەك، پۇلنى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئاندىن تاپساممۇ كېچىكمەيمەن» دېگەن يەرگە كەلدى.

1998 - يىلى ئۇنىڭ ئوقۇشىمۇ پۈتتى. ئۇ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپلا باشقىلاردەك ئۇرۇمچىدە قېلىش كويىدا يۈگۈرمىدى- تۆۋەن قاتراپ چېپىپمۇ يۈرمەستىن ئۇدۇل يالغۇز قالغان ئاپىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئاكىلىرىمۇ «قايتىپ كېلىپ ياخشى قىلدىڭ، نېمىلا ئىش قىلساڭ بىزنىڭ كۆزىمىزدە قىل، بىز قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمىز» دېيىشتى.

ئۇ، كېلىپلا باشقا تەڭ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردەك ئۆزىنى مائارىپ ئىدارىسىگە مەلۇممۇ قىلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز ئويلىغانلىرى، ئۆز - ئۆزىگە ئىسپاتلايدىغان ۋىجدانەن غايىلىرى بار ئىدى: ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا، ھېلىقى ئۆزىدىن بىر يىل بۇرۇن كەلگەن مەكتەپدىشى، كەسپدىشى، يېقىن دوستى غېنى بىلەن شېرىكلىشىپ بىر شىركەت ئېچىشنى پۈتۈشكەنىدى. غېنى ئۇنىڭ ئوقۇشنى تاماملاپ تېزرەك قايتىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى، مانا ئەمدى ئۇلار جەم بولدى. ئەمەلىي ئىش باشلاش پۇرسىتى ئاخىر يېتىپ كەلدى.

ئۇلار بىرلىشىپ رېستوران ئاچماقچى بولۇشتى.

رېستورانىنىڭ ئىسمىنى «ۋىسال رېستورانى» دەپ قويىدى. گەرچە كوچادا ئۇنىڭدىن بۆلەك رېستورانلار ئاز بولمىسىمۇ يا تامىقى سۈپەتسىز، يا تازىلىقى دېگەندەك ياخشى ئەمەس، ياكى مەنىۋى مۇھىتى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار بۇ پېتەرسىزلىكنى تولدۇرۇپ، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يول تۇتۇشنى ئويلاشتى. ھەتتا سەي قورۇيدىغان ئۇستىلارنى مېچۈەن، سانجى دېگەندەك يەرلەرگە ئۆزلىرى بېرىپ ئىزلەپ ـ سوراپ يۈرۈپ تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتتى. چۈنكى بۇ يەرنىڭ يەرلىك ئۇستىلىرىدىن ئۇستا ئاشپەز ساماندەك كۆپ ۋە ئەرزان بولسىمۇ، شەخسىي تازىلىقا تازا دىققەت قىلىپ بولالمايتتى...

شۇنداق قىلىپ ئۇلار كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن مۇۋاپىق دەپ قارالغان بىر ئورۇننى ئىجارىگە ئالدى. ھالبۇكى، ئىجارە ئىگىسى بۇ زاللارنى تېخى ئەمدىلا سېلىپ پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇنى ياساپ ـ جابدۇغىدەكمۇ ماغدۇرى قالمىغانىدى. دېمەك، ئىشنى رېستوران بېزەشتىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى، بۇنى بېزەش ئۈچۈن ئاز دېگەندىمۇ 70 مىڭ يۈەندەك پۇل كېتەتتى، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزۈۋالغىنى بىر ـ بىرىدىن چوڭ ئۈچ قەۋەتلىك زال ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈچەپ بېزەش ئىشىنى تاماملىدى.

تىجارەتمۇ باشلاندى. بىرىم يىلغىچە ئۇلارنىڭ ئىشى يۈرۈشكەندەك قىلسىمۇ كىرگەن پۇلنى كۆپ دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا بۇ ئازغىنە پۇلغا ئىككى كىشى بېشىدا قاراپ تۇرۇۋەرسە، ئۇلارنىڭ زېھنى، ئۇلارنىڭ ۋاقتى، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى ئىسراپ بولۇپ كېتەتتى. ئۇلار ئاخىر ئىككىسى ئىككى ئىشنى تۇتماقچى بولدى، رېستورانى ئېرىز ئۆزىلا ئۆتكۈزۈۋالدى. غېنى بولسا باشقا بىر ئىش قىلىشنى پىلانلاپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن يارىدەمچىسىدىن، دوستىدىن ئايرىلدى. يېنىدا ئۇنىڭغا ھە ـ پە دېيىشىدىغان يەنە بىرەرى بولمىسا، ئۇنىڭ يۈرىكى توق تۇرمايدىغاندەك بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ مۇھىمى يەنە مەبلەغ سالمىسا ئىشى ئاقمايدىغاندەكلا قىلاتتى.

ئاخىر ئۇنىڭ ئەمەت ئىسىملىك ئاكىسى مەيدانغا چۈشتى. ئۇلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ئىشنى قايتىدىن باشلىدى.


ھازىر بۇ يەردە ئىشلەيدىغان ئاشپەز ۋە باشقا خادىملاردىن بولۇپ 13 كىشى ئىشلەيدۇ. ئۇلار بىرلا تۈرنى، يەنى يېمەك ـ ئىچمەك تۈرىنىلا تۇتتى. يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىشنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇردى، ئۇلارنىڭ باشقا يەرلىك رېستورانلاردىن روشەن پەرقى مەخسۇس مۇزىكا ئەترىتىنىڭ بارلىقىدىن سىرت، باشقىلارنىڭ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن بىرلىيارتخانىغا ئوخشاش قوشۇمچە مۇلازىمەتنىمۇ يولغا قويغانلىقىدا ئىدى.

«ۋىسال رېستورانى» كۈنسايىن كۆپ خېرىدارلارنى رازى قىلغاچقا، كۈنسايىن روناق تېپىشقا باشلىدى...

بىزنىڭ خەنزۇ ستۇدېنتلىرىدىن قىلىشقۇسىز بۇنداق ئىجادكار، ئىگىلىك تىكلەش روھىغا باي ستۇدېنتلىرىمىز يەنە تېپىلىدۇ. بىزدىمۇ خەنزۇ ستۇدېنتلىرىغا ئوخشاش كۆپلىگەن ستۇدېنتلار ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن زور «تەۋەككۇلچىلىك» قىلىپ باقسا تامامەن بولىدۇ. بۇنىڭغا دەۋرنىڭ داغدام يولى داۋاملىق ئوچۇق!



ئاخىرىدا ئۇيغۇر ستۇدېنتلىرىمىزنىڭ سەممىگە شۇنى سېلىپ ئۆتىمىز: ئېلىمىزدە ھەممە بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگىلىۋاتىدۇ. دۇنيادا بولسا دۆلەت، مىللەت، خەلقنىڭ قۇدرىتى ماددىي قۇدرىتى ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ كېلىۋاتقىنى ھەممىگە ئايدىڭ ھەقىقەت. بىز يالغۇز مەنىۋى بايلىق، مەنىۋى غۇرۇر بىلەنلا مىللەتنى، خەلقنى، ۋەتەننى روناق تاپقۇزالمايمىز. بىزدىنمۇ بىلىملىك، ئىقتىدارلىق ياش بىر ئەۋلاد كارخانىچىلار چىقىشى كېرەك. ئۇلار مىللەت، خەلقنىڭ تۈۋرۈكى.




## پاتمىچۇقنىڭ مۇھەببىتى

### لى فەنشۇەن

بۇ ياپونىيىدە يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە.

بىرەيلەن ئۆيىنى يېڭىۋاشتىن ئۇچۇن تېمىنى سۆكۈپتۇ. ياپونچە تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ تېمى ئوتتۇرىسىغا ياغاچ جازا ئورنىتىلىپ، ئىككى تەرىپىگە سۇۋاق سۇۋۇلۇپ ياسىلىدىكەن، ئىچى بوش قالىدىكەن.

ئۇ تامنى سۆكۈۋاتقاندا ئۇنىڭ ئىچىگە بىر پاتمىچۇقنىڭ سولىنىپ قالغىنىنى بايقاپتۇ. سىرتتىن قېقىلغان بىر تال مىخ پاتمىچۇقنى قوۇيرۇقىدىن مىخلىۋەتكەنىكەن. ئۆينىڭ خوجايىنى ئۇنىڭغا ھەم ئىچ ئاغرىتىپتۇ، ھەم ئەجەبسىنىپتۇ. ھېلىقى مىخقا زەن سېلىپ قاراپ، ناھايىتى ھەيران قاپتۇ، چۈنكى ئۇ مىخ ئون يىل ئىلگىرى مۇشۇ ئۆي سېلىنغان چاغدا قېقىلغانىكەن. بۇ زادى قانداق ئىشتۇ؟ ھېلىقى پاتمىچۇق تامنىڭ ئىچىگە توپتوغرا ئون يىل قامىلىپ قاپتۇ! زۇلمەتلىك تامنىڭ ئىچىدە ئون يىل ياشاپتۇ، بۇ ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس!

قۇيرۇقى مىخلىۋېتىلگەن، بىر قەدەممۇ ماڭالمايدىغان بۇ پاتمىچۇق ئون يىلغىچە زادى نېمە يەپ ياشىغاندۇ؟

ئۆينىڭ خوجايىنى قۇرۇلۇشنى ۋاقتىنچە توختىتىپتۇ: «ئۇ زادى نېمە يەيدىغاندۇ؟»

ئۇزۇن ئۆتمەي قەيەردىندۇر يەنە بىر پاتمىچۇق يەمنى چىشلىگىنىچە ئۆمىلەپ كەپتۇ... ئاھ، مۇھەببەت! تەڭدىشى يوق ئالىيجاناب مۇھەببەت! ھايات ـ ماماتتا ئۆزگەرمەيدىغان سۆيگۈ! قۇيرۇقى مىخلىنىپ ماڭالماس بولۇپ قالغان پاتمىچۇقنى ئون يىلدىن بېرى يەنە بىر پاتمىچۇق بېقىپ كەپتۇ.

بىز ھېلىقى پاتمىچۇقلارنىڭ ئاتا ياكى ئانا، ئەر ـ خوتۇن ياكى ئاكا ـ ئۇكىلار ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، بىلمەكچىمۇ ئەمەسمىز.

ئىشقىلىپ مەن بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئاشۇ مۇھەببەتنىڭ كۈچىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم.

## يىللار

### ۋاڭ فۇمىڭ

يىللار ئەڭ مېھرىبان، ھەممىدىن ئادىل بوۋاي.

ئۇ ۋاقىتنى ھەربىر كىشىگە تەڭ بۆلۈپ بېرىدۇ.

لېكىن، كىشىلەرنىڭ ۋاقىتقا بولغان چۈشەنچىسى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر ھەر كۈنى چېپىپ يۈرۈپ ياشايدۇ، بەزىلەرگە ۋاقىت ئۇزۇنلۇقىدىن زېرىكىشلىك تۇيۇلىدۇ.

كۆڭ فۇزى ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىلا: «بارلىق شەيئىلەر ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، كېچە ـ كۈندۈز توختاپ قالمايدۇ» دېگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتكىنىگە قاتتىق ئېچىنغان.

ئۇ ۋاقىتنى تۇتۇپ قالالمىغان، ئەمما ۋاقىت ئۇنى تۇتۇپ قالغان.

ئىككى مىڭ يىلدىن كېيىن، ئۇ يەنىلا ياشىغان.

ۋاقىت بىلەن مۇسابىقىلىشىپ يۈگۈرگەن، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا ساغلام بولۇۋەرمەيدۇ.

مەن ھەمىشە ئامېرىكىنىڭ ئەما، گاس ئايال يازغۇچىسى ھېيلونىنىڭ «ماڭا ئۈچ كۈنلۈك كۆرۈش قۇۋۋىتى بېرىڭلار» دېگەن ماقالىسىنى ئېسىمگە ئالىمەن.

بۇ ئۆمۈر بويى زۇلمەتتە ۋە جىمجىتلىقتا ياشىغان ئادەم خىيالىغا كەلتۈرگەن گۈزەل چۈش.

ئۇ، بىرىنچى كۈنى مېھرىبانلىقى ۋە دوستلۇقى بىلەن ئۆزىنىڭ داۋاملىق ياشىشىغا ئىلھام بەرگەن كىشىلەرنى، ئۆيىدىكى ئىتىنى، گىلەمنىڭ رەڭگىنى، تامدىكى رەسىملەرنى، ئورمانلىقتىكى گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرمەكچى بولغان. ئىككىنچى كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ، قاراڭغۇ كېچىنىڭ كۈندۈزگە ئۆزگىرىشىدەك ئاجايىپ مەنزىرىنى، ئۇزۇندىن بېرى تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان تەبىئەت تارىخى مۇزېيى، گۈزەل سەنئەت مۇزېيىنى كۆرمەكچى بولغان. ئۈچىنچى كۈنى بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلار ئارىسىدا يۈرۈپ ھازىرقى كۈندۈزلۈك دۇنيانى كۆرۈپ باقماقچى بولغان.

مەن بۇ ماقالىنى ھەر قېتىم ئەسكە ئالغىنىمدا، ھەمىشە ۋۇجۇدۇمنىڭ قىزىپ، يۈرىكىمنىڭ تېپىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمەن.

كىشىلىك دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بايلىق ــ ياشلىق ۋە سالامەتلىك.

ئەمما، ۋاقىت بىلەن مۇسابىقىلىشىپ يۈگۈرىدىغان كىشىلەرلا ئەبەدىلئەبەد ياش تۇرالايدۇ؛ يېشى ۋە سالامەتلىكىنى ئاخىرقى يوسۇندا بايلىق دەپ قارىغان كىشىلەرلا يېشى ۋە سالامەتلىكىنى بايلىققا ئايلاندۇرالايدۇ.

دوستۇم، سىزدە مۇشۇنداق بايلىق بارمۇ؟

## خاتىرە رەسىم

### چيۇ شۆي

ناھايىتى نامرات بىر ئانا بالىسىنى ئېلىپ مەلۇم جايغا تىرىكچىلىك قىلغىلى بېرىپتۇ. ئۇلار مەنزىرىسى گۈزەل بىر جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ رەسىمگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئۇلارغا مەپتۇن بولۇپ بىر ھازاغىچە قاراپ قاپتۇ.

ئۇلار يولنى يەنە داۋاملاشتۇرماقچى بولغاندا، بالىسى:

ـ ئانا، ئالدىرىماي بىزمۇ بىر پارچە رەسىمگە چۈشۈۋالايلىچۇ، ـ دەپتۇ.

ـ بولىدۇ، بالام. بىز تېخى نامرات، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزمۇ كونا ھەم يىرتىق، ـ دەپتۇ ئانىسى.

ـ ئەمما ئانا، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزمۇ مېنى ياخشى كۆرىسىز، ماڭا مۇشۇلا يېتىپ ئاشىدۇ!

ئانىسى يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، رەسىمگە تارتقۇچى يۈگۈرۈپ كېلىپ، كۆز يېشى قىلغىنىچە شۇنداق دەپتۇ:

ـ مەن سىلەرنى تارتىپ قوياي، پۇل ئالمايمەن!

كىچىكىمدىن تارتىپلا ئانام مېنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، مەنمۇ ئانامنى بەك ياخشى كۆرەتتىم، بەختىمگە قارشى ئۇ بۇلتۇر تۈگەپ كەتتى.

رەسىم بىردەمدىلا چىقتى: ئانا ـ بالا ئىككىسى ناھايىتى يېقىن ئولتۇرۇپ، تولىمۇ بەختىيار ھالەتتە كۈلگەنىدى.

ئەتراپنى قىپقىزىل گۈللەر قاپلىغانىدى... بۇ جەزمەن ئەڭ ياخشى بولغىنى ئىدى!

## ئاجىزنىڭ كۈتۈشى

### ۋاڭ دىڭجۈن

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇپ قۇملۇقتىن ئۆتكەندە سۇيى تۈگەپ كېتىپتۇ. بىرى، ئىسسىق ئۆتۈپ ئاغرىپ قالغانلىقتىن ماڭالماي قاپتۇ.

ساغلام، ئەمما ئېچىرقاپ كەتكەن يەنە بىرى ھەمراھىغا: «بوپتۇ، سەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر، مەن بېرىپ سۇ تېپىپ كېلەي» دەپتۇ.

ئۇ تاپانچىسىنى ھەمراھىغا تۇتقۇزۇپ: «تاپانچىدا بەش پاي ئوق بار، ئېسىڭدە بولسۇن، ئۈچ سائەتتىن كېيىن ھەر بىر سائەتتە بىر قېتىم ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتقىن، مەن ئوقنىڭ ئاۋازىغا قاراپ توغرا يۆنىلىشنى تېپىۋالىمەن، ئاندىن سەن بىلەن ئۇچرىشىمەن» دەپتۇ.

ئىككىسى خوشلىشىپ، بىرى ئىشەنچكە تولغان ھالدا ئېچىدىغان سۇ ئىزدەپ كېتىپتۇ، يەنە بىرى قاتتىق گۇمان ئىچىدە قۇملۇقتا ياتقىنىچە كۈتۈپتۇ. ئۇ سائىتىگە قاراپ

تۇرۇپ ۋاقتى - قەرەلى بويىچە ئۇق چىقىرىپ تۇرۇپتۇ، ئەمما ئۇق ئاۋازىنى ئۆزىدىن باشقا كىشىنىڭ ئاڭلايدىغانلىقىغا زادىلا ئىشەنچ قىلالماپتۇ. ئاندىن تېخىمۇ قورقۇپ ھېلىقى ھەمراھىنى «سۇ ئىزدەپ مەغلۇپ بوپتۇ، ئوتتۇرا يولدا ئۇسسۇزلۇقتىن قازا قىپتۇ» دەپ قاراپتۇ. ئۇزاققا قالمايلا يەنە ھەمراھىنىڭ سۇ تاپقانلىقىغا، ئەمما ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىگە، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپتۇ.

5 - پاي ئوقنى ئېتىشقا توغرا كەلگەندە، بۇ كىشى قايغۇ- نەپرەت بىلەن مۇنداق ئويلاپتۇ: «بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئوق، ھەمراھىم ئاللىقاچانلا مەن ئاتقان ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماس بولۇپ قالدى، بۇ ئوقنى ئىشلىتىپ بولغىنىمدىن كېيىن مېنىڭ يەنە نېمە يۆلەنچىم قالدۇ؟ ماڭا ئۆلۈمنى ساقلاشتىن باشقا ئامال يوق. يەنە كېلىپ ئاخىرقى نەپەسىم قالغاندا تاز قارالار كۆزلىرىمنى چوقۇۋالىدۇ، بۇ نەقەدەر ئېچىنىشلىق - ھە؟! ئۇنىڭدىن كۆرە...»

ئۇ تاپانچىنى پېشانىسىگە بەتلەپ، زاتۇورنى بېسىۋېتىپتۇ.

ئەمما ئۇزۇنغا قالماي، لىپپىدە سۇزۇك سۇ قاچىلانغان سۇدانىنى كۆتۈرۈۋالغان ھەمراھى بىر تۆگە كارۋاننى باشلىغىنىچە ئاۋاز چىققان يەرگە يېتىپ كەپتۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىزدەپ تاپقىنى بىر جەسەت بوپتۇ.

## ئېگىز يەر

### جاڭ شياۋفىڭ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ناھايىتى يىراق جايدىكى ياشانغان قەبىلە باشلىقىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاپتۇ.

ئۇ يېزىدىكى ئەڭ ياخشى ئۈچ يىگىتنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ: «مېنىڭ سىلەردىن ئايرىلىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى، مەن سىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىشنى قىلىپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن. ئۈچىڭلار ساغلام ۋە كۈچلۈك، يەنە كېلىپ ئەقىل - پاراسەتلىك ياخشى بالىلار. ئەمدى سىلەر بىز ئەزەلدىن مۇقەددەس بىلىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ تاغقا ئىمكانىيىتىڭلارنىڭ يار بېرىشىچە يامىشىڭلار، ئىمكانقەدەر ئەڭ ئېگىز، ئەڭ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەڭلار، ئاندىن قايتىپ كېلىپ ماڭا كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار».

ئۈچ كۈندىن كېيىن 1 - يىگىت قايتىپ كەپتۇ، ئۇ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان، ئۇستىۋاشلىرى يېپيېڭى ھالەتتە مۇنداق دەپتۇ: «قەبىلە باشلىقى، مەن تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتىم، ئۇ يەردە گۈلگە پۈركەنگەن يوللارنى، بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاقلارنى، خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان قۇشلارنى كۆردۈم، ئۇ يەر ھەقىقەتەن بولىدىكەن!»

ياشانغان قەبىلە باشلىقى كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دەپتۇ: «بالام، ئۇ يولدا بىر چاغلاردا مەنمۇ ماڭغان، قۇشلار سايرىشىپ، گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان ئۇ يەر تاغنىڭ چوققىسى بولماستىن، بەلكى تاغنىڭ ئېتىكى. سەن قايتىپ كەتكىن!»

بىر ھەپتىدىن كېيىن 2 - يىگىتمۇ قايتىپ كەپتۇ، ئۇ ھارغىن ۋە سولغۇن قىياپەتتە مۇنداق دەپتۇ: «قەبىلە باشلىقى، مەن تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتىم، ئۇ يەردە سۇرلۇك جىمجىتلىققا چۆمگەن چوڭ قارىغايزارلىقنى، ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرگەن تاز قارالارنى كۆردۈم، ئۇ يەر ياخشى جايكەن!»

«ئەپسۇس! بالام، ئۇ تاغنىڭ چوققىسى ئەمەس، بەلكى تاغنىڭ قاپتىلى. لېكىن سېنىمۇ تەڭقىسلىقتا قويۇپتىكەن، سەن قايتىپ كەتكىن!»

بىر ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ، كۆپچىلىك 3 - يىگىتنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ، ئەمما ئۇ پۈتنى بىر قەدەمدە بىر سۆرەپ، ئۇستىۋېشى جۇلجۇل ھالەتتە قايتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ چىرايى زەپىراندەك سارغىيىپ، كۆزلىرى پىلدىرلاپلا قاپتۇ: «قەبىلە باشلىقى، مەن ئاخىر تاغ چوققىسىغا چىقتىم. ئەمما مەن نېمە دېسەم بولار؟ ئۇ يەردە ھۇشقىتىپ تۇرغان شامال بىلەن كۆك ئاسماندىن باشقا ھېچنېمە يوقكەن.»

«سەن ئۇ يەردە ھېچنېمىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ھەتتا بىرەر كېپىنەكمۇ يوقمىكەن؟»

«شۇنداق، قەبىلە باشلىقى، ئېگىزلىكتىن باشقا ھېچنېمە يوقكەن. سىز ئۆزىڭىزنىلا كۆرەلەيدىكەنسىز، «شەخس»نى ئاسمان - زېمىن ئارىسىغا قويۇپ قويغان چاغدىكى ئەرزىمەس تۇيغۇسىدىلا بولىدىكەنسىز، مەڭگۈلۈك قەھرىمانلارنى يادىڭىزغا ئالغان چاغدىكى قايغۇلۇق ھېسسىياتىنىلا سېزىدىكەنسىز.»

«بالام، سېنىڭ چىققىنىڭ ھەقىقىي تاغ چوققىسى. ئەنئەنىمىزگە ئاساسەن، تەڭرىم سېنى قەبىلە باشلىقى قىلىپ تىكلەشنى ئىرادە قىپتۇ، ساڭا بەخت تىلەيمەن.»

ھەقىقىي قەھرىمان نېمىنى ئۇچراتتى؟ ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى جاراھەتلىنىش، يەككە - يېگانە ھالدا ئۇزۇن سەپەرگە چىقىش ۋە ئەھۋال قانچە يامانلاشسا شۇنچە ئېنىق بىلىنىدىغان ئەرزىمەسلىك تۇيغۇسىغا ئېرىشىش قىسمىتىنى ئۇچراتتى.

www.uyghurkitap.com



## سارترې، پوفۋا (فرانسىيە)

بىلىقىز تاھىر تەرجىمىسى

***مۇھەررىردىن:*** *تارىختىن بۇيان مەيلى ئېلىمىز ۋە مەيلى چەت ئەللەردە بولسۇن، ئەرلەر پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئىدېئولوگىيىسىنى كونترول قىلىپ كەلدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت تارىخى ماھىيەتتە ئەرلەرنىڭ تارىخى بولۇپ دەۋرلەندى. 2000 - يىلىغا قەدەم قويۇش ھارپىسىدىكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىنسانلار بۇ ھالەتتىن مۇستەسنا بولالمىدى. بولۇپمۇ بۇ ھادىسە ئىسلام مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدىكى ئەل - خەلقلەردە، جۈملىدىن بىزدە تېخىمۇ ئېغىر ساقلانماقتا. كىيورى خانىمدەك ئالىملار، ساچېر خانىمدەك سىياسىيونلار، ئىسادۇرا دونكاندەك زامانىۋى ئۇسسۇل چولپانلىرى، ۋىرگىنىيە ۋولف ۋە سىمۇنادې پوفۋادەك دۇنياۋى شان - شۆھرەتكە ئىگە يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقىشى تامامەن مۇمكىن بولغان بۇ «بىرىم دۇنيا» خوجايىنلىرى ئائىلە ياكى خىزمەت قاتلاڭچىلىقى تۈپەيلى ئۆزى ھەققىدە، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى قانداق قىلغاندا ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرالايدىغان، قولايلىق شارائىتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ ئويلانمايدۇ. شۇڭا ئەرلەر مەيلى مۇھەببەت سەپىرى جەريانىدا ۋە مەيلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېغىر ئائىلە يۈكىنى كۆتۈرۈشتە ۋە مەيلى كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا بولسۇن، ھامان قىز - ئاياللارنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتىدىن، ئۇلارنىڭ ياردىمىدىن، ئۇلارنىڭ تۈرتكىسىدىن ئايرىلالمايدىغان مۇشۇنداق مۇھىم، سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزگىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تېخىمۇ موللاشتۇرۇش، خاراكتېرىنى كۈچلەندۈرۈپ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى زامانغا خاس قەدەممە بېگىلاپ تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاز - تولا ياردىمى تېگىدىغان بەزى يوبلىستىك ماقالىلەرنى؛ ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋىتى، ئائىلە تەربىيىسى، ئائىلە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئېنچام، جانلىق ماقالىلەرنى داۋاملىق كىتابخانلىرىمىزغا سوۋغا قىلىش مەقسىتىدە بۇ سەھىپىمىزنى ئاچتۇق. بۇ سەھىپىگە يالغۇز ئاياللارلا ئەمەس، ئەرلەرنىڭمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ بىرلىكتە ياخشى باشقۇرۇشنى قارشى ئالىمىز.*

*بىز تۆۋەندە مەۋجۇدىيەتلىك پەلسەپىسى ۋە ئەدەبىياتنىڭ غوللۇق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان سارترې بىلەن كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان ئاياللار ھوقۇقى تەشەببۇسچىسى پوفۋانىڭ سۆھبەت خاتىرىسىنى كىتابخانلار ھوزۇرىغا سۇنىمىز.*

**پوفۋا:** سارترې، مەن سىزدىن ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەرنى سوراپ باقاي، سىز ئەزەلدىن بۇ مەسىلىگە ئېنىق بىر قارىشىڭىزنى شەرھلىمىدىڭىز، مېنىڭ بىرىنچى سوئالىم دەل شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. سىز نېمە ئۈچۈن ئىشچىلار، نېگىرلار، يەھۇدىيلار قاتارلىق ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئۈستىدە توختىلىپ، ئاياللار مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايسىز؟ سىز بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

**سارترې:** مېنىڭچە، بۇ مېنىڭ باللىق دەۋرىمگە مۇناسىۋەتلىك، ئۇ چاغلاردا مومام بىلەن ئاپام ماڭا قارايتتى، يەنە نۇرغۇن قىزلار مەن بىلەن بىرگە ئوينايتتى، شۇڭا مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، قىزلار ۋە ئاياللار مېنىڭ ئەتراپىمدىكى مۇھىتنى شەكىللەندۈرگەنىدى. شۇنداق بولغاچقا، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بەزى ئاياللىق خاراكتېر بار دەپ قارايمەن.

**پوفۋا:** سىزنىڭ ئاياللارنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولغانلىقىڭىز ئاياللارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى

## قىز - ئاياللار دۇنياسى

ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشىڭىزغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

**سارتىر:** مەن چوڭ دادامنى مومامنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم، مېنىڭ ئانام تۇل خوتۇن بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى. بىراق مومامنىڭ ئۇنىڭغا يۈرگۈزگەن ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى چوڭ دادامنىڭ ئېكسپىلاتسىيە تۈزۈمى بىلەن ئوخشاش دەپ قارايمەن.

**پوفۋا:** بىراق، سىز ھازىر كىچىك بالا ئەمەس، ئاللىبۇرۇن چوڭ بولۇپ بولغان ئادەمسىز. سىز نېمىشقا ئاياللارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىدىغان قۇربانلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتكە سەل قارايسىز؟

**سارتىر:** مەن بۇ خىل ھادىسىنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە بىرنېمە دېيەلمەيمەن. مېنىڭ كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە ئىشلار، ئەلۋەتتە. بۇ خىل ئىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ، ئەمما ھەر قېتىم بۇ خىل ئەھۋالغا يولۇققاندا مەن دائىم ھۆكۈمرانلىق ئەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كەمچىلىكى دەپ قاراش بىلەن بىرگە، ئاياللارنىڭ ئۆزلۈك پەزىلىتى ئۇلارنىڭ رايىشلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارايمەن.

**پوفۋا:** نۇرغۇنلىغان ئەرلەر، نۇرغۇنلىغان ئايالار ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتتىمۇ، ھەتتا مەنمۇ ئايالارنىڭ بۇ خىل تەقدىرىنى تونۇپ يېتەلمەيمىز، دېيىشكە بولامدۇ، يوق؟ بىز ئاللىبۇرۇن ئەر - ئايالارنىڭ بۇ خىل مۇناسىۋىتىگە كۆنۈپ قالدۇق، ئۇنى ئومۇملۇق ۋە تەبىئىيلىك دەپ قارايمىز، ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ مەسىلىنى ئاڭلىق تونۇپ يېتەلمەيمىز.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ماڭا قەدىمكى گرېتسىيىدىكى دېموكراتىيىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇ دەۋردىكى كىشىلەر باراۋەرلىككە ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرمىگەن، مېنىڭچە، نەچچە ئەسىردىن كېيىن كىشىلەر بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى ئايالارنىڭ تەقدىرىنى بايقىسا، ئوخشاشلا چەكسىز ھەيرانلىق ھېس قىلىشى مۇمكىن. بۇ خۇددى بىزنىڭ ھازىر قۇلدارلىق تۈزۈمىنى بايقىغان ۋاقتىمىزغا ئوخشايدۇ.

**سارتىر:** مېنىڭچە، سىزنىڭ قاراشلىرىڭىز توغرا. مەن ياش ۋاقتىمدا ئەرلەرنى ئۈستۈن كۆرەتتىم ۋە بۇنى ئەر - ئايالار ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم باراۋەرلىككە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ دەپ قارايتتىم. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئايالار جەمئىيەتتە ئەرلەر بىلەن باراۋەر. ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، بەزى ئەرلەر، مەسىلەن، مېنىڭ ئۆگەي دادام ئېھتىمال مەغرۇر، شەخسىيەتچى، ھۆكۈمرانلىق ئىدىيىسى كۈچلۈك بولسا كېرەك. بىراق بۇ پەقەت شەخسنىڭ پەزىلىتى دەپ قارايمەن.

**پوفۋا:** سىز نۇرغۇن ئايالار بىلەن بولغان ئالاقىڭىزدە ئۇلارنى ئۆزىڭىز بىلەن باراۋەر دەپ قارايدىغانلىقىڭىزنىمۇ، باراۋەر ئەمەس دەپ قارايدىغانلىقىڭىزنىمۇ ئېيتقاندىڭىز. بۇ سىزنىڭ بۇرۇن ماڭا ئېيتقىنىڭىزغا ئوخشاش ئايالار ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار، ئۇلار ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇشى كېرەك، بىراق ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمايۋاتىدۇ، دېگىنىڭىزمۇ؟ مەن ئايالارغا نىسبەتەن ئەرلەرگە ئوخشاش مەدەنىيەت، بىلىم ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىش قىيىن بولمىسىمۇ، بىراق ئايالار يەنىلا سىز بىلەن باراۋەر، پەقەت ئۇلاردا مۇنداق مەدەنىيەت ۋە ئەركىنلىك يوق، دەپ شەرھلەيمەن.

**سارتىر:** مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، مەن ئايالارنى مەلۇم شەكىلنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەم مەلۇم تۈيغۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى دەپ قارايمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ۋۇجۇدىدىنمۇ بۇ نەرسىنى بايقىۋالدىم. دەل شۇنداق بولغاچقا، مېنىڭ ئەرلەر بىلەن پاراڭلىشىشىم ئايالار بىلەن پاراڭلىشىشىمدىن ئاسانغا توختايدۇ دەپ قارايمەن. ئەرلەر بىلەن پاراڭلاشقاندا، پاراڭ تېمىسى دائىم مەلۇم كەسپىي مەسىلىگە ئايلىنىدۇ.

سىزنىڭ دۇكان خوجايىنى ياكى پروفېسسورلۇق سالاھىيىتىڭىزگە ئاساسەن، سىزنىڭ پاراڭ قاتلىمىڭىز ياكى ھازىرقى ئىقتىسادىي مەسىلە ياكى بولمىسا گرېتسىيە ھاكىمىيىتى ئۈستىدە بولىدۇ. مەن ئەرلەر بىلەن قەھۋەخانىدا ئولتۇرۇپ ھاۋا رايى، يولدىن ئۆتكەن يولۇچى ۋە كوچا مەنزىرىسى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قالمايمەن. ئەمما ئايالار بىلەن دائىم مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلىشىمەن. شۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ ماڭا ئايالارنى مەن بىلەن باراۋەر، دېگەن تۈيغۇغا ئىگە قىلىدۇ. مەن دائىم بۇ خىل پاراڭنى قىلغۇم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ پاراڭنىڭ باشلىغۇچىسى بولىمەن.

**پوفۋا:** سىزنىڭ پاراڭ تېمىسىنى باشلاشتەك بۇ بىر جەريان ئەرلەرنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ بۇ سىزگە نىسبەتەن تەبىئىي شۇنداق بولىدىغۇ دەيمەن؟ سىزنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىڭىزگە نەزەر سالىدىغان بولساق، كىشىلەر ئەرلەرنىڭ ھوقۇق ئىدىيىسىنىڭ ئىزنالىرىنى بايقايدۇ.

**سارتىر:** سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىز بىرئاز رېئاللىقتىن ھالقىغان بولسىمۇ، مەن بۇنىڭ راستلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن.

**پوفۋا:** سىز ۋۇجۇدىڭىزدا نۇرغۇنلىغان ئەرلەرگە خاس ھۆكۈمرانلىق تۈيغۇسىنىڭ بارلىقىنى ھېس

قىلدىڭىزمۇ؟

**سارتري:** مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىراق مەن ئۆزۈمنىڭ ئەرلىك ھوقۇقپەرەسلىكىمنى ئۆزۈمنىڭ ئەر بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت بىلەن ئەمەس، بۇ خىل ئەرلىك ھوقۇقپەرەسلىك ئىدىيىسىنى ئۆزۈمنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدىن دەپ قارايمەن.

**پوفۋا:** بۇ تولىمۇ غەلىتىلىك. چۈنكى سىز ھەممىدىن ئاۋۋال پىسخىكا ۋە ئائىدا مۇھىتنىڭ تەسىرى بار دەيدىغان كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئادەم.

**سارتري:** شۇنداق. مېنىڭ ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم دەۋرىمىزدىكى ئەرلەرنىڭ ئومۇمىي قوللىنىدىغان ئۇسۇلى. مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ئارتۇقچىلىقىم دەپ قارايمەن. بىراق مەن ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىمنىڭ تەڭتۇش ئەرلەرگە قارىغاندا ناھايىتى كۈچلۈكلۈكىگە ئىشىنىمەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەن باشقا نۇرغۇن ئەرلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن.

**پوفۋا:** شۇڭا سىزگە نىسبەتەن «كۈچلۈك» دېگەن بۇ ئۇقۇم سىزنىڭ ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزگە ماس كېلىپلا قالماستىن، بەلكى سىزنىڭ باشقا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزگە ماس كەلگۈدەك.

**سارتري:** شۇنداق دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، بىراق بۇ ئىشتا بەزى ئۆزگىچىلىكمۇ بار. چۈنكى ئۇ تۇيغۇغا تايىنىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ھېس - تۇيغۇ ۋە كۆزىتىش ئىچىدىكى «كۈچلۈك» لۈكنى چوقۇم تەتقىق قىلىپ بېقىش لازىم.

بىر ئادەم مەلۇم تەرەپتىن مەلۇم ئايالدىن ئۆزىنى ئۈستۈن ھېس قىلسا، شۇنداقلا ئۇنى سۆيىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ بۇنىڭغا يەنە قانداق زىددىيەتلەر يوشۇرۇنغان؟

**پوفۋا:** مېنىڭچە، بۇ يەردە قىزىقىشىمنى قوزغايدىغىنى سىز بىر تەرەپتىن، ئۆزىڭىزنىڭ دۇنيادىكى «ھەرقانداق» ئادەمگە ئوخشاشلىقىڭىزنى بايان قىلىسىز، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىڭىزنىڭ كۈچلۈك ھوقۇق تۇيغۇڭىزنىڭ باشقا ھېچكىمنىڭ كۈچلۈك ھوقۇق ئىدىيىسىگە ئوخشىمايدىغانلىقىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ.

**سارتري:** مۇستەقىل ئىندىۋىدۇئاللىق «كۈچلۈك ھوقۇق ئىدىيىسى» نى بىلىشىڭىز كېرەك. مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا مەن ئۆزۈمنى «ھېچكىم بىلەن تەڭ قىلمايمەن». مەن قىرىق ياش ۋاقتىمدىلا مۇشۇنداق يازغان. ھازىرمۇ بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

**پوفۋا:** ھوقۇق ئىدىيىسى دېگەن بۇ ئۇقۇمغا قايتىپ كەلسەك، بىز مەسىلىنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى. سىز مېنى «2 - جىنس» دېگەن بۇ كىتابنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈردىڭىز، يەنە بۇ كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى بارلىق نەزەرىيىلەرنى قوبۇل قىلدىڭىز، ئەكسىچە كامۇسقا ئوخشاش ئادەملەر كىتابنى مېنىڭ يۈزۈمگە ئاتقىلى تاس قالدى. شۇندىن كېيىن مەن جىنس مەسىلىسىگە سەل قارايدىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەرلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

**سارتري:** شۇنداق، لېكىن مېنىڭ ئالدى بىلەن كۆرسەتمەكچى بولغىنىم، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىدە مەن سىزنى باراۋەر ئورۇندا كۆرۈپ كەلدىم.

**پوفۋا:** مەن سىزنى مېنى ئەزەلدىن ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپ باقمىغان، ماڭا ئۈستۈنلۈكىنى پەش قىلىپ باقمىغان دەيمەن. سىزنىڭ كۈچلۈك ھوقۇق ئىدىيىڭىزنى تاشلىۋېتىشىڭىز ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادەتتىكى ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇ خىل تۆۋەن سەۋىيىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يوقلۇقىدا، بۇ ناھايىتى مۇھىم.

**سارتري:** دەل مۇشۇنداق مۇناسىۋەت، ماڭا ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ھەقىقىي ئىككى خىل جىنس ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىدى. مەن ئۆزۈمنى سىزدىن ئۈلگار، ئەقىللىق ياكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە دەپ قارىمايمەن. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى سىزگە ئوخشاش نۇقتىدا قويۇپ مۇئامىلە قىلىمەن. بىز باراۋەر، قىزىقارلىقى باشقا ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مېنىڭ كۈچلۈك ئەرلىك ھوقۇق ئىدىيەمنى ئاشۇردى. ئەكسىچە ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىككى شەخس ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە باراۋەرلىك، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي باراۋەرلىكتۇر.

**پوفۋا:** مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىز ھەقىقەتەن «2 - جىنس» دېگەن كىتابتىكى ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپسىز. بىراق ئۇ سىزنىڭ ھېچنەرسىڭىزنى ئۆزگەرتەلمەپتۇ، مېنىمۇ ئۆزگەرتەلمەپتۇ. چۈنكى مەن ئەينى چاغدا ئىككىمىزنىڭ ئەقىدىسىنى بىر خىل دەپ قارايتتىم.

بىزنىڭ ئوخشاش ئەقىدىمىز بار – ئۇ بولسىمۇ سىز ۋە مەن جەمئىيەتتىكى ئىنقىلاب ئاياللار ئازادلىقىغا بېتەكچىلىك قىلىدۇ دەپ قارايمىز. بىراق ئۇنداق بولمايلا بۇ ئويىمىزنى ئۆزگەرتمىسەك بولمايدۇ. چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى، چېخوسلوۋاكىيە قاتارلىق بىز بىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە ئاياللار ئەرلەر بىلەن ھەقىقىي باراۋەر ئورۇنغا ئېرىشكىنى يوق. بەلكى بۇ ماڭا ئېنىق

بولغان ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىك ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغۇزدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ھېس قىلدىم.

سىزمۇ مېنىڭ بۇ خىل كۆزقارىشىمغا قوشۇلسىز. بىراق مەن سىزنىڭ مېنىڭ قارىشىمغا قانچىلىك قوشۇلىدىغانلىقىڭىزنى بىلگۈم بار. سىز ھازىر ئاياللارنىڭ ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرەشلىرىگە قانداق قارايسىز؟ مەسىلەن، سىز ئاياللار كۈرىشى بىلەن سىنىپىي كۈرەش مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

**سارترې:** ماڭا نىسبەتەن بۇ ئىككى خىل كۈرەشنىڭ ئوخشىمايدىغان شەكىل ۋە نىشانى بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككىسىنى ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

**پوفۋا:** ياش ئەسكەرلەرنىڭ قائىدىگە قارشى تۇرۇشىمۇ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئوخشىمايدىغان بىر خىل كۈرەش شەكلى. مېنىڭچە، ھازىرقى نۇرغۇنلىغان ھەرىكەتلەر سىنىپىي كۈرەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تېخى سىنىپىي كۈرەش مۇستەقىل. ئۇنى سىنىپىي كۈرەش دەپ يىغىنچاقلاشقىمۇ بولمايدۇ.

**سارترې:** بىز چوقۇم بۇ ھەرىكەتلەرنى بىر ـ بىردىن كۆزىتىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشى، ئېكسپىلاتسىيە قىلغۇچىنىڭ ئېكسپىلاتسىيە قىلىنغۇچىغا ئېلىپ بارغان كۈرىشىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە يەنە باشقا ئامىللارمۇ بار. بىراق ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قارشى كۈرىشى، ماھىيەتتە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارىتىلغان قارشىلىق. چۈنكى ئەرلەر دائىم ئاياللارنى كونترول قىلىدىغان ئورۇندا تۇرىدۇ.

**پوفۋا:** سىزنىڭچە، ئاياللار ھەرىكىتى مۇشۇنداق بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مۇھىملىقى نەدە؟

**سارترې:** ياق، مەن ئاياللار ھەرىكىتى ئاساسلىق زىددىيەت دەپ قارايمەن. نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى بۇ خىل كۈرەش شەخسلەر ۋە ھەر بىر ئائىلىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ شەخسىي كۈرەشلەرنى يىغىنچاقلىساق ناھايىتى چوڭ بىر ھەرىكەت شەكىللىنىدۇ. كېيىن ئېيتالايمەنكى، نۇرغۇن ئاياللار بۇنى ھېس قىلالمايدۇ. بۇ بارلىق ئاياللارنىڭ بارلىق ئەرلەرگە قارشى كۈرىشى. ھەممە ئاياللار بۇ خىل ھەرىكەتكە قاتنىشالايدۇ. ھەرىكەتنىڭ كۆلىمى زورايسا، ئۇلار پايدىغا ئېرىشىدۇ. شۇڭا بۇ خىل زور كۆلەملىك ھەرىكەت تېخى ئۆزىنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە چىققىنى يوق.

**پوفۋا:** بەزى جايلاردا، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى بىلمەيدىغان ئاياللارمۇ ئۆز مەنپەئىتىنىڭ مەلۇم خەۋپكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال، بىر قىسىم زىيالىي ئاياللار سوتسىيە ئۇسۇلدا ھامىلە چۈشۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ ھەرىكەت ئېلىپ باردى. بىز 343 كىشىلىك باياناتنى ئېلان قىلغىنىمىزدا، ئادەم سانىمىز خېلى ئاز ئىدى. بىراق بىز ھۆكۈمەتنىڭ سوتسىيە ئۇسۇلدا ھامىلە چۈشۈرۈش قانۇنىنى تۈزگۈزگىنىمىزدا نۇرغۇن ئاياللار ئاۋاز قوشتى. گەرچە بۇ قانۇن بىزنىڭ تەلىپىمىزدىن يىراق بولسىمۇ، ئادەمنى تولۇق رازى قىلالمىسىمۇ، بىراق بۇ بىز ئۈچۈن چوڭ غەلىبە بولدى.

**سارترې:** شۇنداق، ئەرلەرمۇ سوتسىيە ئۇسۇلدا ھامىلە چۈشۈرۈشنى قوللىدى.

**پوفۋا:** مېنىڭچە، ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش قانۇنىي تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش كۈرىشى ئاياللارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بارلىققا كەلگەن.

**سارترى:** شۇنداق، مەلۇم نۇقتىدىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. بىراق ئۇ يەنىلا ئەرلەردىن تەشكىللەنگەن ئۆمەكنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يولغا قويۇلغان قانۇن. شۇڭا بۇ نۇقتىدا ئىككى جىنسىيەتلەرنىڭ مەلۇم باغلىنىشى بار.

**پوفۋا:** نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نۇرغۇنلىغان ئاياللار ئۆزىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىدىن ئىبارەت تەقدىرىنى تونۇپ يەتكىنى يوق. ئۇلارنىڭ بارلىق ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىش، بالا بېقىش قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. بۇ ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك ئەركىنلىك.

**سارترې:** مېنىڭچە، بىر قىسىم كىشىلەر ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇھىم بىر خىل كۈرەشنى تونۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئاياللارنىڭ قۇربان بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرى چوقۇم ھېس قىلىشى زۆرۈر.

**پوفۋا:** سىزنىڭ قارىشىڭىزغا قوشۇلمەن، ئۇلار ئويغىنىپ بىر خىل كۈرەش شەكلىنى ئىزدەپ تېپىشى زۆرۈر. شۇنداق بولسا ئۇلار يالغۇزلۇق ھېس قىلمايدۇ. ھازىر مەن باشقا بىر مەسىلىنى سورىماقچى، بۇ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، ئاياللار ئازادلىقى تەشكىلاتىدىمۇ تالاش ـ تارتىش قىلىنىدىغان مەسىلە. ئۇ بولسىمۇ، باراۋەرلىك ۋە «رىقابەت» ئوتتۇرىسىدا قايسى خىل مۇناسىۋەتنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىم؟

بىر تەرەپتىن، بىز باراۋەر جەمئىيەتنى تەشەببۇس قىلىمىز. ئۇ جەمئىيەتتە ئەرلەرنىڭ ئەرلەرگە بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى يوقىتىپ قالماستىن، بەلكى تەبىقە تۈزۈمى، ئالاھىدە ھوقۇق قاتارلىق باشقا ھوقۇقلارنىمۇ، باشقا ئامىللارنىمۇ بىكار قىلىشىمىز لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، بىز ئەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئوخشاش سالاھىيەتكە، پۇرسەتكە، ئىش ھەققىگە، ئۆسۈش پۇرسىتىگە، شۇنداقلا ئوخشاش دەرىجىگە ئېرىششنى ئويلايمىز. شۇڭا بۇ يەردە نامەلۇم زىددىيەتلەر بار.

**سارتري:** بىرىنچى تەرەپتىن ئېيتقاندا، زىددىيەت دەرىجە تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا، مېنىڭ ئارزۇيۇمچە بولغاندا، بۇ ھەرىكەت دەرىجە پەرقىنى يوقاتسا زىددىيەتمۇ تۈگەيدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاش مۇئامىلىگە ئېرىشىپ قالسا يەنە ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت بولمايدۇ.

بىراق، بىز مەسىلىنى رېئال ئويلىشىمىز زۆرۈر. ھېلىقى ئوتتۇرا سەۋىيىدىكى ياكى كىرىمى تۆۋەن، تېخنىكىسى يوق ئەر ئىشچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار ھەقىقەتەن ئوخشاش، شۇنداقلا ئۇلار كىرىمى يۇقىرىراق خىزمەتكە، مەلۇم بىلىم ۋە قابىلىيەتكە موھتاج. شۇڭا كۆپلىگەن ئاياللارغا نىسبەتەن دەرىجە تۈزۈمىنى بىكار قىلىۋەتكەن ئاساستا، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇتلەق باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىش، بەلكى ئۇلار رېئال جەمئىيەتتە ئۆزلىرىدىن پەقەت مەلۇم قابىلىيەت سىستېمىسىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۆزلىرىنى ئەرلەر بىلەن باراۋەر دەپ ھېسابلىغانلار بىر بۆلەك ئىلغار ئاياللاردۇر. چۈنكى مېنىڭچە، ئاياللار ھوقۇقى ھەرىكىتىدە بىر قىسىم ئاياللار ئىجتىمائىي قاتلامنىڭ بېشىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭكى مەسىلىلەرنى بىرتەرەپ قىلىپ، ماتېماتىكا ۋە پەن - تېخنىكىدا ئەقىل - پاراسىتىنىڭ كەم ئەمەسلىكىنى نامايان قىلىپ، ئەرلەر تەشەببۇس قىلغىنىغا ئوخشاش ئەرلەر بىلەن ئوخشاش خىزمەت قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

نۆۋەتتە مېنىڭچە، بۇ ئىككى خىل ئاياللارنىڭ مەۋجۇتلۇقى پەقەت كىشىلەر ئاشۇ بىر قىسىم ئىلغار ئاياللارنىڭ مەلۇم مەنىدە بارلىق ئاياللارغا ۋەكىللىك قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، ئۇنداقتا ھالقىلىق مەسىلە يەنىلا ئىسپاتلاشتا. بىزنىڭ ھۆكۈمرانلىقنى بىلدىغان ئادالەتنى ئاساس قىلغان جەمئىيىتىمىزدە، ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش دەرىجە قاتلىمىغا يېتەلەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى ئۇ بەزى ئەرلەرنىڭ كۆزقاراشلىرىغا رەددىيە بېرىدۇ. بۇ ئەرلەر ئاياللارغا قارشى تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئاياللار ئەقىل - پاراسەتتە ۋە باشقا جەھەتتە ئەرلەردىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**پوفۋا:** كىشىلەر، بۇ ئۇلارنىڭ نەزەرىيىسىگە رەددىيە بېرىشى مۇمكىن، بىراق ئۇلارنى ئىشەندۈرەلمەيدۇ دېيىشى مۇمكىن. ئۇلار ئاياللارنى تۆۋەن دەپ قاراشقا موھتاج. چۈنكى ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدا تۇرىدۇ. بەلكى مۇنداق خەتەرنىڭ بولۇشى نۇرغۇن ئىلغار ئاياللارنىڭ سەۋەب ئىزلىشىگە ساۋاق بولىدۇ. مەسىلەن، ئاياللار ئازادلىقى تەشكىلاتىدا مەرۋىي چاپىنىلاردا ئوخشىمىغان قاراش بار. بىز قىسىم ئادەملەر بۇنى ياخشى ئىش دەپ قارايمىز. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىسپاتلىدى. ئەكسىچە، يەنە بىر بۆلەك ئادەملەر ۋە ئەرلەر باھانە كۆرسىتىپ: «سىلەر ئوخشاش پۇرسەتتە ئەرلەرگە ئوخشاش ھەممە ئىشلارنى ياخشى قىلالايسىلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ ئورنىنى تۆۋەن كۆرمەڭلار» دەيدۇ. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

**سارتري:** مېنىڭچە، بۇ مەۋجۇت نۇقتىنى ئىسپاتلاش زۆرۈر بولسىمۇ، سىز ئېيتقان باھانە ئىزدەيدىغان ئاياللار بىر خىل زىددىيەت ئىچىدىكى ئاياللار.

ئۇ ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىكنى ئىسپاتلاپ بېرەلىشى مۇمكىن. بىراق ئۇ مەلۇم نۇقتىدىن پەقەت ۋەكىللىك رولىنى ئۆتەيدۇ، خالاس. ئۇ باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.ھازىرقى جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا بىز بۇ خىل ھەقىقەتكە سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. شۇنداق بىر قىسىم ئاياللار باركى، ئەرلەرگە ئوخشاش خىزمەت قىلالايدۇ، ھەتتا ئەرلەردىنمۇ ئوبدانراق ئىشلىيەلەيدۇ.

**پوفۋا:** شۇڭا كىشىلەر دائىم مۇشۇنداق مۇمكىنچىلىككە يۈزلەنگەندە، ئۇلار دائىم مەلۇم ئىشلارنى قىلىپ، ئەكسىچە ئۆزى قارشى تۇرماقچى بولغان شەيئىلەرگە تىپ سۈپىتىدە ۋەكىل قىلىنىۋالىدۇ. «مەلۇم مەنپەئەت ئۈچۈن ئىشلەش...» نەزەرىيىسى كىشىلەرنىڭ بارلىق ئىشتا مەلۇم مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ توختىماي يېزىقچىلىق قىلىشىمىزدا، بىز بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇرساقمۇ بۇرژۇئازىيە سىنىپىدىكىلەر ئوخشاشلا بىزنى بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ يازغۇچىسى دەپ قارايدۇ.

بىزنىڭچە، ئاياللاردا ياخشى ساپانى ھازىرلاش ئوبدان ئىش. بىراق مەن ساپا ۋە كەسىپتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك، دەپ قارايمەن. چۈنكى، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىز چەكلىگەن كەسپىي ئورنى بارمۇ، يوق؟

**سارتري:** ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئويلىغانلىرىڭىز كەسپىي ئورۇن بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ساپانىڭ بولۇش - بولماسلىقى مۇھىم ئەمەس. ناۋادا ئاياللارنىڭ كەسپىي ئورنى ئۆزگەرسە، ئاياللارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۆزگىرىدۇ.

**پوفۋا:** مەن يەنىلا بەزى كەسپىي ئورۇنلارنى ئەرلەرمۇ رەت قىلىدۇ، دەپ قارايمەن. ھازىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاياللار ھۆكۈمەتنىڭ رېۋىزور مۇدىرى ياكى مىنىستىر بولۇشىنى رەت قىلىدۇ. بىراق ئەرلەر بولالايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىش بىر ئادەمگە نىسبەتەن مۇمكىن ئەمەس بولسا، باشقا بىر ئادەمگە نىسبەتەنمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. بىراق ھازىرقى تەقدىردە

ئاياللار ئالدىنىش خەتىرىگە دۇچ كەلمەكتە. چۈنكى ئاياللار ئۆز تېنى ۋە ساپاسى، بىلىمىنى بېغىشلاش ئارقىلىق ھوقۇق كۈچىگە ئېرىشىدۇ. ئەكسىچە ئەرلەر بارلىق ھوقۇقلارغا ئىگىدۇر.

مەسىلەن، كىشىلەر دائىم بىئولوگىيىنى تەتقىق قىلغۇچى ئايالنىڭ ھەيز كۆرۈش، تۇغۇتتىن مۇداپىئەلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش سالاھىيىتى بار دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئاياللارنىڭ تەتقىقات تېمىسىمۇ ئەرلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. مېنىڭچە، ئاياللارنىڭ كەسپى ناھايىتى ئاجىز، نوقۇل ھالدا ئەرلەرنىڭ مەنپەئىتىگە مۇلازىمەت قىلىش بولماسلىقى زۆرۈر.

بۇ يەنە بىر مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇمۇ ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتىدە دائىم تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان، يەنى ئاياللار بۇ ئەرلەر دۇنياسىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىشى لازىممۇ؟ ئۇلار بارلىق ساھەلەرنى ئىگىلىشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشى لازىممۇ؟

مەن پەن - تېخنىكا، تىل ۋە سەنئەتنى مۇھاكىمە قىلسام، بۇ ساھەلەردە ئاساسەن ئەرلەرنىڭ ئىزى قاپتۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز بۇلارنى رەت قىلىشىمىز، نۆلدىن باشلاپ ئوخشاشمايدىغان بىرنەرسىنى ئىجاد قىلىشىمىز لازىممۇ؟ ياكى بىز بۇلارنىڭ قىممىتىنى تونۇپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ئاياللارنىڭ مەقسىتى قىلىشىمىز لازىممۇ؟ سىز قانداق ئويلايسىز؟

**سارتري:** مۇشۇنداق مەسىلىنىڭ چىقىشىدا مەخسۇس ئاياللار قىممىتى قارىشى بارمۇ؟ مەسىلەن، مەن ئاياللار تەسۋىرلەنگەن رومانلاردىن ئۇلارنىڭ ئاياللارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى كۆرگەن. بىراق ئۇلار ئەرلەرنىڭ قىممەت قارىشى بويىچە ئاياللارنى چۈشەندۈرگەن. ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئاياللار رېئاللىقى بىلەن ئوخشاش بولۇشى ناتايىن.

**پوفۋا:** سىز بۇ يەردە يەنە بىر «ئايال» مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز، بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچكىم تېخى ئاياللارنىڭ پەقەت مۇستەقىل بىر ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىنى يوق. بىراق مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان ئاياللارنىڭ ئوبرازى بەزى ئەرلەرنىڭ ئوخشىمىغان كەمچىلىك ۋە ئارتۇقچىلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

**سارتري:** بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بىراق بۇ ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتى پات ئارىدا ياكى يېقىن كەلگۈسىدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىنمۇ ئاشۇ خىل ھېسسىي مىزان ياكى پەرقلەرنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

**پوفۋا:** ئۇنداقتا بىز ئاياللار مەلۇم ياخشى پەزىلەتكە ئىگە بولساق، ئەرلەرمۇ بۇ خىل ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلالايدۇ. قوبۇل قىلىش ئۆگەنگەندىن ياخشى دېيىشكە بولامدۇ؟

**سارتري:** ئاياللارنىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ توغرا ھالدا ئىچكىرىلەپ ئۆزىنى چۈشىنىشى تامامەن مۇمكىن.

**پوفۋا:** ناۋادا سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسا، سىز ئەرلەر بىلەن بىرگە بولۇشتىن ئاياللار بىلەن بىرگە بولۇشنى بەكرەك ئارزۇ قىلىدىكەنسىز - دە! سىز دائىم ئاياللار ئەرلەردەك «سۈيۈق» ئەمەس دەيسىز.

**سارتري:** ئۇ ھەقىقەتەن راست، ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچراشنىڭ بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى چوڭ مۇناسىۋىتى بار. مېنىڭ «سۈيۈق» دېگىنىم، بىر ئادەم ئۆزىنى ئادەتتىكى ئەر دەپ ھېسابلىسا، ئۇ سىرتقى مۇھىتقا نىسبەتەن ئۇ ھەقىقىي سۈيۈقلىقا ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، مەن ئەرلىك ھۆكۈمرانلىقنى شەخسنىڭ پەزىلىتى دەپ قارىسام، ئۇنى ئىجتىمائىيلىق ياراتمىسا مەن سۈيۈق بولىمەن.

**پوفۋا:** سىز ئاياللارنى ئەخمەق قىلىشنىڭ ئاسانلىقىنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

**سارتري:** ھەقىقەتەنمۇ ئەخمەق قىلىش ئاسان، ئۇلار دائىم سۈيۈق ئەرلەرنىڭ دۇنياسى، سۈيۈق دۇنيا.

**پوفۋا:** ئاددىيلاشتۇرغاندا، ھەممە ئادەم ھەرخىل بولغاچقا شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**سارتري:** شۇنداق، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىدىغان شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاياللار مەلۇم نۇقتىدىن ئەرلەردىن ئەركىن. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ناھايىتى ئاز ھاللاردا قېلىپقا سېلىۋالىدۇ. ئۇ تېخىمۇ بىلمەس بولۇۋالىدۇ.

**پوفۋا:** ئۇنداقتا سىز ئاياللار ھوقۇق كۈرىشىنى قوللايسىز؟

**سارتري:** بۇ مۇتلەق شۇنداق. مېنىڭچە، ئاياللار ھوقۇقىنى قوغدىغۇچىلارنىڭ مەلۇم مەسىلىدە ئوخشىمايدىغان پىكرى بار. بۇ تامامەن نورمال پىكىردىكى ھەر خىللىقنىڭ بولۇشى تامامەن مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار كەڭ ئاممىۋى قوللاشقا ئېرىشەلمەيدۇ. ھازىرقى خىزمەتمۇ بۇ خىل قوللاشقا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. ناۋادا بۇ خىل شارائىتقا يېتەلىسە، ئۇنداقتا ئۇلار پۈتكۈل جەمئىيەتنى تەۋرىتەلەيدۇ. ئۇنىڭدا ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدۇ.

www.uyghurkitap.com



# ئاشنىڭىز ۋە خوتۇنىڭىز

(ئەدەبىي خاتىرە)

گېزى

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

ئـاشنـىڭـىز كـۆتۈشىڭىزنى تەلەپ قىلىدىغان ئايال، خوتۇنىڭىز سىزنى كۈتىدىغان ئايال.

ئـاشنىڭىز ھەمىشە سېتىۋالغان نەرسىلىرىڭىزنى ئەرزان كۆرۈپ ئاغرىنىدىغان ئايال، خوتۇنىڭىز ھەمىشە سېتىۋالغان نەرسىلىرىڭىزنى بەك قىممەت كۆرۈپ رەنجىيدىغان ئايال.

ئاشنىڭىز نەپىس گۈلدانغا سېلىپ قويغان گۈل، ئۇنىڭغا قارىسىڭىز راھەتلىنىپ ئاجايىپ ئامراق بولۇپ كېتىسىز. ئەمما بۇ گۈلنى پۇل، ھوقۇق، ئابروي، مەرتىۋە ياكى شەھۋانىي نەپىس دېگەندەك ئالاھىدە ئوزۇقلۇقلار بىلەن پەرۋىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خوتۇنىڭىز سېۋەتكە سېلىپ قويغان كۆكتات، ئۇ ئۆزىنىڭ جاۋۇلدىشى، كۆيۈمچانلىقى، تىرىشچان ـ ئىقتىسادچىللىقى بىلەن سىزنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، چىرايىڭىزنى نۇرانە، كىيىملىرىڭىزنى رەتلىك، يەيدىغاننى يەپ، ئىچىدىغاننى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئاشنىڭىز بىلەن كۆرۈشكۈدەك روھلۇق ھالغا كەلتۈرۈۋېتىدۇ.

ئاشنىڭىز دەردىڭىزنى تۆكسىڭىز ئاڭلايدۇ، ئەمما بىرەر سـۆزىـڭـىـزنـى كۆڭلىدە ساقلىمىغان بولسىمۇ، بېرىلىپ ئـاڭلاۋاتقـان يـېقـىملىق قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئايالىڭىز دەردىڭىزنى تۆكۈپ بولغىچە ئالدى بىلەن ئېغىز ئېچىپ، سىزنى «كىيىملىرىڭىز پاسكىنا بولۇپ كەتسىمۇ يـەڭگـۈشلـەشنـى بىلمەيسىز، ناشتا قىلمىسىڭىز سالامەتلىكىڭىزگە تەسىر يېتىدۇ» دەپ ئەيىبلەيدۇ... بۇ كـوتۇلداشلار ئەمەلىيەتتە سىزگە بولغان مۇھەببەتكە تويۇنغان بولىدۇ.

تۇغۇلغان كۈنىڭىز بولغان چاغدا، ئاشنىڭىز سىزگە گۈل تەقدىم قىلىدۇ، خوتۇنىڭىز ئوزۇقلۇق قىممىتى مول نازۇ ـ نېمەتلەرنى ھازىرلاپ بېرىدۇ، يەنە سىزگە ئىسسىق بىـر پوپايكا ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن سىز: «ئاشنا رومانتىك، خوتۇن رېئال بولىدىكەن» دېگەن قاراشقا كېلىسىز.

بىر كۈنى سىز ئالتۇن ئۈزۈك سېتىۋېلىپ تۇمۇچۇقتەك ئاشنىڭىزغا سوۋغا قىلدىڭىز. توساتتىنلا يەنە ئىنساپىڭىزغا كېلىپ ئايالىڭىزغىمۇ ئوخشاش ئۈزۈكتىن بىرنى سېتىۋالدىڭىز. سوۋغىنى قوبۇل قىلغاندا، ئاشنىڭىز سىزنى تاتلىققىنە سۆيۈپ قويىدۇ، ھەتتا سىزدىن يوشۇرۇنچە ئۈزۈكنى ئالاقىدار ئورۇنغا ئاپىرىپ تەكشۈرتىدۇ؛ ئايالىڭىز بولسا، «شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ جانغا ئەسقاتمايدىغان بىرنەرسىنى سېتىۋاپسىز» دەپ ئاغرىنىدۇ، ئارقىدىن قەلبى خـۇشـاللـىققا تولغان ھالدا تاقىۋالىدۇ، ئەمما ئۇ، بۇ ئۈزۈكنىڭ جىك ـ جالىقىدىن ھەرگىز گۇمانلانمايدۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، ئەر بولغۇچى كىشى: «يەنىلا خوتۇنۇم ماڭا كۆيۈنىدىكەن» دەپ بىردىنلا ئويغىنىدۇ! شـۇنـىڭ بىـلـەن بەزى ئەر كىشىلەر رومانتىكلىقنى قوغلاشماي، ياۋاشلىق بىلەن رېئاللىققا قايتىپ كېلىدۇ.

**ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنى (قىستۇرما رەسىملەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز كـۆچـۈرۈپ بېسىشقا، تېلېۋىزىيە فىلىمى قىلىپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەشكە ياكى باشقا ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق پـايدىلىنىشقا، شۇنداقلا ژۇرنىلىمىزنىڭ بەت لايىھەسى، سەھىپىلىرى قاتارلىقلارنى تەقلىدىي يوسۇندا ئىشلىتىشكە بـولمايدۇ. ئەگەر ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر خەنزۇچە ياكى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىنسا ئەسەر ئاخىرىغا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقى شەرتسىز ئەسكەرتىلىشى كېرەك. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇنىي مەسئۇلىيىتى قەتئىي سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.**


※ ※ ※

**«تـەڭرىـتـاغ» ژۇرنىـلىغا مۇشتىرى بولۇشقا ئۈلگۈرمىگەنلەر ياكى ژۇرنىلىمىزنى توپ ۋە پارچە سېتىۋالغۇچىلار ژۇرنىلىمىزنىڭ تارقىتىش خادىمى ئىمىرھەسەن، ئەركىن نۇر، ئەزىزى بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ.**

**ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2818897، چاقىرغۇ: 98980 ئارقىلىق 8070233**

**تۈزىتىش**

دىققەتسىزلىكىمىزدىن ژۇرنىلىمىزنىڭ 3 ـ سانىدىكى «سادا ھەققىدە» ناملىق ماقالە ئاپتورىنىڭ ئىسمى خاتا كەتكەن، ئۇنى «ئەنەيتۇللا قۇربان» دەپ توغرىلاپ ئوقۇشقۇچىلارنى سورايمىز.




## ئۈچ شېئىر

### ئاپولىنار
### مىراپو كۆۋرۈكى

ئاقىدۇ جىمجىت سىنا دەرياسى
مىراپو كۆۋرۈكىنىڭ ئاستىدا.
خۇشاللىق كېلەر ھامان دەرد كەينىدىن
سۆيگۈمىز ئەسلىنەمدۇ شۇ ۋاقتىدا.

كېچىنىڭ قوڭغۇرىقى تۇرار ياڭراپ
ئۆتمەكتە زامان، بىزلەر قالدۇق ياشاپ
كۆرۈشتۇق، قوللىرىمىز گىرەلەشتى،
قوللاردىن كۆۋرۈك ھاسىل بولدى چىرماش.
مەڭگۈلۈك نىگاھىمىز ئۆتەر بۇندىن
چارچىغان دولقۇنلارغا بولۇپ ھاپاش.

كېچىنىڭ قوڭغۇرىقى تۇرار ياڭراپ
ئۆتمەكتە زامان، بىزلەر قالدۇق ياشاپ

مۇھەببەت غايىب بولدى ئېقىن كەبى
مۇھەببەت نەلەرگىدۇر كەتتى يوقاپ.
ھاياتلىق يولى ئۇزاق، بەكمۇ ئۇزاق،
ئارزۇلار يانار گۈلخان بولۇپ شۇتاپ.

كېچىنىڭ قوڭغۇرىقى تۇرار ياڭراپ
ئۆتمەكتە زامان، بىزلەر قالدۇق ياشاپ
ئۆتمەكتە كۈنلەر، ئايلار، يىللار بىر - بىر
شۇ كۈنلەر قايتىلانماس، مۇھەببەت ھەم.

مىراپو كۆۋرۈكىنىڭ ئاستى بىلەن
ئاقماقتا جىمجىت سىنا دەرياسى ھەم.

كېچىنىڭ قوڭغۇرىقى تۇرار ياڭراپ
ئۆتمەكتە زامان، بىزلەر قالدۇق ياشاپ

### كېسەلچان كۈز

بىز سۆيۈنگەن ئەي كېسەلچان كۈز
قىزىلگۈلنى بوران سوققاندا
باغلارنى ئاق قارلار ياپقاندا
ئۆلدۈڭ ئۈن - تىنسىز

بىچارە كۈز، سېنىڭ ئۆلۈمىڭ
باشلاپ كەلدى كۈمۈش پەسلىنى
مېۋىلەرنىڭ مەي باغلىنىشنى
تىنىق كۆكتە
پەرۋاز قىلغان قىران بۈركۈتلەر
باقار يېشىل جۇلا يېپىنغان
كىچىككىنە سۇ پەرىسگە
ئۇلار مۇھەببەتنى كۆرۈپ باقمىغان

يىراقتىكى ئورمان ئىچىدە
بىر توپ بۇغا چېكىدۇ پەرياد
سۆيۈنىمەن سېنىڭدىن
سۆيۈنىمەن سادالىرىڭدىن
تۆكۈلۈپ تۇرغان مېۋىلىرىڭدىن
ئىڭرار بوران، يىغلار دەرەخلەر
كۈز ياشلىرى ئۈزۈلۈپ بىر - بىر

كۈز قوينىغا چۈشكەندە تامام
ئاياغ ئاستىدا
يوپۇرماقلار بولىدۇ خازان
رېلىس ئۈستىدە
پىرقىرار چاقلار
ئۆتىدۇ
هايات

## رېيىن دەرياسىنىڭ كېچىسى

ئوتقاشتەك جۇلالىنار جامىمدا مەي
تىڭشايمەن كېمىچىلەر ناخشىسىنى
يەتتە قىز چۆمۈلىدۇ ئاي نۇرىغا
يەلپۈتۈپ يېشىل بوستان چاچلىرىنى
ۋالىسقا چۈشۈپ كەتتى ناخشا توۋلاپ
ئاڭلانماس كېمىچىلەر كۆيى مانا
جەم بولدى ئەتراپىمغا ئالتۇن چاچلار
خۇمارلىق مېھرى بىلەن بېقىپ ماڭا

مەست بولدى تەك ئاستىدا ئەزىم دەريا
يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ سۇ بېتىدە
كۆيلىنەر يېشىل چاچلىق شاياتۇنلار
مەستانە ياز پەسلىنىڭ قۇدرىتىدە

ۋىلىقلاپ كۈلگەن كەبى چېقىلدى جام

# شېئىرلار

## پائول ئېلۇئارد

## خىيالىي تۈيغۇ

كۆلكىلىك بەيگىگە قويۇلۇپ چېكىت
يىقىلغان چەۋەنداز يوقاتتى سېزىم
هاياتىي قۇدرەتكە تولغان ياراغلار
توۋلىدى خور قىلىپ
ئوتلۇق قوشاقلار

تالادىن كەلگەندە ئاياغ تىۋىشى
تۆكۈلدى سەبدىلەر
يىقىلدى ئۆيلەر
ئەلئېھرام يىغلىدى پەرياد كۆتۈرۈپ
ئەكس سادالارنى هەم قويدى ئۆچۈرۈپ

تۈيغۇمدا ئايلىنىپ قالىمەن دائىم
كىيىملىك ئايال ۋە يالىڭاچ ئەرگە
بىلمەيمەن سۆيگەن يا سۆيۈلگىنىمنى

## تۈنجۇقۇش

سۇ يۈزىدە سەكرەيدۇ تاش
چۆكەلمەيدۇ كۆك تۇمان بىراق.
دەمخلىدىن خالىي
تېرە ئۇ شۇنداق،
ئالار قوينىغا
ئىنسان ۋە بېلىق بولغاندا مۇشتاق.

تۇتقۇن بېلىق سەكرىدى سۇغا،
ئاڭلاندى قۇلاق يارغۇدەك سادا،
ئۆلمەكچى ئۇ،
ئۇنىڭغا قايتا
نېسىپ بولمىدى قۇياش ۋە هاۋا.

ئادەممۇ سەكرەپ چۈشتى دەرياغا
بېلىق ئۈچۈن
ياكى يۇمران سۇ قەسرىنى دەپ
نەقەدەر تەس ياشىماق تەنها.

## سۆيگەن يار

چىرايىمدا تۇرار ئۇ مەغرۇر
چاچلىرىمىز كەتتى چىرمىشىپ
قوللىرىمدا ئۇنىڭ سىماسى
كۆز رەڭگىمىز كەتكەن ئوخشىشىپ
يۇتتۇۋالار كۆلەڭگەم ئۇنى
كۆكتە چاقناپ تۇرغان تاش كەبى

ئوچۇق تۇرغان ئويناق كۆزلىرى
قىلار مېنى ئۇيقۇدىن يىراق
جۇلالىنىپ تۇرغان چۈشلىرى

قۇياشنىمۇ چەككۈزەر پىراق
گاھى كۆلدۈرەر، گاھى يىغلىتار
چىقمايدۇ ھېچ ئاۋازىم بىراق

## ئەركىنلىك

باشلانغۇچتىكى مەشق دەپتەرگە
ئۇستىلىمگە، دەل ـ دەرەخلەرگە
قار ئۈستىگە، قۇمساڭغۇ يەرگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

ئوقۇغان جىمى كىتابلىرىمغا
ئاق قالغان ھەممە ۋاراقلىرىغا
تاشلارغا، گۈلخان قوقاسلىرىغا
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى
ئالتۇن رەڭلىك كارتىنىلارغا
جەڭچىلەرنىڭ قوراللىرىغا
پادىشاھلارنىڭ تاجلىرىغا
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

ئورمانلارغا، قاقاس چۆللەرگە
قۇش ئۇۋىسى ھەم رەڭدار گۈللەرگە
باللىقتىكى سەبىي ئۈنلەرگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

كېچىدىكى مۆجىزىلەرگە
كۈندۈزدىكى پىچىنىلەرگە
تويلاشقان گۈزەل ھۆر پەسىللەرگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

زەڭگەر رەڭلىك پۇرۇچ قەغەزگە
قۇياش كەبى بىخسىغان كۆلگە
سۇدىكى ئاينىڭ جىلۋىلىرىگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

داللارغا، كەڭ ئۇپۇقلارغا
قۇشلارنىڭ قاناتلىرىغا
تۈگمەننىڭ دارد ـ پەريادلىرىغا
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

ھەربىر تاڭنىڭ جىلۋىلىرىگە
دېڭىزنىڭ ئۇچقۇر كېمىلىرىگە
تاغلارنىڭ چوققا ـ تۆپىلىرىگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

بۇلۇتلارنىڭ ئۆركەشلىرىگە
شىۋىرغاننىڭ تەرلەشلىرىگە
قارا يامغۇرنىڭ ئۆركەشلىرىگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

مەۋجۇداتنىڭ نۇر ھېكمىتىگە
قوڭغۇراقنىڭ ئۈنلەشلىرىگە
تەبىئەتنىڭ ھەقىقىتىگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

ئويغانغان تار چىغىر يوللارغا
قۇچاق ئاچقان داغدام يوللارغا
قايناق رەستە، كەڭ مەيدانلارغا
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

پارلاپ يانغان چىراغلارغىمۇ
ئۆچكەن، ئۆلگەن چىراغلارغىمۇ
تار كۈلبەمگە، ياتاقلارغىمۇ
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

خىلۋەت خانەم ئەينەكلىرىمگە
پارچىلانغان نېمەتلىرىمگە
قۇلۇلە قېپىدەك تۆشەكلىرىمگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

ئاچكۆز، ياۋاش، رايىش ئىتىمنىڭ
دىڭ ـ دىڭ تۇرغان قۇلاقلىرىغا
قاشاڭ، پەمسىز تۇياقلىرىغا
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

ئىشىكىمنىڭ بوسۇغىسىغا
ئۆيۈمنىڭ ھەر بىساتلىرىغا
جۇلالانغان ئۇمىد ئوتىغا
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى
جىمى ئىجىل ـ ئىناق تەنلەرگە
تونۇش، چىن دوست پېشانىلەرگە

uyghurkitap.com



ئۈزىتىلغان ھەربىر قوللارغا
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

پاچاقلانغان دېرىزىلەرگە
سۇكۇت تونى كىيگەن غىملەرگە
جىمجىت كۆتكەن ئۈنسىز لەۋلەرگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

بەربات بولغان ھاياتلىرىمغا
ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ماياكلىرىمغا
ھەسرىتىمنىڭ ئاق تاملىرىغا
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

ئۈمىد ئۈزگەن تېگىرقاشلارغا
تەنھالىقتا تېپىرلاشلارغا
ئەزرائىلنىڭ تۆشلىرىغا
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

ياشاش تاپقان ساغلام تەنلەرگە
غايىب بولغان شۇ خەتەرلەرگە
ئۈمىد بىلەن تولغان ئەسلەرگە
يېزىپ قويدۇم سېنىڭ ئىسمىڭنى

بەخش ئېتىپ يېڭى ھاياتلىق
مۇشۇ بىر سۆز ياشناتتى مېنى
سېنى دەپلا ياشايمەن مەڭگۈ
جېنىم بىلەن چىللايمەن سېنى

## لىرىكىلار

### يۈسۈپ بوننىغوي

### قۇدۇق

تاشلانغاندا قۇدۇققا چېلەك
ئاڭلىنار تاراڭلاپ شۇنداق بىر سادا،
بۇ قۇدۇق يۈلتۈزى ئانا زېمىننىڭ
گۈگۈم پەيتىدە چاقنىغان تەنھا.
ئۇ كۆتەر مالچىنى، پادىلارنى ھەم
سەھەرنىڭ لېۋىگە يېقىپ ئوت ـ لاۋا.

قۇدۇقنىڭ تېگى جىمجىت ئەبەدىل،
يۈزىدە يۈلتۈزنىڭ ئالتۇن تامغىسى.
دەرمىخ ئاراشلىرىدىن چاقناپ ئۆتتىدۇ،
كېچە سەيياھلىرىنىڭ قارا سايىسى.
كۆتۈرۈپ تۈننىڭ ئېغىر يۈكىنى
كېزىدۇ ئۇلار چېغىر يوللاردا.
نېمىندۇر كۆتەر بەزىلەر،
بەزىلەر يوقايدۇ كېچە قويندا.
سەپىرى ئەر ـ ئايالنىڭ ئۇزاق شۇنچە،
ئالەم ئۆمرىدەك.
ئاداققى مەنزىلدە ئاشۇ سەپەرنىڭ
چاقنايدۇ قۇدۇق ئۈمىد نۇرىدەك.
دەرمخلەر قويندا ۋىلىلدار كېچە
قۇدۇقتىن لەيلەپ چىققاندا چېلەك.
ئازادى دەرىخنىڭ سايىلىرىدە
خۇشاللىق ئەۋجىگە تولدۇ يۈرەك.

### چاقماق

بۇ كېچە قارا يامغۇر ياغدى راسا،
يوللاردا كوكاتلارنىڭ نەمخۇش ھىدى.
پېژغىرىم ئاپتاپ چىقىپ شۇندىن سۈگرە
پەپىلەپ مۇرىمىزگە ئۆرۈپ قويۇپ
«خەپ توختاپ تۇر، قېنى» دېدى.

شۇ ھامان
ئۇچقۇر دالا يوپۇرۇلۇپ
ئۆرۈلدى ئۆرۈك دەرمخلىرىگە
بىر يىرتقۇچ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن
بۇگۈنگە چۈشتى سەكرەپ تونۇگۈندىن.

بولدى بەس!
كېلىپ قالدۇق بۇ ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە.

چاقماقلار زىلزىلىگە سالغان ئەي ياز،
قاپقارا غول ئۈستىدىن شاخلىرىڭنى
چۇشتۇق سۆرەپ.
ئاقماقتا تۈنۈگۈننىڭ جەۋھەرلىرى
دەرەخلەر قانىتىدىن مەغرۇر ئۆرلەپ.

## قۇشلار ئاۋازى

ئاڭلاپ قالسەن بىر كۈنى ھامان
بۇ قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى،
گىگانت تاغنىڭ قىيالىرىغا
شەمشەر كەبى ئېسىپ قويۇلغان.
بىلىپ قالسەن،
سەلتەنەتلىك ئاگاھلاردۇر بۇ
شاخلىرىدا نۇر ۋە ئۈمىدنىڭ
لاۋۇلداپ تۇرغان.
شۇنداق بىر كۈنى
قۇشلار بەزمىسىنىڭ ماكانلىرىدا
يوقتىسەن كۈتۈشلىرىڭنى،
ئال قولۇڭغا ئۆتكۈر شەمشەرنى
يىللارنىڭ سولغان گۈلخانلىرىدا.

## بىر سادا

تىڭشا، مەن چەكسىز ئورمان ئىچىدە
ئەس ياپرىقنىڭ سايىلىرىدە
يېشىللىقتا ئايلىنىپ تامام
يادىڭغا سالىمەن بۈيۈك زېمىننىڭ
قۇرۇغان دەرەخلەر تەبەسسۇمىنى
ھاياتلىق بېرىمەن ئۇچقۇر يىللارنىڭ
ئۆلگەن قاپقارا يىلتىزلىرىغا.

تىڭشا، جۇش ئۇرار ھايات بۇلىقىم،
باشلايمەن سېنى بىر گۈل - گۈلىستانغا.
گۈگۈم قوينىدا ھاياتلىق شەۋقى
ئۇخلار سۈس بۇلۇتنى ئەتكەنچە ماكان.
تەۋرىتەر ھىماتىڭ بولۇپ قايتىدىن
سۆيگۈ قەسرىدە سېنى بىئارمان.

تۈنۈگۈن بىمالال بىر ياپراق ئىدىم،
ئۆلۈمدىن ئەركىنلىك يار بولدى ماڭا.
قۇياش تاشلىرىنى تەشمەكتە ئېقىن،
جىلغىلار ئاھ ئۇرۇپ تىنار قاپقارا،
يىللار ۋەسلىگە يەتمەكتە مانا.

## دەرەخ، چىراغ

دەرەخ دەرەخلەر ئىچىدە كەتتى قېرىپ،
مانا بۇ ياز.
قۇشلار قۇشلار كۆيىدىن ھالقىپ
بولدى غايىب.
ئۈزۈم شارابىنىڭ چوغدەك نۇرىدا
پەلەكنىڭ دەردلىرى كەتتى ئۇت ئېلىپ.
ئازاب يۈكلىرىنى سۆرىگەن ھارۋا
ئالەمنىڭ ئۇ چېتىگە كەتتى سىڭىپ.

ئاھ، زەئىپلەشكەن ئەل
گويا يۈكسەكلىكتە يانغان شام چىراغ
شۇمشىيىپ دۇنيانىڭ جۇشقۇنلۇقىدا
زەپەردەست روھنى قوغلاپ چېكەر پىراق.

ئارمانلار قىينىغان نۇرسىز دەملەردە
تۇۋنىسەن شۇ نۇر چىراغقا.
بىلسەڭ غەملىرىڭنىڭ پۈتكەن چېغى بۇ
يەلكىنىڭ ئۆرۈلۈپ تىمتاس قىرغاققا.
بىلىپ قالسەن
بىلىپ قالسەن، قۇشلار زۇۋانى
جىمى دەرەخلەردىن كېتىدۇ ئۆرلەپ،
ياپراق سايىسىدىكى شۇئىرلاشتىنمۇ
سادادا ۋە مەسۇم تۇرىدۇ ئۈنلەپ.
ئورمانلار پورتىنى تەرك ئېتسەن
قەدىم چۇقانى
تاشنى ھەم كۆلنى
كۆچەپ ۋە تەرلەپ.
كېتىۋاتسەن
قەدەملىرىڭ ئۈزۈن بىر كېچە
زېمىن يالڭاچ.

پەرۋاز قىلار ئۇ يىراق - يىراققا،
كۆيلەپ بۇ قىرغاقتىن قارشى قىرغاققا.




**تەرجىماندىن:** نەسىر ئەسلىدە بىر قىممەتلىك ئىدىيە مەشقى. ئۇنىڭ گەۋدىسى كىمياگەرلەرنىڭ قازىنىدەك ھەممە خۇرۇچلارنى ئېرىتىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ياسايدۇ. ھېچكىم تېخى نەسىرنىڭ مۇقىم شەكلى ھەققىدە ئېنىق بىرنەرسە دېمىدى. مېنىڭچە، نەسىرنىڭ بىرەر مۇقىم رېتسېپى يوق. ئۇ ژانىرلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كەپسىز ژانىر. ھازىرقى دەۋردە نەسىر بىلەن شېئىر بىر - بىرى بىلەن سىڭىشىپ كەتتى.

ئۇيغۇر نەسىرچىلىكى ئۆزىگە خاس تەرەققىيات تارىخىنى ياراتتى. بىراق بىزنىڭ نەسىرلىرىمىزدە ئىنىدىۋىدۇئال پىكىرنىڭ نامرات بولۇشى بىلەن بىرگە يەنە شەكىل تەۋەككۇلچىلىكىمۇ يوق ھېسابتا بولۇپ كەلدى. لىرىك نەسىر دېسە ھېسسىياتنى بىۋاستە تاپشۇرۇشنىڭ سۆيۈق، بىمەززە ئىستىللىرى ئادەتكە ئايلاندى. مۇقامدا غەمكىنلىك، يىغلاڭغۇلۇق ئېغىر بولۇپ، گويا بۇرۇقتۇم ئاياللارنىڭ ئاجىز نىداسىغا ئوخشاش تەسىرات بېرىدۇ. بىزگە ياسانچۇق نامراتلىقنىڭ ھاجىتى يوق.

تۆۋەندىكى نەسىرلەر نەسىر ھەققىدە ئويلىنىشقا تۈرتكە بولسا ئەجەب ئەمەس.

## ئۆمۈچۈك تورى

ئاكۇتاگاۋا ليۇنوسكېي① (ياپونىيە)

### 1

مۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن. ساكيامۇنى جەننەتتىكى نىلۇپەر كۆلىنىڭ بويىدا سەيلە قىلىۋاتقانىكەن، كۆلدىكى نىلۇپەر گۈللىرى قاشتېشىدەك غۇبارسىز ئىدى. ئوتتۇرىدىكى زەررەڭ گۈل چېڭىدىن گۈپۈلدەپ پۇراۋاتقان خۇشپۇراقلارنى تەسۋىرلەشكە تىل يەتمەيتتى. شۇ تاپتا جەننەتتە دەل سەھەر ئىدى.

بىرپەستىن كېيىن، ساكيامۇنى كۆل بويىدا توختىدى ۋە نىلۇپەر يوپۇرماقلىرى بىلەن چۈمكەلگەن سۇنىڭ ئۈستىدىكى ئەھۋالغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. جەننەتتىكى بۇ نىلۇپەر كۆلىنىڭ ئاستىدا دوزاخ بار ئىدى. سۇ زۇمرەتتەك سۈزۈك بولۇپ، ئاخىرەت دەرياسى② ۋە يىڭنە تاغلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

دوزاخنىڭ ئاستىدا كەنداتا ئىسىملىك بىر ئەر باشقا گۇناھ ئەھلىلىرى بىلەن بىرگە قىمىرلاپ يۈرەتتى. كەنداتا ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە ئوت قويۇشتەك ئىشلارنى قىلغان بىر قاراقچى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بىر ساۋاپلىق ئىشى بار ئىدى. كەنداتا ئورماندا كېتىۋېتىپ، يول بويىدا ئۆمىلەپ يۈرگەن كىچىك بىر ئۆمۈچۈكنى كۆرۈپ ئۇنى چەيلىۋەتمەكچى بولغانىدى. «ياق، ياق» دېدى ئۇ ئىچىدە، «ئۆمۈچۈك شۇنچە ئەرزىمەس نەرسە بولسىمۇ، بەرىبىر جانلىق. ئۇنىڭ ھاياتى بۇنداق ئاخىرلاشسا، تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولمامدۇ» . كەنداتا شۇنداق قىلىپ ئۆمۈچۈكنى ئۆلتۈرمىگەنىدى.

ساكيامۇنى دوزاخقا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ، كەنداتانىڭ ئۆمۈچۈكنى قۇتقۇزۇۋالغىنىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ كەنداتانىڭ بۇ ساۋاپلىق ئىشىغا جاۋابەن، كەنداتانى دوزاختىن قۇتقۇزماقچى بولدى. ساكيامۇنى يېنىغا قارىسا مەرمەر تاشلىق نىلۇپەر يوپۇرمىقىدا بىر جەننەت ئۆمۈچۈكى نەپىس تورلىرىنى يېيىپ تۇراتتى. ساكيامۇنى ئۆمۈچۈك تورىنى ئېلىپ ئاپئاق نىلۇپەرلەر ئارىسىدىن ھېلىقى دوزاخنىڭ تەكتىگە ساڭگىلاتتى.

### 2

بۇ يەر دەل دوزاخنىڭ ئاستىدىكى قان كۆلى ئىدى،

كەنداتا باشقا گۇناھكارلارغا ئوخشاشلا قان كۆلدە گاھ چۆكەتتى، گاھ لەيلەيتتى. ئەتراپ قاراڭغۇ بولۇپ، بەزى نەرسىلەر خىرە - شىرە كۆرۈنگەندەك بولاتتى، ئەسلىدە بۇ يىڭنە تاغدىكى يىڭنىلەردىن چاقنىغان شولىلار ئىدى. بۇ يەردىكى ۋەھىمىنى تەسۋىرلەپ بېرىش مۇشكۈل ئىدى. ئەتراپ گۆرىستاندەك جىمجىت، گۇناھكارلارنىڭ زەئىپ نىدالىرى ئۇشتۇمتۇت قۇلاققا كىرىپ قالاتتى. دوزاخ بەندىلىرى ھەر خىل ئازابلاردىن تولىمۇ ھالسىراپ كەتكەچكە، يىغلاشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان بولۇپ كېتىشكەنىدى. قان ئىچىدە تۇنجۇقۇۋاتقان قاراقچى كەنداتامۇ ئۆلۈم خەۋپىدىكى پاقىدەك تىپىرلايتتى.

بۇ چاغدا مۇنداق ئىش بولدى. كەنداتا ئىختىيارسىز ھالدا قان كۆلنىڭ ئۈستىگە قارىغانىدى، كۈمۈشرەڭ بىر تال ئۆمۈچۈك تورى يىراق ئېگىزلىكتىن جىمجىت قاراڭغۇلۇقنى شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، گويا باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك غۇۋا نۇر چېچىپ ئۆزىگە قاراپ تېزلىك بىلەن چۈشۈۋاتقانىدى. كەنداتا بۇنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىپ كەتتى. ئۆمۈچۈك تورىغا ياماشقاندا، دوزاختىن چىقىپ كەتكىلى بولاتتى. ھەتتا ئىش ئوڭدىن كەلسە جەننەتكىمۇ كىرىپ كەتكىلى بولاتتى. شۇ چاغدىلا يىڭنە تاغقا چىقىش، قان كۆلگە چۈشۈشتەك ئازابلىق تەقدىردىن قۇتۇلغىلى بولاتتى.

كەنداتا ئۆمۈچۈك تورىنى مەھكەم تۇتۇپ، كۈچىنىڭ بارىچە يۇقىرىغا ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇ ئەسلىدە قاراقچى بولغاچقا، ئۇنداق ئىشلارغا ماھىر ئىدى.

دوزاخ بىلەن جەننەتنىڭ ئارىسى نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم بولغاچقا، چىقىپ كېتىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. كەنداتا ئازراق ئۆرلەپ ھېرىپ كەتكەچكە، قوللىرىنى يۆتكىگۈدەك ھالى قالمىدى. ئۇ ئامالسىز ھالدا ئارام ئالماقچى بولدى-دە، تورنى چىڭ تۇتۇپ، يىراقتا قالغان تۆۋەنگە قارىدى.

ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى زايا كەتمىگەنىدى. قان كۆلى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچىدە قېپقالغانىدى. غۇۋا چاقناپ تۇرغان يىڭنە تاغمۇ پەستە قالغانىدى. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق ئىلگىرىلەۋەرسە دوزاختىن چىقىپ كېتىش ئويلىغاندىنمۇ ئاسان بولاتتى. كەنداتا ئۆمۈچۈك تورىنى قوللىرىغا ئالماپ تۇرۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان شادىيانە ئاۋاز بىلەن «ئەجەب ياخشى بولدى، ئەجەبمۇ ياخشى بولدى» دەپ توۋلاپ كەتتى. ئۇ شۇنداق قارىۋىدى، سان - ساناقسىز گۇناھكارلار ئۆمۈچۈك تورىغا يامىشىپ خۇددى چۈمۈلىلەردەك چىقىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ كەنداتا بۇلارنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ھەم ئەنسىرىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئېغىزلىرى ئېچىلىپ قالدى، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى پىلدىرلاپ تۇراتتى. بۇ ئىنچىكە ئۆمۈچۈك تورى كەنداتانىڭ ئۆزىنى ئاران كۆتۈرۈۋاتسا، ئۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى قانداقمۇ كۆتۈرەلىسۇن؟ ئەگەر تور ئۈزۈلۈپ كەتسە، ھەممىدىن مۇھىم بولغان ئۆزۈممۇ دوزاخقا چۈشۈپ كېتىمەن ئەمەسمۇ. ئۇنداق بولسا ھەرگىز بولمايدۇ. نۇرغۇن گۇناھكارلار تورغا يامىشىپ چىقىپ كېلىشەتتى، كەنداتا «دەرھال ئامال قىلمىسام تور ئۈزۈلۈپ كەتسە دوزاخقا چۈشۈپ كېتىمەن» دەپ ئويلىدى.

شۇنىڭ بىلەن كەنداتا: «ھەي، گۇناھكار بەندىلەر، بۇ ئۆمۈچۈك تورى مېنىڭ! كىم سىلەرنى ئېسىلسۇن دەپتۇ. چۈشۈپ كېتىش! دەرھال چۈشۈپ كېتىش!» دەپ ۋارقىرىدى. دەل شۇ چاغدا باياتىندىن بېرى ھېچنېمە بولمىغان ئۆمۈچۈك تورى كەنداتا تۇتقان يەردىن «پىسسىدە» ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. كەنداتا ئامالسىز قاپتۇ. ئۇ دەقىقە ئىچىدىلا پىرقىراپ ھېلىقى زۇلمەتلىك دوزاخنىڭ ئاستىغا بېشىچىلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ.

جەننەتنىڭ؟ يېرىم - ياتا ئۆمۈچۈك تورى نۇر چاچقان ھالدا ئاي - يۇلتۇزسىز بوشلۇقتا ساڭگىلەپ قاپتۇ.

3

ساكيامۇنى جەننەتتىكى نىلۇپەر كۆلىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ يۇقىرىقى ئىشنى باشتىن - ئاخىر كۆزىتىپ تۇردى. كەنداتا دوزاختىكى قان كۆلگە خۇددى تاشتەك چۈشۈپ كەتكەندە، ساكيامۇنىنىڭ چىرايى قايغۇلۇق تۇس ئالدى-دە، سەيلىسىنى داۋام قىلدۇردى. كەنداتانىڭ پەقەت ئۆزىنىلا قۇتۇلدۇرۇشتەك يامان نىيىتى تۈپەيلىدىن دوزاخقا قايتىدىن مەھكۇم بولۇشى ساكيامۇنىنىڭ مۇبارەك نەزىرىدە ئېچىنىشلىق ھەم رەزىل ئىش ئىدى.

جەننەتتىكى نىلۇپەر ئېپادىسىز ئىدى. نىلۇپەرلەرنىڭ قاشتېشىدەك سۇزۇك گۈللىرى ساكيامۇنىنىڭ پۇتىنىڭ چۆرىسىدە يەڭگىل تەۋرىنەتتى. نىلۇپەر گۈلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈل چاڭلىرىدىن چىقىۋاتقان خۇشپۇراقنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. جەننەتتە چۈش بولاي دەپ قالغانىدى.

ئىزاھ: ① ئاكۇتاگاۋا ليۇنوسكې (1892 ـ 1927) ياپونىيە يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «راشومون»، «توششون»، «بۇرۇن» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار.

② ئاخىرەت دەرياسى ـ بۇددا رىۋايەتلىرىدىكى ئۇ دۇنيا سەپىرىدە دۇچ كېلىدىغان بىر دەريا. دەريانىڭ بەزى يەرلىرى شىددەتلىك، بەزى يەرلىرى ئۇلۇغ بولىدىكەن. پانىي ھاياتتىكى قىلمىشلارغا ئاساسەن دەريانىڭ ئۆتكەللىرىمۇ ئوخشىمايدىكەن.

# تېلېفوندىكى دوستلۇق

جېنىس مايكول بىچ (ئامېرىكا)

دوستسىز هايات تەنها ئۆلۈم
- ئىسپان خەلق ماقالى

نومۇرنى تېخى ئۈرۈپ بولمايلا، خاتا ئۇرغانلىقىمنى سەزدىم. قارشى تەرەپنىڭ تېلېفونى ئىككىنچى قېتىم جىرىڭلىغاندا تۇرۇپكا ئېلىندى.

- خاتا ئۇرۇپسەن، - دېدى قوپال، بوم بىر ئاۋاز، ئاندىن تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتى. قىزىق ئىش، مەن يەنە شۇ نومۇرنى ئۇردۇم.

- خاتا ئۇرۇپسەن دېدىمغۇ! - ۋارقىرىدى هېلىقى ئاۋاز. تېلېفون تىرىقلاپ ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئۇ مېنىڭ خاتا ئۇرغىنىمنى قانداق بىلسۇن؟ ئەينى چاغدا مەن نيۇ - يورك شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتاتتىم. بىر ساقچى سەزگۈر ۋە قىزىققان بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن ئۈچىنچى قېتىم ئۇردۇم.

- هەي، بۇ سەنمۇ، - دېدى هېلىقى ئادەم، - يەنە سەن ئىكەنسەنغۇ؟

- هەئە، مەن، - دېدىم مەن، - مەن تېخى گەپ قىلماي تۇرسام، سىز مېنىڭ خاتالاشقانلىقىمنى قانداق بىلىسىز؟

- بۇنى ئۆزۈڭدىن سورا، - تۇرۇپكا يەنە تاشلاندى.

مەن بىردەمدىن كېيىن تورۇپكىنى قولغا ئالدىم - دە، يەنە ئۇردۇم.

- سەن تېخى بىلمىدىڭمۇ؟ - سورىدى ئۇ مەندىن.

- قارىغاندا سىزگە هېچكىم تېلېفون بېرىپ باقمىغاندەك تۇرىدۇ.

- توغرا، - تېلېفون تۆتىنچى قېتىم ئۈزۈلدى. مەن كۈلۈپ كېتىپ يەنە ئۇردۇم.

- نېمە قىلماقچىسەن؟ - سورىدى ئۇ مەندىن.

- مەن تېلېفون ئارقىلىق هال سورىماقچى ئىدىم.

- هال سورىماقچى؟ نېمە ئۈچۈن؟

- چۈنكى، سىزگە هېچكىم تېلېفون بېرىپ باقماپتۇ. مەن تېلېفون بېرىپ قوياي دېگەنىدىم.

- هە، ياخشىمۇسەن، ئۆزۈڭ كىم؟

مەن ئۇرغان تېلېفون ئاخىر قوبۇل قىلىندى. ئۇ مەن بىلەن سۆزلەشتى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى سورىدىم.

- مەن ئادولف مېس بولىمەن. 88 ياشقا كىردىم. 20 يىلنى قوشۇپ كەلسىمۇ، خاتا ئۇرۇلغان تېلېفون بۈگۈنكىدەك كۆپ چىقمايدۇ، - بىز تەڭلا كۈلۈپ تاشلىدۇق.

بىز تېلېفوندا ئون مىنۇت پاراڭلاشتۇق. ئادولفنىڭ نە ئائىلىسى، نە دوستى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ هەممىسى ئۇ دۇنياغا كېتىپ بولۇشقانىدى. ئارىمىزدىكى بىر ئورتاقلىقنى هەر ئىككىمىز بايقىدۇق. ئۇ نيۇ - يورك ساقچى ئىدارىسىدە 40 يىلغا يېقىن ئىشلەپتۇ. ئۇ ساقچى ئىدارىسىدە لېفىت باشقۇرغۇچى بولغاندىكى ئىشلارنى سۆزلىگەندە ئۇنىڭ ئاۋازى مەھلىيالىق بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنتايىن دوستانە. مەن ئۇنىڭدىن «يەنە تېلېفون ئۇرسام بولامدۇ» دەپ سورىدىم.

- سەن نېمە ئۈچۈن ماڭا تېلېفون ئۇرماقچى بولۇپ قالدىڭ؟ - سورىدى ئۇ تەئەججۈپ بىلەن.

- هە، بىز تېلېفوندا دوستلاشساقمۇ بولىدۇ، سىز بىلىسىزغۇ خۇددى خەت ئارقىلىق دوست بولغانلاردەك.

ئۇ ئىككىلەندى. «مەن يەنە بىر دوستۇمنىڭ بولۇشىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپمۇ كەتمەيمەن» ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن مەجبۇرلىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئادولفقا تېلېفون قىلدىم. بىرقانچە كۈندىن كېيىن يەنە ئالاقىلاشتىم. ئۇ بىرىنچى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىدىكى ئەسلىمىلىرىنى، هەيدىنبورگ پاجىئەسىنى ۋە باشقا تارىخىي ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ تېلېفون بېرىشى ئۈچۈن مەن ئائىلەم ۋە ئىشخانامنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ كۈندە دېگۈدەك تېلېفون قىلىپ تۇردى.

بۇ پەقەت بىر يالغۇز بوۋايغا قارىتا ھېسداشلىقىم ئەمەس. ماڭا نىسبەتەن ئادولف بىلەن سۆزلىشىش ناهايىتى مۇھىم ئىدى. چۈنكى مېنىڭ هاياتىمدا بىر هاڭ مەۋجۇت ئىدى. مەن دارىلئېتامدا چوڭ بولۇپ، كېيىن بىرى تەرىپىدىن بېقىۋېلىندىم. ئەزەلدىن دادام بولغان ئەمەس، بارا - بارا مەن ئادولفنىڭ دادامغا ئوخشاشلا مۇهىملىقىنى هېس قىلدىم. مەن ئۇنىڭغا خىزمىتىم ۋە كېچىلىك ئوقۇشۇم هەققىدە سۆزلەپ بەردىم.

ئادولف ئاستا - ئاستا ماڭا مەسلىهەتچى بولۇپ قالدى. بىر قېتىم ئۇنىڭغا باشلىقىم بىلەن زىددىيىتىمنى سۆزلەپ بەردىم. «مەن ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم سۆزلىشىمەن» دېدىم مەن يېڭى دوستۇمغا.

- نېمىگە ئالدىرايسەن؟ - ئادولف مېنى ئاگاهلاندۇردى، - ئازراق ۋاقتى ئۆتسۇن، سەنمۇ مېنىڭ



www.uyghurkitap.com

قوراممىغا كەلگەندە ۋاقىتنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، ئەگەر ئەھۋال ناچارلىشىپ كېتىۋەرسە، ئاندىن سۆزلەشسەڭمۇ بولىدۇ.

بىز خېلى ۋاقىت جىم بولۇپ كەتتۇق.

— سەن بىلەمسەن؟ — دېدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن، — مەن سەن بىلەن بالام بىلەن سۆزلەشكەندەك سۆزلىشىۋاتىمەن. بىر ئۆمۈر ئائىلەم ۋە بالا - چاقامنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم. سەن تېخى ياش، بۇنى چۈشەنمەيسەن.

— ياق، مەن چۈشىنىمەن. مەنمۇ ئائىلەم ۋە دادامنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن مەن بۇلارنى ھېچكىمگە تىنمىدىم. چۈنكى ئىچىمدىكى دەردلىرىمنى باسالماي قېلىشىمدىن ئەنسىرەيتتىم.

بىر ئاخشىمى ئادولف ماڭا 89 ياشقا كىرگەن كۈنىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بىر تاختاي سېتىۋېلىپ ئۇزۇنلۇقى بەش ئىنگلىز سۇڭى، كەڭلىكى ئىككى ئىنگلىز سۇڭى كېلىدىغان كارتوچكىنى سىزىپ لايىھىلىدىم. ئۇنىڭغا 89 تال شام قادالغان تورتنى سىزدىم. ئاندىن خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئىمزاسىنى قويغۇزدۇم، يۈزلەپ ئادەم ئىمزا قويدى. ئادولف چوقۇم خۇشال بولاتتى.

بىز تېلېفوندا سۆزلەشكەنگە تۆت ئاي بولۇپ قالدى. كۆرۈشۈش پەيتىمىزمۇ بولۇپ قالدى دەپ ئويلىدىم - دە، كارتوچكىنى بىۋاستە ئۆزۈم تەقدىم قىلماقچى بولدۇم.

مەن ئادولفقا ئۆزۈمنىڭ بارىدىغانلىقىمنى خەۋەر قىلدىم. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ماشىنام بىلەن بېرىپ، ماشىنامنى سىرتتا توختاتتىم. بىناغا كىرگىنىمدە بىر پوچتىكەش زالدا خەت - چەك تارقىتىۋاتاتتى. مەن ئادولفنىڭ پوچتا ساندۇقىنى ئىزدەۋاتسام، پوچتىكەش ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئەنە، ئادولفنىڭ ئىسمى. بىرىنچى قەۋەت، H ئۆي. مەن شۇ تاپتا يىگىرمە ئىنگلىز چىسى ئارىلىقتا تۇراتتىم.

قەلبىم ھاياجاندىن تىپچەكلەپ كەتتى. «بىز يۈزلەشكەندە تېلېفوندىكىدەك ھېسسىياتتا بولالارمىزمۇ؟» بىر گۇمان يۈرىكىمگە نەشتەردەك تەگدى. ئەينى دەۋردە دادام مېنى تاشلاپ كەتكەندەك، ئۇمۇ مېنى تاشلاپ كېتىشى مۇمكىن. مەن ئىشكىنى يەڭگىل چەكتىم. جاۋاب چىقمىدى، مەن كۈچەپ چەكتىم. پوچتىكەش ماڭا قاراپ:

— ئۇ ئۆيدە ئادەم يوق، — دېدى.

— بىلمەن، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى ھاماقەتتەك سېزىپ، — ئەگەر ئۇنىڭ قوڭغۇراقتا بولغان مۇئامىلىسى تېلېفونغا بولغان مۇئامىلىسىگە ئوخشاشلا بولسا، مەن كۈن بويى چېكىمەن.

— سەن ئۇنىڭ تۇغقىنىمۇ؟

— ياق، دوستى بولىمەن.

— تولىمۇ ئەپسۇس، — دېدى ئۇ تىنچ ھالدا، — مىستېر ئەپەندى ئالدىنقى كۈنى ۋاپات بولدى.

— ۋاپات بولدى؟ ئادولف؟ — شۇ تاپتا نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم. مەن گۇمان ۋە ئەندىكىش ئىچىدە تۇرۇپ قالدىم.

مەن ئاستا - ئاستا ھالىمغا كېلىپ، پوچتىكەشكە رەھمەت ئېيتتىم - دە، يېنىپ چىقتىم. چۈش بولاي دەپ قالغانىدى. ماشىنام تەرەپكە كېتىۋېتىپ كۆزلىرىم ياشقا تولدى.

كوچىنىڭ بىر تەرىپىدىكى چىركاۋنى كۆردۈم. «تەۋرات»تىكى «دوستلار بىر - بىرىنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن ئىبارە كۆزۈمگە چۈشتى. ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تېخىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنى تونۇغاندەك بولدۇمكى، ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ياكى كىشىنى ھەسرەتكە سالىدىغان ئۆزگىرىشلەر ھاياتلىقتا ئەسلىدە بار بولغان گۈزەللىكنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇ تاپتا ئادولفنىڭ ماڭا نەقەدەر يېقىنلىقىنى تونجى قېتىم ھېس قىلىۋاتاتتىم. بۇ ئەسلىدە قىيىن ئىش ئەمەس ئىكەن، كېيىنكى نۆۋەتتە يەنە دوستۇمغا تېخىمۇ ئاسان يېقىنلىشىمەن.

ئىسسىق بىر ئېقىن ۋۇجۇدۇمدا ئاققاندەك بولدى. مەن ئادولف چالنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتكەندەك بولدۇم: «خاتا ئۇرۇپسەن!» كېيىن ئۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن تېلېفون ئۇرماقچى بولغانلىقىمنى سورىدى.

«چۈنكى، سەن مەن ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، ئادولف» دېدىم مەن ئۈنلۈك قىلىپ، بىراق ھېچكىم ئاڭلىمىدى. «چۈنكى، مەن سېنىڭ دوستۇڭ».

مەن ئېچىلمىغان كارتوچكىنى ماشىنىنىڭ كەينىگە قويۇپ، رولنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. ماشىنىنى ھەيدەشتىن بۇرۇن كەينىمگە قاراپ «ئادولف» دېدىم پەس ئاۋازدا، «مەن خاتا ئۇرمىدىم، ئۇنى ساڭا ئۇرغان».

## يېڭى ئىدىيە

**ئورفات** (ئافغانىستان)

مەشرىققىمۇ باردىم، مەغرىبكىمۇ باردىم، ھەممە يەرگە باردىم، ھەممە ئادەمنى ئىزدىدىم.

ھەممە شەھەرلەرنى كەزدىم، ئەمما ھېچكىمنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئادرېسى يوق ئىكەن.

uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com



مـەن ئىزدىمىدىغان نەرسىلەر بۇ يەردە يوق ئىدى، ئەمما يۇقىرى مەنسەپكە يامىشىدىغان پەشتاقلارنى تاپقىلى بولىدۇ.

يېڭى ماشىنىغا ئېرىشمەكچى بولغانلار ماشىنىغا ئېرىشتى، بېيىماقچى بولغانلارنىڭ پۇلى بانكىنى تولدۇردى.

پەقەت مېنىڭ ئارزۇيۇملا ئەمەلگە ئاشمىدى. چۈنكى مەن موھتاج بولغان نەرسىلەر ناھايىتى قىس ئىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى بەكمۇ خالايمەن.

شۇنداق، مەن يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى دۇنياغا موھتاج. بۇ يـەردە يېڭى رادىئو، يېڭى كىنو، يېڭى سائەت، يېڭى زىبۇ-زىننەتلەر بار. لېكىن يېڭى ئىدىيە يوق.

بۇ يەردە شائىرلار نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىشتى، لېكىن يېڭى ئىدىيە يوق.

باھارنىڭ ئېلىپ كەلگەنلىرى يەنىلا بىز تالاي قېتىم كۆرگەن ۋە پۇرىغان گۈللەر.

ئەسىرلەر ئۆتتى، «گۈل ۋە بۇلبۇل كۈيى»نى تەكرارلاپ كەلدۇق، يېڭىلىق يوق.

بـىز كـونا نەرسـلەردىن يېڭى تېما ئىزدىدۇق. خۇددى موماپلارغا يېڭى چۈمبەل تارتقاندەك.

بۇ يەردە ئانىلار يېڭى ئىنسانلارنى تۇغدى، لېكىن ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە يېڭى ئىدىيە تۇغۇلمىدى.

بۇ يەردە ئاياللارمۇ تالاغا چىقىدىغان بولدى، لېكىن يېڭى ئىدىيە مېڭىدىن چىقالمىدى.

بۇ يەردە ئۆرپ-ئادەتلەر تۇپەيلىدىن قىزلار ئاتا-ئانىسىنىڭ قېشىدا تـۇرۇپ قېرى قىزغا ئايلانغاندىن كېيىن ياتلىق بولدى.

بۇ يەردە ئانىلارنىڭ سەگۈنچەكلىرىدە تەۋرىنىۋاتقىنى كونا ئۇقۇملار، ئېيتىلىۋاتقىنى كونا ئاھاڭلار.

بـۇ يەردە ئامانەتكە تايىنىپ ياشايدىغانلار مىليونېر بولۇپ كەتتى، ساۋاتسىزلار باشلىق بولدى.

بـۇ يـەردە ئاياللارنىڭ سۆلىتى ئەرلىرىدىن ئېشىپ كـەتـكـەن بـولسـمۇ، موللىلار ھاراقكەشلەر سورۇنىغا قاتنىشىدىغان بولسىمۇ، يەنىلا يېڭى ئىدىيە يوق.

بالىلار تۇغۇلۇپلا قېرىپ كېتىدۇ. ئۇلار كونا دەۋرنىڭ بۆشۈكىدە ئۇخلايدۇ. ئاڭلايدىغىنى بۇرۇنقى ئاھاڭ، ئۇلارغا قارايدىغىنى موماپلار. ئەگەر ياشلىرىمىز ساقىلىنى ئالماي قويسىلا، ئۇلارنى بوۋاي دېيىشكە بولىدۇ.

يېڭى دوپپا كىيىپ، يېڭى ئىدىيىلەرنى رەت قىلدۇق. يېڭى شەھەرلەردە كونا ھېكايىلەر.

قەبرىلەرنىڭ سورۇنىدا بۇرۇنقى ناخشىلارنى ئوقۇدۇق، بىز قەبرىلەرنى دېسكو ئويناتماقچى بولدۇق.

مـۇرادىم ھاسىل بولمىدى. يېڭى ئىدىيىلەرنى باشقا يەردىن ئىزدىسەم بولغۇدەك.

يېڭى ئىدىيە كونا پەرسلەرنىڭ قېشىدا يوق.

80 ياشلىق بوۋاي يېڭىدىن ئۆيلەنسىمۇ، بەرىبىر بوۋاي، يېـڭـى كىيىم كـيىسىمۇ بەرىبىر بوۋاي. ئۇ يېڭى ئۆيگە كۆچسىمۇ بەرىبىر كونا جابدۇقلىرى ئەگىشىپ كېلىدۇ.

ئۆيلەر يېڭى، ئىدىيىلەر كونا. ئۇلار يېڭى ئۆيدە تۇرسىمۇ يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى پىكىرلەر پەيدا بولمايدۇ.


## «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى مۇقاۋا لايىھەلەش، باسمىچىلىق، ئىجادىيەت مەركىزى سىزلەرگە سەممىي سالام يوللايدۇ

⊗ بىز سىزلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ كىتاب، ژۇرناللارنىڭ جەلپكار مۇقاۋىلىرىنى ئىشلەشنى ئۈستەيمىز...

⊗ بىز سىزلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ كىتاب، ژۇرناللارنى تىزىشنى، بېسىشنى ئۈستەيمىز...

⊗ بىز سىزلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ كىتاب، ژۇرنال، باسما بۇيۇملىرىنى ئىشلەشنى ئۈستەيمىز.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى مۇقاۋا لايىھەلەش، باسمىچىلىق، ئىجادىيەت مەركىزى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان نەشرىياتلارنىڭ، قېرىنداش ژۇرنال، تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ ۋە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ كىتاب، ژۇرنال، كالىندار، سۈرەتلىك تونۇشتۇرۇش ۋە باشقا باسما بۇيۇملىرىنى سۈپەت، ۋاقىت ۋە باھا جەھەتلەردە رازى قىلارلىق دەرىجىدە ئىشلەپ، خېرىدارلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

مـەركـىزىمىز تەجرىبىلىك كومپيۇتېر مەشغۇلاتچىلىرىغا، پىشقان تەھرىر، كوررېكتور خادىملارغا ئىگە بولۇپ، باسما بـۇيـۇملـىرىـنىڭ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىدەك چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز. سىزنىڭ بۇ مەركەزگە تاپشۇرغان كىتاب، ژۇرناللىرىڭىزنىڭ نومۇر ئېلىنىشىغا ياردەملىشىمىز، شۇنداقلا سىز كۆرسەتكەن سۈپەت ئۆلچىمىگە، بەلگىلەنگەن مۆھلەتكە، سىز مۆلچەرلىگەن باھاغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمىز.

ئىشىنىمىزكى، سىزنىڭ بۇ ئىشلاردا بىز بىلەن ئالاقىلاشقىنىڭىز سىزنى جەزمەن مەمنۇن قىلىدۇ.

**ئالاقىلىشىش ئادرېسىمىز:** ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر

**تېلېفون:** 2818897، 2857425 (0991)؛ **چاقىرغۇ:** 8007922 _ 126؛ **ئالاقىلاشقۇچى:** ئەكبەر سالىھ



# ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسىر ئاخىرىدا ئېيتقانلىرى

ئەكرەم ئابدۇمجىت، نۇرئەخمەت غوپۇر

**ئاپتوردىن:** ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بىز شىنجاڭ ماگارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 97 - يىللىق ئۇيغۇر تولۇق كۇرس سىنىپ كۇرسانتلىرى ئۆرۈمچىدىكى ئوقۇش ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرلىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە بىر تۈركۈم ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسىر بوسۇغىسى ئالدىدىكى ئىجادىي تۇرمۇشى، ئىجادىي قاراشلىرى ھەققىدە ئاز - تولا ئۇچۇرغا ئىگە بولۇش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىزنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ جەرياندا مەيلى پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىز بولسۇن، مەيلى ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئەدىبلىرىمىز بولسۇن زىيارىتىمىزنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئۆز قاراشلىرىنى ياخشى سۆزلەپ بەردى. بىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىغا ئاز - تولا ياردىمى تېگەر، دېگەن مەقسەتتە سۆھبىتىمىزنىڭ خاتىرىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنۇشنى لايىق تاپتۇق.

## 1. ئىمىن تۇرسۇن ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** سىز يېقىنقى يىللاردىن بېرى تىل تەتقىقاتىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىۋاتىسىز، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟

**جاۋاب:** مەن 1942 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر 47 يىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندىم. مېنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىم شېئىرىيەت، ئوبزورچىلىق، ئەدەبىيات تەتقىقاتى، تىل تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شېئىر ئىجادىيىتىم ئىزچىل غول لىنىيە بولۇپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئۆتتۇم. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ ھاللاردا بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى بىلمىگەچكە بۇ تىلنى كەمبەغەل تىل دەپ قارايدۇ. ئۆز ئانا تىلىنى ياراتمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ تىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالمايدۇ. بىر تىلنىڭ راۋاجلىنىشى نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە باقمايدۇ. يەنە بىرى، بىر تىل مەلۇم جەھەتتىن يېتەرسىز بولغان بىلەن باشقا بىر جەھەتتىن ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئەڭ قەدىمىي تىللارنىڭ بىرى. ئۇ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق جەھەتتىكى ئاتالغۇلارغا باي. خەلق ئىچىدە تىل بايلىقىمىز ئىنتايىن مول بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ئەسەرلەردە قوللىنىۋاتقان سۆز ئىككى مىڭغا يەتمەيدۇ. شۇڭا ياشلاردا ئۆز ئانا تىلىغا نىسبەتەن ھۆرمەت، مۇھەببەت تۇيغۇسى بولۇش كېرەك. ئۆز ئانا تىلىنى كەمستمەسلىكى، ئىنكار قىلماسلىقى، بېيىتىش ئۈچۈن ئىزلىنىشى لازىم. مانا بۇ نۇقتا مېنى بۇ ساھەگە سۆرەپ كىردى.

**سوئال:** سىز تارىخىي رومانلىرىمىزنىڭ تارىخنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى ھېس

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى www.uyghurkitap.com



قىلدىڭىزمۇ؟

**جاۋاب:** مەن بىزنىڭ تارىخىي رومانلىرىمىزدىن خېلى كۆپ ئوقۇدۇم. بۇ رومانلاردىكى يېتەرسىزلىكلەر تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردىن كۆرۈلىدۇ. بىرىنچىدىن، تارىخىي رومانلىرىمىزدا شۇ دەۋرنىڭ تىل پۇرىقى كەم؛ ئىككىنچىدىن، خاراكتېر سۇنئىي. كىتابخانىنىڭ كۆز ئالدىغا ئەينى ۋاقىتتا ئۆتكەن تارىخىي شەخس (ياكى پېرسوناژ)نىڭ مۇئەييەن سىماسى گەۋدىلەنمەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، پاكىتقا ھۆرمەت قىلماسلىق ئېغىر. ياسالما ۋە يالغان پاكىت ئويدۇرۇش، ھېسسىياتقا بېرىلىش بىرقەدەر كۆپلۈك؛ تۆتىنچىدىن، زامانئۇيلاشتۇرۇۋېتىش خاھىشى مەۋجۇت. بەزىلەر ئۆتمۈشنى ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىمىز دەپ مەجبۇرىي ياسايدۇ. مېنىڭچە تارىخنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۇنى يۈكسەك دەرىجىدە كۆپتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك. تارىخىي رومان ئىجادىيىتىدە مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندى خېلى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ھازىر جالالىدىن بەھرام، پەرھات جىلانلار بۇ جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى خېلى ئوبدان ھەل قىلىۋاتىدۇ.

**سوئال:** ھازىرقى شېئىرىيىتىمىز ھەققىدە قارىشىڭىز قانداق؟

**جاۋاب:** مۇشۇ بىرقانچە يىللارنىڭ ئىچىدىلا بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ياش شائىرلار مەيدانغا چىقتى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا تەپەككۇر مۇرەككەپ، ئۇمىدۋارلىق كۈچلۈك. دادىلاش، ۋايساش ئاز. بۇمۇ بىزنىڭ پسىخىكىمىز، تارىخىي ئەنئەنىمىز، ياشاش مۇھىتىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدىن قارىغاندا بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزدە ئۈمىد بار. شېئىر خۇددى سۇ دولقۇنلىرىغا ئوخشاش بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇرىدۇ. ھازىر شېئىرىيىتىمىزگە ئومۇمىي جەھەتتىن نەزەر سالساق، ئالغا ئىلگىرىلەش بىلەن بىرگە ئازراق تۇرغۇنلۇقمۇ يوق ئەمەس.

**سوئال:** ئوبزورچىلىقىمىزدا قانداق مەسىلىلەر مەۋجۇت؟

**جاۋاب:** ئەدەبىي ئوبزورچىلىق بىزدە تازا راۋاجلانمىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى بىرىنچىدىن، نەزەرىيىۋىلىك كۈچلۈك. ئوبزورچى ئۆزىنى ئاپتوردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىۋالىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، قۇتۇپتىن قۇتۇپقا سەكرىش مەۋجۇت. بەزى ئوبزورچىلىرىمىز ئەسەرگە ئەمەس، بەلكى ئادەمگە قاراپ ئوبزور يازىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، بىزدە مەخسۇس ئوبزورچىلىقتا تەربىيىلىنىپ چىققانلار يوق. ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش كەمچىل.

**سوئال:** ئىجادىيەتلىرىڭىز ھەققىدىكى ئۇچۇرلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق؟

**جاۋاب:** مەن ھازىر «نورۇزنامە»، «ناۋائىي ھەققىدە»، «بولاقتىن بىر ئوتلام»، «ئون ئىككى مۇقام ۋە مىللىي خاسلىق» قاتارلىق تەتقىقات ماقالىلەر توپلاملىرىنى ئىشلەۋاتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا ياشلارغا تەربىيە خاراكتېرىدىكى ماقالىلەردىن «ئانا تىل ۋە ياشلار»، «ئۆمۈر ۋە ياشلار»، «زامان ۋە ياشلار»، «ئەخلاق ۋە ياشلار» قاتارلىق ماقالىلەرنى يازماقچى.

## 2. ئابدۇللا تالىپ ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** سىزچە ياخشى بىر ئەدىب بولۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەر ھازىرلىنىشى كېرەك؟

**جاۋاب:** ياخشى بىر ئەدىب بولۇشنىڭ شەرتلىرى خېلىلا كۆپ. مېنىڭچە تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەر ئاساسلىقمىكىن دەپ قارايمەن. بىرىنچىدىن، بىر ئەدەبىياتچى ياكى ئەدىب ئۆز مىللىتىنى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى ئېنىق تونۇشى كېرەك. بۇنى بىلمىگەن ئەدىبتىن ياخشى مەھسۇلات چىقمايدۇ. ئەدەبىياتتا مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان ئەسەر دەۋردىن ھالقىيالايدۇ. قاچانكى ئەدەبىيات شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدىكەن، شۇ كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مىللەتنىڭ رېئاللىقىنى بىلىش كېرەك ھەم ھەر دائىم ئۇنتۇماسلىق لازىم. ئەدەبىياتتا ماھىيەت ۋە ھېسسىياتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ بولىدۇ. بۇنىڭدا ماھىيەت ئاساس؛ ئۈچىنچىدىن، بىر ئەدىبتە پاكلىقتىن ئىبارەت ياخشى پەزىلەت بولۇش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، تارىخ، پەلسەپە، جۇغراپىيە... قاتارلىق پەنلەرنى بىلىش كېرەك. مۇھىمى تارىخنى پىششىق بىلىش. بىزنىڭ مىللىتىمىز تارىختىن بويان تارىخنى تولۇق يېزىپ باقمىغان. ھازىرقى يازغۇچىلىرىمىزمۇ تارىخنى مۇكەممەل بىلمەيدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەن يازغۇچى، يازغۇچى ئەمەس.

**سوئال:** سىز «قايىنام ئۇرگىشى»، «لالە قۇربان»، «چالا تەگكەن ئوق» قاتارلىق تارىخىي رومانلارنى يېزىپ جامائەتچىلىككە تونۇلغانىدىڭىز. ھازىرمۇ بىرەر تارىخىي رومان ئۈستىدە ئىشلەۋاتامسىز؟ سىزچە تارىخىي رومان يېزىشتىكى مۇھىم تەلەپلەر قايسىلار؟

**جاۋاب:** مەن «قايىنام ئۇرگىشى» ناملىق رومانىم ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا بىئوگرافىك رومانلارنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتىم. «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق ئەسىرىم ئارقىلىق ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىنى يېزىشتىن ئىبارەت بۇ بوشلۇقنى

تولدۇردۇم. هازىرمۇ تارىخىي رومانلاردىن «قوچقار پالۋان»، «ئىپپەت ئىسيانى» قاتارلىقلارنى يېزىپ پۈتتۈردۈم. مېنىڭچە تارىخىي رومان ھەم تارىخىيلىق، ھەم ئەدەبىياتلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن، يازغۇچى تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە ئەستايىدىل بولۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، شۇ تارىخنى ناھايىتى پۇختا بىلىش، ئېنىق پاكىت، سان ـ سىفىر ۋە ھۆججەتلەرگە تايىنىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، راستچىل بولۇش كېرەك. كېيىنكى ئەۋلادلارغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، تارىخىي رومانىدىكى باش قەھرىماننى مەھكەم تۇتۇش ھەم تولۇق تونۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئەينى تارىخ گۇڭگا ۋە تۇتۇق بولۇپ قالىدۇ.

## 3. شۈكۈر يالقىن ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** شۈكۈر يالقىن ئاكا سىز ئەدەبىي ھاياتىڭىز ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**جاۋاب:** مېنىڭ مىللىتىم ئۆزبېك. مەن 1917 ـ يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلغان. ئائىلىمىز ئەزەلدىن مەرىپەتپەرۋەر ئائىلە بولغاچقا، كىچىكىمدىنلا ئەدەبىياتقا قىزىقىپ چوڭ بولغان. مەن دەسلەپتە تاشكەنتتە، كېيىن ئالمۇتىدا ۋە قازانلاردا ئوقۇدۇم. ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن موسكۋا پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇدۇم. بۇ خەلقئارالىق مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپتە چاۋشىيەن، ئەرەب، تېمىس، ياپون مىللەتتىدىن ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. مەن شۇ چاغلاردىلا مەكتەپ مەتبۇئاتلىرىدا ئەسەر ئېلان قىلىشقا باشلىغان. كېيىن شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولدۇم. قەشقەردە ۋە چۆچەكلەردە ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتىم. بۇ چاغلاردا سەھنە ئەسەرلىرىگە بولغان ئېھتىياج تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن سەھنە ئەسەرلىرى يېزىشقا كىرىشتىم. مەن دەسلەپتە ئۆزبېك تىلىدا، كېيىن ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەر يازدىم. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئون يىلدىن ئارتۇق تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كەچۈردۈم. 80 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئاقلىنىپ ئەسلىمگە كەلدىم. ھازىر شارائىت ياخشى. لېكىن ياش چوڭىيىپ كەتكەچكە تۈزۈكرەك بىرنەرسە ئىجاد قىلالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقىلىپ كەتتى.

**سوئال:** يېقىندىن بېرى بىرەر نەرسە يازمىدىڭىزمۇ؟

**جاۋاب:** بىر ـ ئىككى يىلدىن بېرى نەشرىياتنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تەلىپى بىلەن ئانچە ـ مۇنچە بىرنىمە يېزىۋاتىمەن. بۇلتۇر «رەيھانگۈلۈم، ئوبدان گۈل» دېگەن تېمىدا بىر كومېدىيە باشلىغانىدىم. ھازىر شۇنىڭ داۋامىنى يېزىۋاتىمەن. پات يېقىندا پۈتۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەينى يىللاردا «تىكەنلىك گۈللەر» ناملىق كومېدىيەم ئۇرۇمچى، غۇلجا، چۆچەكلەردە ئوينىلىپ بەلگىلىك تەسىر قوزغىغانىدى. بىراق ئەينى ۋاقىتتا نەشرىيات بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەسلى نۇسخىسى قالمىغان. ئۆزۈمدىكىسى بولسا كۆيدۈرۈۋېتىلگەنىدى. يېقىندا باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى تاشكەنتتىن قولۇمغا تەگدى. ئىمكانىيىتىم يار بەرسە مۇشۇنى قايتا ئىشلەپ، دەۋرگە لايىقلاشتۇرۇپ چىقىمەن. قېرىغاندا قىلغان ئىشلىرىمنىڭ چوڭراقى مۇشۇلار بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

## 4. قەييۇم تۇردى ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** سىز ھازىرقى ئۇيغۇر رومانچىلىقىدىكى سان ۋە سۈپەت مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** بىزنىڭ رومانچىلىقىمىز تېخى گۆدەكلىك باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا بىزساننى ئاساس قىلىشىمىز كېرەك. بۇ دېگەنلىك سۈپەتكە ئېتىبار بەرمەسلىك كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. شۇنداق بىر قانۇنىيەت مەۋجۇتكى، سان مۇئەييەن چەككە يەتكەندىلا ئاندىن سۈپەت جەھەتتە ئۆزگىرىش بولىدۇ. قىرغىزىستاندا 200 دىن ئارتۇق رومان مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئايتماتوفنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»گە ئوخشاش مەشھۇر رومانلىرى مەيدانغا كەلگەن. دېمەكچىمەنكى، رومانلىرىمىز سان جەھەتتىن كۆپەيسە ئاپتورلار قوشۇنى كۆپىيىدۇ. يۇقىرى پەللىنى تاللىشىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جانلىق ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. مېنىڭچە ھەرقانداق يازغۇچى ناچار ئەسەر يازاي دېمەيدۇ. بىراق يېزىش ئۇسلۇبى، ئىقتىدارى، بەدىئىي دىتى جەھەتلەردىن پەرق بولغانلىقتىن يازغان ئەسەرلىرىدە ئېگىز ـ پەسلىك بولىدۇ. ئەدەبىيات خەزىنىسىنىڭ ھەممىسىلا «ئالتۇن» بولۇپ كېتىشى ناتايىن. يەنە بىر جەھەتتىن ھەرقانداق بىر ئەسەرنى ئالدىراپ ئىنكار قىلىۋەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭمۇ مۇئەييەن كىتابخانلىرى ۋە ئورنى بولىدۇ.

**سوئال:** سىز ھازىرقى ياشلارنىڭ ئىجادىيىتىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** ھازىر ناھايىتى زور بىر تۈركۈم ياش يازغۇچى ـ شائىرلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات قارىشى، ئېستېتىك چۈشەنچىسى ۋە دۇنيا قارىشى بىزگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. بۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۆزگىچە قاراشلارنى بىز ئەينى ۋاقىتتا ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق. يىغىنچاقلىساق بىرىنچىدىن، بۇ ياشلارنىڭ

www.uyghurkitap.com



ھەممىسى ئاساسەن ئەدەبىياتقا ھەۋەس بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتنىڭ قائىدە - قانۇنىيىتىنى، ماھىيىتىنى چۈشەنگەن ئاساستا كىرىپ كەلگەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆپ تىل بىلىدۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغان، مەدەنىيەت سەۋىيىسى خېلىلا يۇقىرى؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇلار ئاساسەن دۇنيا ئەدەبىياتىدىن ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك خەۋەردار. دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كەلگۈسى پارلاق.

## 5. مۇھەممەت پولات ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** سىز ئوبزورچىلىقتا قايسى نۇقتىلارغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىسىز؟

**جاۋاب:** مەن ئاساسەن ئوبزور ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىدىن يۇقىرى قىممەت يارىتىش كېرەك دەپ قارايمەن. شۇڭا ئەمەلىيەتچانلىققا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدىم. قىلغان سۆزۈمنىڭ ھەممىسى كۆڭلۈمدە پىشۇرغان پىكىرلەردىن ئىبارەت. مېنىڭ روھىيىتىمدە يېڭى پىكىر ئويغىتالىغان ئەسەرنى ياخشى ۋە يېڭى ئەسەر دەپ قارايمەن. تالانت ۋە ئىقتىدارغا ھۆرمەت قىلىمەن. مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرەپلىرىنى ئىقرار قىلىمەن. شۇڭا مەن ئوبزور يازغاندا ھېسسىياتىمغا، ئەسەردىن ئالغان تەسىراتىمغا تايىنىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە نوپۇزىغا قارىمايمەن.

**سوئال:** رومانچىلىقىمىزدىكى سان ۋە سۈپەت مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** سانىمۇ بولۇش كېرەك، لېكىن سۈپەتنى تەكىتلىمەي بولمايدۇ. ھازىر بەزىبىر سۈپەتسىز رومانلارمۇ يوق ئەمەس. رومان كىتابخان ئۆزى كۆزىتىۋاتقان مەنزىرە مۇھىتتىن كەڭرەك ھەم چوڭقۇرراق مەنزىرە مۇھىتنى كۆرسىتەلىسە، بۇنداق رومانلار سۈپەتلىك رومان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رومانچىلىقتا، يەنى ئالدىنقى ئاپتورلار ياخشى يورۇتۇپ بېرەلمىگەن تېمىلارنى كېيىنكى ئاپتورلار قايتا يېزىش كېرەك. ھەربىر ئادەمنىڭ روھىيىتى، بەدىئىي دىتى ئوخشىمىغاچقا ياخشىلىرى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال باشقا مىللەت ئەدەبىياتىدا كۆپ بولسىمۇ بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا يوق. بىزدە بىر تېمىنى بىرسى يازسا، باشقىلار ئۇ تېما ئۈستىدە قايتا ئىزلىنىپ باقمايدۇ. بۇمۇ سان - سۈپەت مەسىلىسىگە باغلىق.

**سوئال:** رېئال تېمىدىكى ئەسەرلەردە ئاپتورلىرىمىز قايسى تەرەپلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك؟

**جاۋاب:** سەزگۈر ئەدىب بولسا بۇنى ناھايىتى ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ. مېنىڭچە ئاپتور ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا نېمىنى ھېس قىلسا ھەم شۇنى زۆرۈر دەپ قارىسا، شۇنى يېزىۋەرسە بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ قاتلاملىرى ئىنتايىن كۆپ. شۇڭا ئەدىب ئىنسان يەتكەن نەرسىنى ئەمەس، بەلكى يەتمىگەن تەرىپىنى يېزىش كېرەك. ھازىر كونا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلەر كۆپ. رېئال جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى بوش قېلىۋاتىدۇ. بىزدە تازا ئۈچىغا چىققان ساتىرىك ھېكايىلەرمۇ يوق. چەت ئەل ئەدەبىياتىدا بولسا ساتىرىك رومانلارمۇ مەۋجۇت. مانا بۇ مەسىلىلەرمۇ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى مۇھىم تەرەپلەر بولسا كېرەك.

**سوئال:** سىز ھازىرقى شېئىرىيىتىمىز ھەققىدە قانداق قاراشتا؟

**جاۋاب:** ھازىرقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تېما جەھەتتىن ئۇششاقلىشىپ كەتتى. شېئىرىيەتتە داستانچىلىق، باللادا تۈگەشكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بولغان ئارىلىقى يىراقلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنئەنىدىن ئۈزۈلۈپ قېلىۋاتىدۇ. شېئىر قاچانكى ئادەمنى ماختاشقا يۈزلەندى، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى يوقىتىدۇ. مەن ئويلايمەن، شېئىر ھاسىل قىلغان قۇدرەتنى ھېكايە ھاسىل قىلالمايدۇ. مېنىڭچە شېئىرىيەت خىيالىي دۇنيادىن رېئال دۇنياغا قايتىدۇ ياكى قايتىشى مۇمكىن.

**سوئال:** ھازىرقى ياش ئوبزورچىلارغا قانداق قارايسىز؟ ئۇلاردىن كۈتىدىغان قانداق ئۈمىدىڭىز بار؟

**جاۋاب:** ھازىر ياشلاردىن بىر تۈركۈم ياخشى ئوبزورچىلار چىقىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرى چوڭقۇر، تەتقىقات دائىرىسى كەڭ، ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بويىچە تەنقىد ئېلىپ بارالايدۇ. بىراق سەۋەنلىكلەرمۇ يوق ئەمەس. ئۇلارنىڭ سەۋەنلىكى مىللىي ئوبزورچىلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلماسلىق جەھەتلەردە كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئۇلار كۆپ ھاللاردا چەت ئەل ئەسەرلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مىللىي ئەدەبىياتىمىزغا سەل قاراۋاتىدۇ. مەنمۇ چەت ئەل ئەسەرلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن. بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز ئىچىدىمۇ ئۇلاردىن ئېشىپ كېتەلەيدىغانلىرى بار. گەپ ئۇنى مىللىي ئەنئەنە نۇقتىسىداتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىلىرى چېخوفنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. «يۈز يىل غېرىبلىق» سىزگە «لېيىغان بۇلاق» بەرگەن ئېستېتىك زوقنى بېرەلمەيدۇ. ياش ئوبزورچىلىرىمىز مانا مۇشۇنداق ھادىسىلەرنى بايقىشى كېرەك. «ئويغانغان زېمىن»،

«قوۇم باسقان شەھەر»، «داغ»، «لېيغان بۇلاق» قاتارلىق رومانلار ئۈستىدە ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەھلىل ئېلىپ بېرىش تولىمۇ زۆرۈر.

**سوئال:** ھازىر چىقىۋاتقان ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سۈپىتى ھەققىدە سىز قانداق قاراشتا؟

**جاۋاب:** يەرلىك ژۇرناللار بولسۇن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ژۇرناللار بولسۇن ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. ھازىر ئەدەبىياتقا ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن قاراپ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن چىقىرىلىۋاتقان ژۇرناللاردىن «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «ئىلى دەرياسى» قاتارلىق ژۇرناللارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

## 6. ئابدۇراخمان قاھار ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** سىز ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا قايسى تەرەپلەرنى مۇھىم دەپ قارايسىز؟ تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**جاۋاب:** مەن ئاۋۋال تۇرمۇشنى تەپسىلىي، ئەستايىدىل كۆزىتىمەن. مېڭەمدە قايتا - قايتا پىششىقلايمەن. ئاندىن قىسقىچە پىلان تۈزۈپ، شۇ پىلانىم بويىچە يېزىپ چىقىمەن. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىمى مېڭىدە ئوبدان پىشۇرۇۋېلىش. بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نېمىنى يېزىش ۋە نېمىنى كۆزىتىش مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم. تۇرمۇش ئۆگەنمەيمۇ بىرنەرسە يازغىلى بولىدۇ. لېكىن ئۇنداق ئەسەر مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولالمايدۇ. مەسىلەن، لى. تولستوينىڭ «تىرىلىش»، مۇختەر ئەۋېزوفنىڭ «ئاباي» قاتارلىق رومانلىرى ئاجايىپ مول تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە. دېمەكچىمەنكى، قانداق بىر يازغۇچى بولۇشتىن قەتئىينەزەر خەلقنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ قالىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك. شۇڭا يازغۇچى تۇرمۇش ماتېرىياللىرىنى تاللىغاندا ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان ماتېرىياللارنى تاللاش كېرەك. مېنىڭ يېزىقچىلىق پرىنسىپىمدىن قارىغاندا مەن قانداقتۇر يېزا باشلىقى، شۇجى، زاۋۇت باشلىقى دېگەندەكلەرنى مەدھىيىلەشنى ئىمكانقەدەر چەتكە قاقتىم. چۈنكى ئۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق ئەسەرلەر دوكلات ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولۇپ، دوكلات ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىش يازغۇچىنىڭ ئىشى ئەمەس. مەن يەنە يازغۇچىدا ئۆزىنى بېغىشلاش، ئۆزىنى ئاتاش روھى بولۇش، نام، مەنپەئەتنى قوغلاشماسلىق كېرەك دەپ قارايمەن. شۇنداقلا ھەرقانداق بىر ئاپتور چوقۇم مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە ئەسەر يارىتىش كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئەسەرنى كۆپ يازغانلىق ياكى ئاز يازغانلىق بىلەن قىممەت ئۆلچەنمەيدۇ.

**سوئال:** ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تارىخى ۋە بۈگۈنكى تەرەققىياتى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**جاۋاب:** بىزنىڭ رومانچىلىق تارىخىمىز تېخى يوق دېيەرلىك. بىزدە رومانچىلىق 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنلا مەيدانغا كەلدى. لېكىن بىزدە شەرق ئەللىرىنىڭ «قىسسە»چىلىك ئەنئەنىسى خېلىلا چوڭقۇر. شۇڭا بىزنىڭ ھازىرقى رومانلىرىمىزدا ھېكايىلەش ئۇسۇلى، ۋەقەلىك قوغلىشىپ يېزىش ئۇسۇلى، ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئۇسۇلى قاتارلىق شەرقچە ئۇسۇللار بار. لېكىن ئۆزىمىزگە خاس رومانچىلىق ئۇسلۇبىمىز تېخى شەكىللەنمىدى. ئۇندىن باشقا سان ۋە سۈپەت مەسىلىسىدىمۇ ئىختىلاپ مەۋجۇت. ئوبزورچىلىرىمىزنىڭ رومانلارنى باھالاش ئۆلچەملىرىمۇ خىلمۇخىل. ئوبزورچىلىرىمىز يېتەكلەش رولىنى ئادا قىلالمايۋاتىدۇ. شۇڭا ئوبزورچىلىقىمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەك. تېما جەھەتتىن تارىخىي تېمىلار يەنىلا ئاز يېزىلىۋاتىدۇ. مۇمكىن بولسا بىز مۇشۇ دەۋردە تارىخىي تېمىلارنى كۆپلەپ يارىتىۋالساق ياخشى بولاتتى.

**سوئال:** يېقىندىن يازغان ئەسىرىڭىز بولسا، بۇ ئەسىرىڭىز ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**جاۋاب:** يېقىندا خەلق نەشرىياتىغا «يىراقتىكى كىشلەر» ناملىق بەشىنچى رومانىمنى تاپشۇردۇم. بۇ رومانىم خوتەننىڭ ئەڭ يىراق بىر يېزىسىدىكى ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشلەر ھاياتىغا بېغىشلاندى. مەن بۇ كىشلەر ھەققىدە ئىلگىرى گېزىتلەردىن خەۋەر كۆرگەنىدىم. كېيىن نەق مەيدانغا بېرىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كەلدىم. بەزىلەر ئىلگىرى بۇ جايدىكى ئادەملەر ئىپتىدائىي ئادەملەر دەپ خەۋەر قىلغان. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىپتىدائىي ئادەملەر ئەمەس، بەلكى ئولتۇراقلىشىشى تارقاق، قاتنىشى قۇلايسىز، بازارغا يىراق بولغانلىقى سەۋەبىدىن كىشلەر بىلەن ئالاقىلىشىش بەك شالاڭ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشى ئارقىدا قالغان ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئىكەن. يېزا مەركىزىدە ئاران تۆت ئائىلىلىك كىشى بار ئىكەن. ئومۇمىي ئائىلىلەرنى تولۇق ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن قۇملۇقتا 900 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن. مەن ئەنە ئاشۇ جايلاردا ئۈچ ئايدەك تۇرۇپ تۇرمۇش ئۆگەندىم. ئۇلارنىڭ تۇرلۇك توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراق ئىشلىرىغا قاتناشتىم. تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. دېمەك، ئاشۇ تۇرمۇش كۆرۈنۈشىگە ئاساسەن «يىراقتىكى كىشلەر»نى يازدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 7. قۇربان بارات ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** سىزنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئۆلچىمىڭىز قانداق؟

جاۋاب: ئىجادىيەتتىكى بىردىنبىر ئۆلچىمىم، يېڭى، ئىجادى بولۇش، باشقىلار دېمىگەننى دېيىش. شۇڭا مېنىڭ ئەسەر يېزىشتىن بۇرۇنقى ئويلىنىش ۋاقتىم كۆپ بولىدۇ. مەن ئەسەر مەزمۇنىدىكى يېڭىلىقىلا ئەمەس، تىل، قۇرۇلما جەھەتتىكى يېڭىلىقىمۇ ئەھمىيەت بېرىمەن. ئىنسان ئومۇمەن ئازاب-ئوقۇبەت ئۈستىگە تۇغۇلغان. شۇڭا مەن ئەسەرلىرىمدە بۇ نەرسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتىم.

**سوئال:** سىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىن رازىمۇ؟

**جاۋاب:** رازى ئەمەس. ئۆزۈمدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ رازى ئەمەس. بىزنىڭ ھازىرقى شېئىرلىرىمىزدا سەۋىيە يوقنىڭ ئورنىدا، تەكرارلاش كۆپ، پىكىر ئاددىي، سەمىمىي، تەبىئىي ھېسسىيات كەمچىل. پەقەت ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىشلا رولىنى ئويناۋاتىدۇ. يېڭى شېئىرىيەت ئېقىمىدىكىلەرمۇ شۇنداق. ئۇلار پەقەت مودېرنىزمنى ئۆگەندى، دوراپ باقتى، بىراق قاملاشتۇرالمىدى. ھەتتا خاتا ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. مودېرنىزمنىڭ ئىجابىي تەسىرى بار دېيىلسە، پەقەت بەزى يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ياراتتى، خالاس. مەن كونىلىقنىمۇ تەشەببۇس قىلمايمەن، ئەلۋەتتە زامانغا يارىشا تەرەققىيات بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدىكى يېڭىلىق ئىجادىيلىقتا، ئادەملەرنى يېتەكلەشتە، ئادەملەرگە ھېسداشلىق قىلىشتا ئىپادىلىنىش كېرەك.

**سوئال:** يېقىنقى يىللاردىن بېرى، نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، نەشرىياتتا بىرقەدەر ئەركىنلىشىش بارلىققا كېلىپ، نەشرىيات سودىگەرلىرى پەيدا بولدى. سىز بىر ئەدىب ھەم بىر نەشرىيات سودىگىرى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بۇ ھادىسىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** مەن ئۆزۈمنىڭ بەش توملۇق كىتابىمنى ئۆزۈم مەبلەغ سېلىپ نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، بۇ جەھەتتە ئازراق يول تاپقان بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن ھازىرغا قەدەر 30 غا يېقىن كىتاب نەشر قىلدۇردۇم. مۇنداقچە ئېيتقاندا نەشرىيات سودىگىرىمۇ بولۇپ قالدىم. ھازىر كىتاب نەشر قىلىشقا مەبلەغ سالىدىغانلار كۆپىيىۋاتىدۇ. دېمەك، بۇ خىل ھادىسە ئەدەبىياتىمىزغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتمەكتە. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىجادىيىتى روياپقا چىقسا خۇش بولمايدىغان ئەدىب يوق. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يول تېخىمۇ كېڭىيىدۇ، تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ يولدا ئۈمىد زور. بۇ ياخشى ئەھۋال. ھازىر بەزى يازغۇچىلاردا ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۆزى نەشر قىلىش ئىستىكى پەيدا بولۇۋاتىدۇ ھەم بىر قىسىم يازغۇچىلار ئۆزى نەشر قىلىۋاتىدۇ. يېغىنچاقلىساق، بۇ بازار ئىگىلىكىگە ماسلىشىش، ئەسەرنى تاۋلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ھادىسە.

**سوئال:** سىزچە بىزنىڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ كىتابقا بولغان قىزىقىشى ۋە سەۋىيىسى قانداقراق؟

**جاۋاب:** بىزنىڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ كىتابقا بولغان قىزىقىشى ياخشى. بىزنىڭ مىللىتىمىز ئەزەلدىنلا كىتابخۇمار مىللەت. مەسىلەن، «مەمتىلى ئەپەندى»، «قۇم باسقان شەھەر»، «داغ»، «لېيىغان بۇلاق» قاتارلىق كىتابلارنىڭ تېز سېتىلىشى بۇنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتى ئەمەسمۇ. دېمەك، كىتابخانلاردىن ئاغرىنىشقا بولمايدۇ، كىتابخانلارنىڭ سەۋىيىسى مەسىلىسىدە، مېنىڭچە كىتابخانلارنىڭ سەۋىيىسى يازغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىدىن ياخشىمىكىن دەيمەن. بەزى كىتابلارنىڭ سېتىلماي قېلىشى، كىتابخانلارنىڭ شۇ يازغۇچىنى شاللىشىمىكىن دەپ قارايمەن.

## 8. ئەخەت تۇردى ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** سىز پروزا ئىجادىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە قانداق باھا بېرىسىز؟

**جاۋاب:** بىزنىڭ پروزا ئىجادىيىتىمىز 50 يىللىق تارىخنى بېسىپ ئۆتتى. ئالدىنقى 30 يىلى تۈرلۈك سىياسىي بوران - چاپقۇنلار تۈپەيلىدىن ئاجايىپ ئوڭۇشسىز قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى. 79 - يىلىدىن كېيىنلا بىرئاز ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭدى دېپ قاراشقا بولىدۇ. ھازىر رېئال ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەدەبىياتىمىز ئىزلىنىش، تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەدەبىيات قوشۇنىمىزدا نەچچە يۈزلىگەن ئەدىب ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇلار گەرچە ئوخشاش بولمىغان سىياسىي بورانلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلاردا يەنىلا مىللىي ۋە ئېتىقاد بولغانلىقى ئۈچۈن ئەدەبىياتىمىزنى يۈكسىلىشكە قاراپ يۈزلەندۈردى. بىزنىڭ ئەدەبىيات قوشۇنىمىزدا ھازىر ئىجادىيەتتە پىشىپ يېتىلگەن پېشقەدەم يازغۇچىلار بار. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا ياش تايانچ كۈچلەر بار. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئىز باسار سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ياشلار بار. دېمەك، ئەدەبىيات قوشۇنىمىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. يېزىلىۋاتقان ئەسەرلەردىن قارىغاندا سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئۆسۈش بولۇۋاتىدۇ. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز 21 - ئەسىرگە جەزمەن غەلىبە بىلەن كىرىمىز.

**سوئال:** سىزنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپىڭىز قانداق؟

**جاۋاب:** مەن ئەسەر يېزىشتىن ئىلگىرى، ئۇنداق ياكى مۇنداق قېلىپقا چۈشۈۋالمايمەن ياكى باشقىلارنىڭ ئەندىزىسى بويىچە ئىش كۆرمەيمەن. «مۇشۇنداق يازسام ياخشى بولىدۇ» دەپ ئويلىسام، شۇ بويىچە يېزىۋېرىمەن ياكى شۇنداق يېزىشنى ئىجادىيەت پرىنسىپى قىلىمەن. مەسىلەن، «ئاي يامغۇرى» ناملىق رومانىمنى تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇردۇم ھەم شۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئۆزۈم خالىدىم. بەزىلەر سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىمۇ تراگېدىيە بولامدۇ، دەپ قارىدى. مېنىڭچە بۇ توغرا قاراش ئەمەس. ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيەت ئىجادىيەت قوشۇنى ئۈچۈن «يېشىل چىراغ» يېقىپ بەرگەن بولسىمۇ، يەنە بەزىلەر ئىدىيىۋى مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلالمىدى. بۇ ئىجادىيەتكە پايدىسىز ئامىل.

**سوئال:** سىزچە قانداق قىلغاندا ئاپتورلىرىمىز رېئاللىقنى ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ؟

**جاۋاب:** ئاپتورلىرىمىز رېئاللىقنى ياخشى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن بىرىنچىدىن، رېئاللىققا كۈچلۈك مۇھەببەت باغلىشى كېرەك، بۇ ئاساسىي مەسىلە. ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا چوڭقۇر مۇھەببەت بولمىغاندا، ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان دېتاللارنى ھەرگىز تاپالمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، رېئاللىققا سادىق بولۇش كېرەك. سادىقلىق ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، مەن نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان «سەرسان روھ» ناملىق رومانىمدا، دەل تۇرمۇشقا سادىق بولۇش ھەم تۇرمۇشقا مۇھەببەت باغلاشنى چىقىش قىلدىم.

**سوئال:** ھازىرقى ياشلارنىڭ ئىجادىيىتىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** مەيلى پروزىچىلىقتا بولسۇن، مەيلى شېئىرىيەتتە بولسۇن زور بىر تۈركۈم ياشلار مەيدانغا كەلدى. مەن ئۇلاردىن بەكمۇ سۆيۈنىمەن. بىز ئۆزىمىزنى رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنى بىرلەشتۈرگەنلەرنىڭ ۋەكىللىرى دەپ قارىساق، ھازىرقى ياشلار مودېرنىزمنى ئېلىپ كىرىپ ئۇنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى ياكى بىزگە ماس كېلىدىغان تەرەپلىرىنى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇۋاتىدۇ. شېئىرىيەتمۇ كۆپ خىللاشتى. ھازىرقى شېئىرلاردا تېخنىكىلىق يۇقىرى، ئويغا سېلىش خاراكتېرىگە ئىگە. ئەدەبىيات ئادەمنى ئويغا سالالمىسا ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. مېنىڭ ياشلارغا بىرلا تەلىپىم بار. ئۇ بولسىمۇ، ھەرقانداق بىر يېڭىلىق مىللىي ئەنئەنىمىزنى چىقىش قىلىش كېرەك. ئۇيغۇر زېمىنىدا بولۇش كېرەك. مېنىڭ ياشلارنىڭ ئىجادىيىتىگە بىر تەسىرات يېزىش ئويۇممۇ بار.

## 9. جالالىدىن بەھرام ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** جالالىدىن ئاكا، سىز «لېيىغان بۇلاق» ناملىق رومانىڭىزنىڭ ئالدىنقى تۆت قىسمىنى ئېلان قىلىپ، كىتابخانلار ئارىسىدا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدىڭىز. ئېيتىپ بېقىڭا، بۇ سىزنىڭ تالانتىڭىزنىڭ تۇيۇقسىز پارتلىشىمۇ ياكى ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىشىڭىزنىڭ مەھسۇلىمۇ؟

**جاۋاب:** گەپنى يىراقتىن باشلىسام، مەن غۇلجىدا تۇغۇلغان بولسامۇ خوتەن مېنىڭ يەنە بىر ئانا يۇرتۇم. مېنىڭ ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق ئۆمرۈم خوتەندە ئۆتتى. خوتەن دېھقانلىرى، خوتەن خەلقى ئىچىدە دىلكەش ئادەملەر ناھايىتى نۇرغۇن. ئۇلار مېنى سۈرگۈن قىلىنغان ۋاقىتلاردا قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆز قوينىغا ئالغان. مەن خوتەن خەلقىنى، خوتەن دىيارىنى ئۆز ئاتا ـ ئانامنى سۆيگەندەك سۆيىمەن!

مېنىڭ بۇ ئەسىرىمنى يېزىشقا ئەينى دەۋردىكى خوتەندە باشتىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىم، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ مېنىڭ يۈرىكىمدە قالدۇرغان داغلىرى، خەلقىمىزنىڭ شۇ چاغلاردا تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى سەۋەب بولدى. مەن كىتابتىكى نۇرغۇن پاكىتلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆججەت ـ ماتېرىياللاردىن كۆچۈرۈپ ساقلىغان. مېنىڭ بۇ توغرىدا بىرنەرسە يېزىش خىيالىم شۇ ۋاقىتلاردىلا بار ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردىمۇ ئانچە-مۇنچە بىرنەرسە يېزىپ تۇراتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت بۇ تارىخنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈپ قويۇشنى بۇرچۇم دەپ بىلدىم ھەم بىز ئۆتكۈزگەن خاتالىقلاردىن ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشىنى مەقسەت قىلدىم. مېنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىش سۈرئىتىممۇ بىرقەدەر تېز بولدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا تۆت تومنى بىر يېرىم يىلدا يازدىم. بەشىنچى تومنى ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يېزىپ نەشرىياتقا تاپشۇرۇپ بولدۇم. بەزىلەر مېنى «جالالىدىن كومپيۇتېر» دېيىشىپ چاقچاق قىلدى. بۇ ئەسەرنىڭ تېز يېزىلىشىدىكى سەۋەب، بىرى، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئۇزۇن يىللىق تەييارلىقنىڭ نەتىجىسى؛ يەنە بىرى، ئەسەردىكى ۋەقەلىكلەر، پېرسوناژلار ئۆزۈمگە ئىنتايىن تونۇش بولغانلىقىدا.

**سوئال:** سىزچە ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولۇش كېرەك؟

**جاۋاب:** بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېيتماققا ئاسان بولغان بىلەن كونكرېت يېزىقچىلىقتا بىر تەرەپ قىلىش قىيىن. چۈنكى رېئاللىقنىڭ ئۆزى ئەدەبىيات ئەمەس،

www.uyghurkitap.com



ئەدەبىياتنىڭ ئۆزى ھەقىقىي رېئاللىق ئەمەس. شۇڭا ئەدەبىياتتا، توقۇلما بىلەن چىنلىق گىرەلەشكەن ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەر قەھرىمانىنىڭ رېئاللىقتا پروتوتىپلىرى بولىدۇ. ئاپتور ئەنە شۇ پروتوتىپتىن يىراقلاپ كەتمەسلىكى كېرەك. تۇرمۇشتىكى، رېئاللىقتىكى نۇرغۇن ئادەم، ۋەقە، ئورۇن پروتوتىپلىرىنى يىغىنچاقلاشقا توغرا كېلىدۇ. رېئاللىقتىن ئەدەبىي مۇھىتنى بەرپا قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. بۇنىڭدا مىللەتنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى، ئۆرپ-ئادىتى، مىجەز - خۇلقى ۋە تارىخىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئويدۇرمىلارنى ئەسەردە كۆتۈرۈپ چىقىشقا بولمايدۇ. ئەسەردىكى توقۇلما رېئاللىقنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى، ئۇنىڭدىن چەتنىمەسلىكى كېرەك. ئەسەر يازغاندا رېئاللىقنىڭ جەۋھىرىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئەدەبىياتنىڭ جۇلالىق نۇرلىرىنى سېپىپ چاقنىتىش كېرەك. بۇ يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ماھارىتى، ئەدەبىي قارىشى، ئەدەبىي ئۇسلۇبى ۋە ئەدەبىي دىتىغا باغلىق.

**سوئال:** سىزنىڭ يەنە قانداق ئىجادىيەت پىلانلىرىڭىز باركىن؟

**جاۋاب:** «لېيىغان بۇلاق»نىڭ ئاخىرقى توملىرىدا ئۇرۇمچىدىكى ئوخشاش بولمىغان زىيالىيلار قاتلىمىدىكى زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۇردۇم. يەنى نەشرىيات، ئاخبارات، ئالىي مەكتەپ قاتلىمىدىكى زىيالىيلار ۋە ئىسلاھاتتىن ئىبارەت زور قىيانغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن زىيالىيلار تۇرمۇشى ئىپادىلەندى. مەن بۇ كىتابىمنىڭ ئاخىرقى ئىككى قىسمىنى يېزىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تېما قىلغان بىر رومان، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ ئىسلاھاتتىن كېيىنكى رېئاللىقنى تېما قىلغان بىر رومان يېزىش خىيالىم بار. بۇ بىر گۈزەل ئارزۇ، رېئاللىق يار بېرەمدۇ - بەرمەمدۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم.

## 10. ئوسمانجان ساۋۇت ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** سىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە شائىرلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن يېقىنقى يىللاردىن بېرىكى شېئىرىيىتىمىزگە بولغان تونۇشىڭىز قانداق؟

**جاۋاب:** بىزنىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى شېئىرىيەت قوشۇنىمىزدىن يىگىرمىگە يېقىن پېشقەدەم قەلەم ئىگىلىرى ئالەمدىن ئۆتتى. ياش شائىرلىرىمىز تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. پېشقەدەملىرىمىز بىلەن ياشلار ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈكچىلىك پەيدا بولدى. بۇنىڭ بىلەن نادىر ئەسەرلەر كەمچىل بولۇش ھادىسىسى كېلىپ چىقتى. ئىجابىي جەھەتتىن قارىغاندا شېئىرىيىتىمىز ھازىر ئىنسان روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە قاراپ يۈزلەندى. ۋەقە قوغلىشىش ئەمەلدىن قالدى. شېئىر روھىنىڭ ئىپادىلىنىشى، ھازىرقى دەۋردىكى شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسان روھىنى قېزىش. تارىخنى ئەكس ئەتتۈرۈش تارىخنىڭ ۋەزىپىسى، شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس. ۋەز - نەسىھەتمۇ شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس. شېئىرنىڭ ئۆزى ھەم ساپالىق، ھەم زامانىۋى، ھەم ئىجادىي بولۇش كېرەك. ھازىر شېئىرلارغا قويۇلۇۋاتقان تەلەپ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز شېئىرىي ئوبراز، روھىي دۇنيا، ساپ ھېسسىيات، مىللىي ئەخلاق قاتارلىقلارنى ئۆلچەم قىلىدىغان بولساق ياخشى شېئىرلار ئاز. ئوتتۇرا ھال شېئىرلار كۆپ، ناچارلىرى تېخىمۇ كۆپ چىقىدۇ. «ئەدەبىيات» دېگەن «روھىيەت» دېگەن سۆز. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى تۈۋەنلەپ كەتتى دېگەنلىك، شۇ مىللەتنىڭ روھىيىتىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكى بىلەن باراۋەر.

**سوئال:** سىز ھازىرقى شارائىتتىكى ياش شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** ھازىر يېتىشىپ چىقىۋاتقان بىر تۈركۈم ياشلار، ئىجادىيەتتە بىرقەدەر دادىل، كۆزقاراش قاتمال ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆزى ھەرىكەتچان ھەم پائالىيەتچان، ھەم ئىشلىنىش روھىغا باي، بۇ ئۇلارنىڭ ئىلغار تەرەپلىرى. لېكىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپلىرىمۇ يوق ئەمەس. يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيانقى شېئىرىيىتىمىزدە بەزى ياشلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قاراپ باقساق مىللىي ئىنكارچىلىق ۋە چەت ئەلنىڭكىگە چوقۇنۇش ئېغىر. ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىكىدە خېلى زور مەسىلىلەر بار. بىرمۇنچىلىرى تەرغىپ قىلىۋاتقان ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئۇلار ياراتقان ئەسەرلەر خەلقىمىز تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىدى. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بەزى تالانتلىق ئاپتورلىرىمىزنىڭ تالانتى، ۋاقتى ياكى ئېنېرگىيىسى ئىسراپ بولۇپ كەتتى دېيىشكە بولىدۇ.

**سوئال:** بەزىلەر ھازىر شېئىرنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتتى دەپ قارايدۇ. سىز بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** مۇئەييەن بىر ژانىرنىڭ مۇئەييەن ماكان-زاماندا ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى، ئومۇمەن تەرەققىيات جەريانىدىكى قىسمەن ھادىسە دېيىشكە بولىدۇ. ھاياتلىقنىڭ ئۆزى بىر شېئىر. شېئىرنىڭ ئۆزى ھاياتلىق بىلەن ياشايدىغان نەرسە. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ھاياتلىقلا بولىدىكەن، شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ھامان بولىدۇ.

**سوئال:** بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزدىكى تەنقىدچىلىك يېتەرلىك بولۇۋاتامدۇ؟

**جاۋاب:** يېتەرلىك ئەمەس، چۈنكى بىزدە شېئىرىيەت

تەنقىدچىلىكى دەيدىغان ھادىسە تېخى ئومۇملاشمىدى. بىزنىڭ تـەنقىـدچىلىرىمىز شائىر ئەمەس. شائىرلىرىمىز تەنقىدچى ئەمەس. شېئىرىيەت تەنقىدچىلىرى ئەسلى شائىرلار بولۇش كېرەك. چۈنكى شېئىر دېگەننى ھەربىر مىسرا، ھەر بىر سۆز، ھەتتا قاپىيە، ۋەزىنلىرىگىچە باھالاشقا توغرا كېلىدۇ. شېئىرنى بوغۇم - بوغۇملىرىدىن ئاجرىتىپ تاشلىيالىغاندىلا ئاندىن شېئىرنى ھەقىقىي باھالىغىلى بولىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر شېئىر يېزىشنى ئاسان چاغلىشى مۇمكىن. بىراق شېئىر يازماق قىيىن بىـر ئىـش. بـۇنـى بـاھالاش ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن. ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بىزدە ھازىر مەخسۇس شېئىرئوبزورچىلىرىدىن زادى كىملەر بار؟ ھېچكىم يوق. مېنىڭچە بۇ بىر ئاجىز ھالقا.

ئۆز - ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆز - ئۆزىنى ئىنكار قىلىش، ئۆز- ئۆزىدىن ۋاز كېچىش بولمىغاندا، شېئىرىيەت بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ.

**سـوئـال:** سـىزنىڭ «ئالمىدەك يۇرەكتە، ئالمىچە سۆيگۈ»، «تاك لىرىكىلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىڭىز جامائەتچىلىكنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشكەن. ھازىرمۇ بىرەر توپلام ئۈستىدە ئىشلەۋاتامسىز، قانداق؟

**جـاۋاب:** شـىنجـاڭ خـەلق نەشرىياتىدىن «تۇن تېۋىشلىرى» ناملىق توپلامىم چىقىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ. ئـۇنـىڭدىن باشقا يەنە بىر توپلامنى ئىشلەپ قويدۇم، مىللەتلەر نەشرىياتىغا بېرەيمىكىن دەيمەن.

## ئالدىن مۇشتىرى قوبۇل قىلىش ئېلانى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئىجادىيەت مەركىزى «كومپيۇتېر دۇنياسى» ژۇرنىلى، «ئۇيغۇرلار ۋە تىجارەت يولى»، «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش»، «كومپيۇتېر ۋە كەسىپ» قاتارلىق كىتابلارغا ئالدىن مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

1. «كومپيۇتېر دۇنياسى» ئۆزىنىڭ مول ۋە رەڭدار سەھىپىلىرى ئارقىلىق، ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنىنىڭ يـۇقىرى جەۋھىرى بولغان كومپيۇتېرنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، قىزىقارلىق، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ماقالىلەر ئارقىلىق كەڭ كىتابخانلارنىڭ كومپيۇتېر بىلىملىرىگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ. ژۇرنال پەسىللىك بولۇپ، ھەر سانىنىڭ باھاسى: 5 يۈەن، يىللىق مۇشتىرى ھەققى: 20 يۈەن.

2. «ئۇيغۇرلار ۋە تىجارەت يولى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «21 - ئەسىر ۋە ئۇيغۇر سودىسى» ناملىق چوڭ تېپىشكى ئەدەبىي ئاخبارات ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ باھاسى: 10 يۈەن.

3. «كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش» كەڭ ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئۈچۈن كومپيۇتېرنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدىكى ئەھمىيەتلىك مىسال، ئەمەلىي ئىشلىتىشتىكى تېخنىكىلىق ساۋاتلار، يەنى كومپيوتېرنىڭ ئائىلىدە بالا تەربىيىسى، ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقى، كومپيۇتېردا يېزىقچىلىق قىلىش، كاتىباتلىق قىلىش، كومپيۇتېردا رەسىم سىزىش، ئائىلە فوتو رەسىملىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ئائىلە ھېساباتىنى باشقۇرۇش، كومپيۇتېردا ئېلېكتىرونلۇق ئويۇنچۇق ئويناش، CD, VCD كۆرۈش، ئىنتېرنېت تورىغا كىرىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، كومپيۇتېر سېتىۋېلىش قاتارلىق بىلىملەر سۆزلىنىدۇ. باھاسى: 20 يۈەن.

4. «كومپيۇتېر ۋە كەسىپ» كومپيۇتېرنىڭ قاراتمىلىق كەسىپلەر بويىچە ئىشلىتىلىش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى، يەنى كومپيۇتېر بوغالتىرلىقى، كومپيۇتېردا خەت ئۇرۇش، بەت ياساش، مۇقاۋا لايىھىلەش، ۋىۋىسكا ئىشلەش، كومپيۇتېردا كىيىم پىچىش، كىيىم لايىھىلەش، كومپيۇتېردا قۇرۇلۇش لايىھىلەش، كومپيۇتېردا مۇزىكا ئىشلەش، كومپيۇتېردا VCD فىلىملىرىنى ئىشلەش... قاتارلىق بىلىملەر، تېخنىكىلار سۆزلىنىدۇ. باھاسى: 40 يۈەن.

5. «ئائىلە، مۇھەببەت ۋە تۇرمۇش سۇرەتلىرى» ژۇرنىلىمىزنىڭ شۇ ناملىق سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان ئەدەبىي ئاخباراتلار ئاساسىدا قايتىدىن تولۇقلاپ يېزىلغان كىتاب. باھاسى: 10 يۈەن.

يۇقىرىقى كىتابلار ئالدىن بىۋاسىتە مۇشتىرى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە تارقىتىلىدۇ.كىتابخانلارغا سېلىنمايدۇ. كوللېكتىپ مۇشتىرى بولغۇچىلارغا (50 تىن يۇقىرى بولسا) % 30 ئېتىبار باھادا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يۇقىرىقى كىتابلارنىڭ سانى چەكلىك، ئالدىن زاكاز قوبۇل قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەڭ!

**ئالاقىلاشقۇچىلار:** ئىمىرھەسەن، ئەزىزى

**ئالاقىلىشىش ئادرېسى:** جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - قورۇ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

**تېلېفون:** (0991) 2818897

«كومپيۇتېر دۇنياسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى. **تېلېفون:** (0991) 2839871

www.uyghurkitap.com



# مىكروسوفت ھوقۇق بەرگەن تەربىيلەش مەركىزى
# Microsoft Authorized Training Center (ATC)
# ئۇيغۇرسوفت كومپيۇتېر كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى

ئەسسالام كومپيۇتېر ھەۋەسكارى:

خەلقئارادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان مىكروسوفت (Microsoft) شىركىتىنىڭ كومپيۇتېر لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىنى ئېلىشنى خالامسىز؟

سىز قىسقا مۇددەت ئىچىدە كومپيۇتېردىن ئەڭ يېڭى بىلىم، ئەمەلىي تېخنىكا ۋە ھەقىقىي ماھارەت ئىگىلەپ يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىشنى ئويلامسىز؟

يېقىندا ئۇيغۇرسوفت (ئۇيغۇرچە يۇمشاق دېتال — Uighursoft) كومپيۇتېر شىركىتى بىلەن ئامېرىكا مىكروسوفت (مىكرو يۇمشاق دېتال — Microsoft) شىركىتى ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئۈرۈمچىدە خەلقئارادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان مىكروسوفت شىركىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق تەربىيلەش مەركىزى (Microsoft Authorized Training Center.) نى قۇردى.

بۇ تەربىيلەش مەركىزى پۈتۈنلەي مىكروسوفت شىركىتى ئېتىراپ قىلغان كومپيۇتېر تەجرىبىخانىسى ۋە ياش قابىلىيەتلىك ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، پۈتۈنلەي ئەسلى نەشرىدىكى يۇمشاق دېتاللار ۋە بىر يۈرۈش ئۆلچەملىك كىتاب - ماتېرىيال ئىشلىتىلىدۇ. ئاممباب تىل بىلەن ھازىرقى جەمئىيەتتە كەڭ قوللىنىۋاتقان كومپيۇتېردىكى يېڭى بىلىملەر، ئەمەلىي تېخنىكا ۋە ئەمەلىي ماھارەت سۆزلىنىدۇ.

تەربىيلەش مۇددىتى ۋە كۇرس تۈرلىرى:

خەلقئارالىق كومپيۇتېر لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلىدىغان كۇرسلار:

(1) Microsoft Win' 95 , Win' 98 , Windows' 2000 نى ئىشلىتىش.
(2) Microsoft Office ' 2000 نى ئىشلىتىش.
(3) Microsoft Visual Basic6 .0& Visual C++6 .0 پروگرامما تۈزۈش.
(4) Microsoft Windows NT ۋە TCP / IP تورىنى ئىشلىتىش.
(5) Internet (ئىنتېرنېت) تورى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرسوفت ئۇيۇشتۇرغان كەسپىي كۇرسلاردىن:

(1) كومپيۇتېر ئارقىلىق VCD ۋە MTV ئىشلەش.
(2) كومپيۇتېر ئارقىلىق مۇقاۋا ۋە ھەر خىل ئېلانلارنى ئىشلەش.
(3) كومپيۇتېر قۇراشتۇرۇش ئەمەلىي تېخنىكىلىرى.
(4) ئۇيغۇرسوفت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلىتىش.
(5) كومپيۇتېر رېمونتچىلىقى.

كەڭ كومپيۇتېر ھەۋەسكارلىرىغا قۇلايلىق بولۇش ئۈچۈن، كۇرس بىر كۈنلۈك، قوش دەم ئېلىش كۈنلۈك، ئۈچ كۈنلۈك، بىر ھەپتىلىك، بىر ئايلىق ۋە ئۈچ ئايلىق بولۇپ، كۇرسانتلار پۈتۈنلەي دەرس مەزمۇنى ۋە دەرس ۋاقتىنى ئۆزى ئىختىيارى تاللايدۇ ھەمم بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. خالىغان ۋاقىتتا كېلىپ تىزىملىتىشقا بولىدۇ. بىرىنچى قاراردا ئۆگىنەلمىگەنلەر كېيىنكى قاراردا قايتا ھەقسىز ئۆگەنسە بولىدۇ.


پەن - مائارىپ ئورۇنلىرىغا، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا، مېيىپ ۋە ئاجىزلارغا باھادا 30% ئېتىبار قىلىنىدۇ. كۇرسانتلار بىردەك بىر سۈرەتلۈك رەسىم ۋە كىملىكنى ئېلىپ كېلىپ تىزىملىتىدۇ.

كۇرس ئاخىرىدا ئۇيغۇرسوفت شىركىتىنىڭ دەرس تاماملاش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ ۋە مىكروسوفت شىركىتىنىڭ كومپيۇتېر ئارقىلىق ئېلىنىدىغان بىر يۈرۈش ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇلىدۇ. لاياقەتلىك بولغانلارغا خەلقئارادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان مىكروسوفت شىركىتىنىڭ كومپيۇتېر لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. لاياقەتسىز بولۇپ قالسا بىرنەچچە قېتىم قايتا قاتنىشىش پۇرستى بېرىلىدۇ (قايتا ھەق ئېلىنمايدۇ). كۇرسانتلارنى مۇۋاپىق خىزمەتكە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

بىزنىڭ مەقسىتىمىز: ئۇيغۇر سوفتنىڭ خەلقئارا دەرىجىلىك كومپيۇتېر تەربىيلەش مەركىزى ئارقىلىق كەڭ كومپيۇتېر ھەۋەسكارلىرىغا ھەقىقىي بىلىم، ئەمەلىي تېخنىكا ۋە ماھارەت ئۆگىتىش، شۇ ئارقىلىق كەسكىن رىقابەتتە تولغان 21 - ئەسىرگە ئورتاق قەدەم بىلەن يۈرۈش قىلىش.

**ئالاقىلىشىش ئادرېسى:** ئۈرۈمچى قىزىل بايراق يولى كومپيۇتېر بازىرى 4 - قەۋەت 4319 - نومۇر (ئۇيغۇرسوفت كومپيۇتېر شىركىتى)
**تېلېفون:** (0991) 2839871
**ئېلېكترونلۇق خەت:** ahat@mail .wl .xj .cn

# ... ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى




ئىدارە رەھبەرلىرى مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە.



گېزىت - ژۇرنال باشقارمىسى



ئوقۇش- تەكشۈرۈش باشقارمىسى




تارقىتىش باشقارمىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
...ۇتۇن ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشقا مەسئۇل
...ورگىنى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا دائىر نىزام ۋە چارىلەرنى
...ۈزۈش، ئاخبارات - نەشرىيات كەسپىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى، ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشتۇرۇش لايىھىسى
ۋە تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇش، ئالاقىدار تارماقلار
...بىلەن بىرلىكتە نەشر بۇيۇملىرى بازارلىرىنى باشقۇرۇش، كىتاب، گېزىت، ژۇرنال بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش،
...ېنىقلاش، كىتاب، گېزىت، ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش، نازارەتچىلىك قىلىش، باھالاش، مۇكاپاتلاشنى
...ۇيۇشتۇرۇش، كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى نەشر قىلىش خىزمىتى ۋە ئاپتورلۇق ھوقۇقى
...خىزمىتىنى باشقۇرۇش، ئاخبارات - نەشرىيات سىستېمىسىدىكى خادىملارنى تەربىيىلەش، ئاخبارات - نەشرىيات -
...چىلىق كەسپىنىڭ تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالغان.


# ش ئۇ ئا ر ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى




كىتاب (ئون- سىن) باشقارمىسى



مەتبەئە باشقارمىسى




ئىدارە خىزمەت بىناسى



نەشر ھوقوقى باشقارمىسى

标准刊号ISSN1004-1745　国内统一刊号CN65-1012/I　邮发代号58-83　零售价4.40

www.uyghurkitap.com